# جەزبىدار گۈلدەستىلەر

# 10

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# جەزبدار گۈلدەستىلەر

ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدا ئون
يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن تاللانما

ئىدرىس بارات باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一束束绚丽的花朵:维文/伊德里斯.巴拉提主编.
—北京:民族出版社,1998.5

ISBN 7—105—03028—3

I.一…II.伊…III.少数民族文学—作品集—中国—
维吾尔族—维吾尔族(中国少数民族语言) IV.1291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(98)第 02596 号

**一束束绚丽的花朵**

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013)

民族出版社微机照排 民族印刷厂印刷

各地新华书店经销

1998 年 4 月北京第 1 版 1998 年 4 月北京第 1 次印刷

开本:787×1092 毫米 1/36 印张:11.25

印数:0001—5100 册 定价:11.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد (سولدىن 2 ـ كىشى) ئىدارىمىز رەھبەرلىرى بىلەن بىللە.

ئوڭدىن 2 ـ كىشى لى جىنچى (مىياۋزۇ): ۋاقىتلىق پارتكوم شۇجىسى، نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر.

سولدىن 1 ـ كىشى ئىدرىس بارات: ۋاقىتلىق پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر قوشۇمچە شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرى، ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى.

ئوڭدىن 1 ـ كىشى جاڭ دېيەن (موڭغۇل): مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى.

# تۇزگۇچىدىن

ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 1988 -يىلى 10-ئايدا بېيجىڭدا دۇنياغا كۆز ئاچقان بولۇپ، 1998-يىلى 10-ئايدا دۇنياغا كەلگىنىگە توپ-توغرا ئون يىل بولىدۇ. بۇ ئون يىل جەريانىدا، ژۇرنىلىمىز تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، يۈز مىڭلى-غان ئىخلاسمەن ئوقۇرمەننى ۋە يۈزلىگەن ئىقتىدار-لىق ئاپتورنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. 1000 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەر ۋە ماقالە ئېلان قىلدى. ژۇرنىلىمىز نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمى-ىزنىڭ 1991-يىل 2-سانىدىن 1997-يىل 4- سانى-غىچە بولغان سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدىن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مەركى-زىي تېما قىلغان 40 نەچچە پارچە ماقالە، شېئىر، نەسىر، ئوبزور ۋە تەرىمىلەرنى تالال‍اپ توپلام قىلىپ نەشىر قىلدۇق.

بۇ توپلامغا دۆلەت كومېسسارى، دۆلەت مىللەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ

كىتاب ۋە كىتابخان ھەققىدە ئويلار
........................ مەخمۇت مۇھەممەت (65)
مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ بولغاندا
............................ جاپپار قاسىم (86)
زەئىپ تەن، چۈشكۈن روھ
........................ ئابلىكىم ئابلىمىت (96)
«مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ بولغاندا» ۋە
«زەئىپ تەن، چۈشكۈن روھ» دېگەن
ماقالىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن
........................ نەسىردىن نىياز (118)
"يىپەك يولى"نىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە "تۆگە
قوشى" روھى
.......... ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (124)
بىز مۇشۇنداق ئانىمۇ؟
........................ پەرىلەت ئىسرائىل (130)
مودا ۋە ھەشەم-پەشەملىرىمىز ھەققىدە پاراڭ
.......... خەلىپە ساۋۇت (قىرغىز) (148)
«نىمىسلار ھەققىدە پاراڭ» غا يانداشما پاراڭلار
........................ ئەلسۆيەر (164)



يەنبيەندە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم
........................ مۇختار قادىر (170)
"شۇكۇر قىلىش" بىزگە مەنىۋى يۈك بولۇپ
قالمىسۇن.......... مۇھەممەت تۇداجى (182)

## گۈلدەستە

ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم ...... روزى سايىت (187)
يۈرەكنى غاجايدۇ تىنىمسىز ئويلار
.............................. ۋارىسجان قاسىم (198)
خوراپات .......... مۇھەممەتجان راشىدىن (213)
ناشۈكۈر خىياللار .......... ئەخمەت ئىمىن (216)
خالاستان .......... ئىبراھىم ئالىپ تېكىن (227)
بەخت تىلەش ...... توختىتۆمۈر روزىنىياز (238)
نورۇز ھەققىدە رىۋايەت
.............................. دىلنۇر ئابلىز (248)

## جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر

ئادەم مەڭگۈ تونۇغۇنكى كۈندە ياشاۋەر-
مەسلىكى كېرەك ............................ (254)
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلار ھازىرلىغان 12

خىل سۆھبەت ........ (256)

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ 15 تۈرلۈك "ئال-
تۇن تېئورېمىسى" ........ (261)

13 خىل ئېسىل پەزىلەت ........ (267)

پۇل توغرىسىدىكى 15 ئەقلىيە سۆز
........ (271)

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ پرىنسىپى
........ (274)

زامانىمىزدىكى بىر دادىنىڭ ئوغلىغا قىلغان
نەسىھىتى ........ (275)

ئۆزۈڭ ياسىغان تۈرمىنى ئۆزۈڭ بۇز ........ (280)

ھىندىرا گەندىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ........ (281)

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى 12 خىل كاتتا بايلىق
........ (282)

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى "تۆت تەمە قىلماسلىق"
........ (285)

قىزىقارلىق ئۆزۈندىلەر ........ (285)

ھەرخىل پەن ئالىملىرىنىڭ ئادەم ھەققىدىكى
تەبىرى ........ (286)

سەۋر-تاقەت قىلىش=غوم ساقلاش، ئەپۇ
قىلىش= قورساقنى كەڭ تۇتۇش ........ (288)

كىم ئەڭ چوڭ ........ (289)

تېپىلىش ۋە ئۆرلەش ........ (291)





ياۋا توڭگۇز پەلسەپىسى ........ (292)

ھارۋا ئىتتىرىش ........ (293)

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆمۈرۋايەت ئەسقاتىدىغان
ئالتە پەلسەپىۋى مىزان ........ (295)


## ئوقۇرمەنلەر ساداسى


ژۇرنال ھەققىدە ئىككە كەلىمە سۆز
ئەخمەت ئىمىن ........ (298)

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ۋە مەن
ئەخەت ھاشىم ........ (302)

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى—مىللەت-
لەرنىڭ گۈلىستانى
ئابدۇركېرىم راخمان ........ (315)

بىر "ھەممىدىن ياخشىسى" —سىلەرنى—
«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى
تاللىدۇق........ روزى سايىت
ئابدۇللا سۇلايمان
ئابدۇرېھىم زۇنۇن
نۇرمۇھەممەت توختى (337)

«گۈلدەستە» گە بىر نەزەر
ئابدۇرېھىم زۇنۇن ........ (343)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تىرىشايلى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق غايىسى ئۈچۈن

ئىسمايىل ئەھمەد

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىقتىساد، مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇزاق مۇددەت قوش نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلگەنىدى. بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جۇڭخۇا زېمىنىدا جەۋلان قىلغاندىن كېيىن، تارىختا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى، زور بىر تۈركۈم ھەر مىللەت ياشلىرى زىيالىيلار سېپىگە كىردى. ھازىر يىلىغا 30 مىڭدىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىدۇ، مەملىكىتىمىزدە مىليون كىشىلىك ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلار قوشۇنى بار، ھازىر ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ زىيالىيلار قوشۇنىغا ئىگە بولدى. بۇ ھال دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىنى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە بىرلىكتە ئىلگىرىلەۋاتقان قىياپىتى-

نى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

1 مىليون سان ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن ئاز ئەمەس، لېكىن ئومۇمىي ئاھالىسى 91 مىليون 200 مىڭدىن ئاشىدىغان 55 ئاز سانلىق مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنى دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى كۈرەش قىلىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ھەرگىزمۇ كۆپ دېگىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرى مىللەتلەر بىرلىكتە تەرەققىي قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان دەۋردۇر. بۇنداق تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سۈپىتى (ئاساسلىقى ئىدىيە، ئەخلاقىي سۈپىتى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتى) نىڭ ئۆسۈشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كادىرلار قوشۇنى، سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنى ۋە زىيالىيلار قوشۇنىدىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇنى بولۇشى كېرەك، سان جەھەتتىن كۆپرەك زىيالىيلار قوشۇنىغا ئىگە بولۇش بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ زىيالىيلار قوشۇنى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئالغا بېسىشى قىيىن بولىدۇ، بولۇپمۇ



ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە تېخىمۇ شۇنداق. دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى تۇرغۇزۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە موھتاجمىز. ئەمما نۇرغۇن جەھەتلەردە ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئوينىغان رولىنى باشقا مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئوينىيالىشى ناتايىن. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇڭا بىز ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلار قوشۇنى كۆپرەك بولۇشى كېرەك، تېخىمۇ كۆپرەك بولۇشى كېرەك، دەپ ئېيتىشقا تولۇق ھەقلىقمىز.

ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈش مۇھىم، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى قوشۇنىمىز ھەم ئىشىنىشكە، ھەم تايىنىشقا بولىدىغان قوشۇن، ئۆچمەس تۆھپە كۆرسەتكەن شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە قوشۇن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ئاز سانلىق

مىللەت زىيالىيلىرى پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ،
ئورغاق-بولقىلىق بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەتەر-
لىك ئىستېھكاملارغا قاراپ باتۇرلارچە ئىلگىرىلەپ،
جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلى-
رى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ھەر
مىللەت زىيالىيلىرى سوتسىيالىزم ئىشلىرى داۋامىدا
گۈزەل ئەقىدە بىلەن ئالىي غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ،
ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، توختىماي كۈرەش قى-
لىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش شارائى-
تىمۇ، خىزمەت شارائىتىمۇ بىرقەدەر جاپالىق را-
يونلاردا ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئېگىز تاغ-چوققىلاردا،
چۆل-جەزىرىلەردە، يايلاقلار ۋە قارلىق داللاردا نۇر
چاقناپ تۇرىدىغان ئىزلارنى قالدۇردى. شۇنداق ئېي-
تىشقا بولىدۇكى، قەيەر ئەڭ چۆل، ئەڭ چەت، ئەڭ
جاپالىق بولسا، شۇ يەردە ئاز سانلىق مىللەت زىيالىي-
لىرىنىڭ قەددى-قامىتى پەيدا بولدى. ئىختىساسلىق
كىشىلەر جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ھەم ئىختى-
ساسلىق كىشىلەر كەمچىل بولۇۋاتقان چېگرا رايون-
لاردا، ئۇلارنىڭ گويا چۆل-جەزىرىدىكى سۈزۈك بۇ-
لاقتەك، بوراندىكى چىناردەك مۇھىم ئىكەنلىكى ناما-
يان بولدى. ئۇلار جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ئېسىل
خىسلىتىنى ئىپادىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىز-
زەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. كۆرسىتىپ ئۆتۈش-



كە تېگىشلىكى شۇكى، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت
زىيالىيلىرى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، تۇرلۇك چې-
گىش-مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا، بوران-چاپقۇنلار
ئىچىدە، ھەق-ناھەقنى ئېنىق پەرق ئېتىپ، توغرا
مەيداندا چىڭ تۇرۇپ كەلدى، بولۇپمۇ ئۇلار ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرى-
مىزگە مەنسۇپ، ئۇلۇغ دۆلىتىمىزگە مەنسۇپ، لې-
كىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مىللىتىنىڭ تامغىسى بار.
دېمەك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى-
دا ھەم پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىگە ئورتاق بولغان
خۇسۇسىيەت ۋە ئارتۇقچىلىق بار، ھەم ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىكىمۇ بار. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت زىيا-
لىيلىرىنى تېخىمۇ بەكرەك ئاسراش، چۈشىنىش ۋە
ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. دەۋر تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئې-
ڭى، دېموكراتىيە ئېڭى كۈچەيدى، ئۇلار ئۆز مىللى-
تىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بول-
دى، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى تېخىمۇ شۇن-
داق. شۇڭا ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى، ئار-
زۇسىنى ۋە تەلىپىنى تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئەكس
ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا پىكىرلىرىنى، تەكلىپلىرىنى ۋە

تەنقىدلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىنى
چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش،
ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ پىكىرلى-
رىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىش كېرەك. دەرۋەقە،
ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى پىكىر ۋە تەلەپلەرنى
ئىنكاس قىلغاندا ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇشى، يىراق
كەلگۈسىنى نەزەرگە ئېلىشى، ئۇسۇلغا دىققەت قىلى-
شى كېرەك. ئولتۇراقلاشقان جاي، مىللەتنىڭ پسى-
خولوگىيىسى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى جەھەتتى-
كى پەرق تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلى-
رىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان بەزى ئالاھىدە
ئېھتىياجى ۋە قىيىنچىلىقلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ-
نى چۈشىنىش ھەمدە ئىمكان قەدەر ھەل قىلىپ بې-
رىش كېرەك.

تارىخ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا ئېغىر
ۋەزىپىنى يۈكلىدى. دەۋرىمىز ئاز سانلىق مىللەت
زىيالىيلىرىغا ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان
كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدىكى
ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق غايە— زامانىۋىلاشقان دۆ-
لەت قۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى زىيالىيلارغا موھتاج، زىيا-
لىيلارمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا موھتاج. زا-
مانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ



ئورتاق مەنپەئىتى، شۇنداقلا ھەر قايسى مىللەتلەرنى
بىرلىكتە گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى. ئاز سانلىق
مىللەت زىيالىيلىرى روھنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ
كۈرەش قىلىشى، ئىلگىرىكىلەر قىلىپ باقمىغان بۇ
ئۇلۇغۋار ئىش داۋامىدا تۆھپە يارىتىشى كېرەك.

بىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق غايىسىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقىنىمىزدا،
ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ،
ۋەتەن، مىللەت ۋە شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت-
نى توغرا تونۇشىمىز ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز
كېرەك. زىيالىيلار ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ، لېكىن
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قارىغاندا، ئۇلار ئۆز ۋەتىنىگە مەن-
سۇپ، بىز ئۆز مىللىتىمىزنى سۆيۈشىمىز كېرەك،
ئەمما سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ بەك سۆ-
يۈشىمىز كېرەك. چۈنكى ۋەتەن ھەممە مىللەتنىڭ
ئورتاق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، مىللەت بى-
لەن دۆلەت ئىلگىرىلەشتىمۇ، چېكىنىشتىمۇ، شەرەپ-
تىمۇ، نومۇستىمۇ تەقدىرداش بولىدۇ. دۆلەت قۇد-
رەت تاپقاندىلا، مىللەتلەر گۈللىنەلەيدۇ، شەخسلەرمۇ
مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. ھەرقانداق زامان ۋە ھەر-
قانداق ماكاندا ۋەتەننىڭ مەنپەئىتى ھەممىدىن يۇقىرى
تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم.

مەيلى ئىلگىرى، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇن، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقى —مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. ئەمەلىيەت ئاللىقاچان ئىس-پاتلىغانكى، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ بىر-لىككە كەلگەن چوڭ ئائىلىسىدىلا ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە قەدىر-قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ ھەم تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلالايدۇ، ئالغا باسالايدۇ. بىزنىڭ زىيالىي-لىرىمىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاق-لىقىنى قوغداش كۈرىشىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. بىز بۇ قانۇنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلى-شىمىز كېرەك. ھەر مىللەت زىيالىيلىرى بىر-بىرى-گە ھۆرمەت قىلىپ، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، سەمى-مىي ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ساداقىتى، ئەقى-دىسى ۋە بىلىمىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئى-شىغا بېغىشلىشىمىز، ۋەتەنگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈ-شىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھ-كەملىشىمىز كېرەك.



# ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەيلى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ
دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى
چېن خۇڭ

**ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھ-مىيەت بېرىش**

1993-يىلى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆ-لۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىش-تۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى بويىچە سۆھ-بەت يىغىنى چاقىرغانىدى. بۇ قېتىملىق يىغىن ناھا-يىتى ياخشى ئېچىلدى، يولداش خۇجىنتاۋ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى، يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كې-

يىمىن بىر ھۆججەت ھاسىل قىلىندى. يىغىن روھىغا ئاساسەن ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى جەھەتتە جايلار مول تەجرىبىلەرنى جۇغلاپ، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ئالغا سۈردى.

پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەسىلىسىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ماۋجۇشى ئەينى چاغدىلا: "ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىزمچى كادىرلار بولماي تۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس" دېگەن دانا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جۇڭگو سوتسىيالىزمى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تارىخى ماۋجۇشىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسىگە، شۇنىڭدەك پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلاندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىمۇ نۇرغۇن دانا بايانلىرى بار. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ھەققىدە بىر يۈرۈش بايانلىرى ۋە تەلەپلىرى بار.



دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىمىزنى 56 مىللەت ئورتاق ياراتقان؛ بىزنىڭ بىپايان جۇڭگو زېمىنىمىزنى 56 مىللەت ئورتاق بىرلىكتە ئاچقان، بىرلىكتە قوغدىغان؛ يېڭى جۇڭگونىڭ بۈگۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 56 مىللەت بىرلىكتە ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق قولغا كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدىكى ھەربىر ئۇتۇقىمىزغىمۇ 56 مىللەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورتاق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىمۇ 56 مىللەت

ئورتاق تىرىشماقتا، ئورتاق قۇرۇلۇش ئېلىپ بارماقتا. بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى قېرىنداشلارچە زىچ ھەمكارلىشىپ، نەتىجىلەرنى بىرلىكتە ياراتتى. ئورتاق تەرەققىي قىلدى، ئورتاق ئالغا باستى. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان ئۇلۇغ رولىنى جارى قىلدۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا كۆپ مىللەت بىرلىكتە قۇرۇپ چىققان پارتىيە ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋەكىلى بار ئىدى. پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىز ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بار ئىدى. ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان رەھبىرىي كادىرلار تېخىمۇ كۆپ. دېمەك، بىزنىڭ ھەربىر ئىنقىلابىي تارىخىي دەۋرىمىزدىكى ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى باشقىلار



ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. نۆۋەتتە، خەلقئارادا مىللىي مەسىلە قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلار مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقتىن، رايونلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولىدىغان، دۆلەت پارچىلىنىدىغان، ئىجتىمائىي تۈزۈمدە كەسكىن ئۆزگىرىش پەيدا بولىدىغان ئىشلار يۈز بەردى. دۈشمەن كۈچلەر جۇڭگونىڭ باي-قۇدرەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئۇلار يولغا قويۇۋاتقان ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“ سىياسىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاسىتە مىللىي-دىنىي نام بىلەن مەملىكىتىمىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق خەلقئارالىق مۇھىتتا مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئۈم-ئىتتىپاق بولدى، ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ روناق تاپتى، بۇ ئەھۋال خەلقئارادىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىندى. نېمە ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاق بولالىدى، ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ روناق تاپالىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى توغرا بولدى، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا تولۇق



www.uyghurkitap.com

ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش دۆلىتىمىز مىللىي سى-
ياسىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلى-
نىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مۇنەۋۋەر ئىخ-
تىساسلىق خادىملار بار، زور تۈركۈمدىكى ئىختى-
ساسلىق خادىملار بايلىقمۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا.
ئۇلار پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق، سوتسىيالىستىك
ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىدۇ، ھەر مىللەت قېرىن-
داشلىرىنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىزنى
قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ
چىقىشتا كۈچلۈك ئېتىقادى ۋە ئارزۇسى بار. ئۇلار
ناھايىتى ئەقىللىق، ناھايىتى تىرىشچان، ئېغىر ۋەزى-
پىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدۇ. سوتسىيالىستىك زا-
مانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىزدىن ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ
كۈچ سەرپ قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. تارىختا ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئېزىلىشكە ئۇچرىغانلىقتىن ۋە
چەت-ياقا رايونلارغا توپلىشىپ ئولتۇرغانلىقتىن،
قاتناش ئىشلىرى قالاق، مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىز-
راق، شۇڭا، نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى-
غا بولغان ياردەمنى كۈچەيتىشىمىز، ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىشىمىز
كېرەك، بۇ تارىخنىڭ ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ ئېھتىيا-
جى، ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا پۈتكۈل مىل-



لەتنىڭ ئېھتىياجى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى
يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى مۇنا-
سىپ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ بىر
تۈرلۈك كونكرېت كادىرلار خىزمىتى، كادىرلار خىز-
مىتى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر خىزمەت، ئالاھىدە مۇ-
ھىم بىر خىزمەت.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي
يىغىنىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەسىر ھالقىيدىغان قۇ-
رۇلۇش قىلىنىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى
ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.
يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن يۇقىرى ساپالىق
كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم سۆز
قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت كا-
دىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىز-
مىتىمىز ئۈچۈن يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز
مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدىكىلەر ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش
خىزمىتىنى ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت ۋە
باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپە قىلىپ ئىشلىشىمىز،
شۇنداقلا تەشكىلات تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ، بىر-
لىك سەپ تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە
ياخشى ئىشلەيدىغان مۇھىم ۋەزىپە قىلىشىمىز لازىم.
شۇڭا، بىز بۇ خىزمەت ھەققىدە تولۇق تونۇشقا ئىگە

www.uyghurkitap.com

بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. يەنە بىزدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىمۇ بولۇشى كېرەك.

## يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش

باش شۇجى جياڭ زېمىن «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىينى تەكىتلىشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە ۋە پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە پۈتۈن پارتىيە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىمىز پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇش خىزمىتى چوقۇم باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش تەلىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

بىرىنچي، مۇستەھكەم كوممۇنىستىك دۇنيا قارىشى، مۇستەھكەم سىياسىي مەۋقەسى، ئېنىق سىياسىي يۆنىلىشى بولۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى



بىلەن بىردەكلىكنى قەتئىي ساقلىشى كېرەك. بۇ — باش شۇجىنىڭ پۈتۈن پارتىيە كادىرلىرىغا قويغان تەلىپى، بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ ھەرگىز بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈشتىن باشقا يەنە كونكرېتلاشتۇرۇش مەسىلىسىمۇ بار. بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كوممۇنىستىك دۇنيا قاراشنى تىكلەش داۋامىدا، ئالدى بىلەن ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەشنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز لازىم.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى دېگىنىمىز مىللىي مەسىلىگە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1992-يىلى مەركىزىي كومىتېت چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: مىللىي مەسىلە سوتسىيالىزم ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر، دەپ مۇپەسسەل بايان قىلغانىدى. مىللەت نەزەرىيىسى جەھەتتە، باش شۇجى جياڭ زېمىن 12 جەھەتتىن مىسال كەلتۈردى. شۇڭا، بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جۇڭگونىڭ

مىللىي مەسىلىدىكى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن توغرا بولغان مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىكى نېگىزلىك مەسىلە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت. ئاساسىي قانۇنىمىزدا بەلگىلەنگەن سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىكى يادرو يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان.

بىر قېتىم بىرنەچچە يولداش بىلەن سۆھبەتلەشكەن چېغىمدا، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر كادىر: بىرىنچىدىن، مەن كوممۇنىستمەن، ئىككىنچىدىن، دۆلەت خىزمەتچىسىمەن، ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرىمەن. شۇڭا ئالدى بىلەن ئەڭ ئاساسلىقى مەن كوممۇنىست بولغىنىم ئۈچۈن پارتىيىنىڭ مەقسىتى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك؛ مەن دۆلەت خىزمەتچىسىمەن، جەزمەن دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ نىزامى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا مەن ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان كادىرمەن، مەسىلىلەرنى ئويلىغان ۋە بىرتەرەپ قىلغاندا، ئۆز مىللىتىمگىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئاساس قىلىشىم لازىم دەپ ئىنتايىن ياخ-



شى ئېيتقانىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى، مەن بىر ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان، لېكىن مەن پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، پارتىيىنىڭ تەربىيىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولالىدىم، ئۇنداق بولمىغاندا، ھېلىھەم قۇل بولغان بولاتتىم. بۇ گەپلەرنى بىر زاڭزۇ كادىر قىلغانىدى. بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمىزنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئىككىنچى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ كادىرلارغا قويغان بەش شەرتكە ئاساسلانغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئالدىدا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تېخىمۇ جىددىي بىر ۋەزىپە تۇرماقتا. ماركسىزملىق نەزەرىيىنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشى، تارىخىي بىلىملەرنى، ئىقتىسادنى، باشقۇرۇشنى، تېخنىكىنى، كەسىپنى ئۆگىنىشى ھەمدە كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىپ، ئۆز خىزمىتىدىكى كەسىپ ماھىرلىرىدىن بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك بازار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىگىلىكىنىڭ بىزدىن كۈتكەن تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. رەھبىرىي كادىر بولغۇچىنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشقىمۇ ھەرگىز بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىگە تاكامۇل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ھېچقانداق بىر ئىشقىمۇ كامىل ئەمەسلەردىن بولۇپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار جەزمەن بىرەر تۈرنى بولسىمۇ پىششىق بىلىشى لازىم، قانداق قىلغاندا پىششىق بىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ سۇ كۆپەيسە پاراخوت كۆتۈرىلىدۇ، بىلىم دائىرىسى كەڭرى، نەزەرىيىۋى ئاساسى پۇختا بولۇشى كېرەك. ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئاساسىي بىلىم ھەققىدىكى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئۆگىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كەسپىكىمۇ قېتىرقىنىپ بېرىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقىلى بولىدۇ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقىلى، ئاممىنىڭ رەھبىرىي كادىرلاردىن كۈتكەن تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، ئېگىز دەرەك تۇرالايمىز، يىراقنى كۆرەلەيمىز،



مەسىلىلەرنى بۇرۇنراق، ئەتراپلىقراق ئويلىيالايمىز، ئىشلارنى ئوبدانراق قىلالايمىز. شۇنداق قىلغاندىلا كەڭ ئاممىنىڭ خىزمەت ۋە قۇرۇلۇشىغا باشلامچىلىق قىلىش سالاھىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايمىز. ئۇنداق بولماي، باشقىلارنىڭ، ئاممىنىڭ كەينىدە قالساق، قانداقمۇ ئاممىغا باشلامچى بولالايمىز؟ ئاممىنى قانداقمۇ يېتەكلىيەلەيمىز؟ ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرىدىغان قابىلىيەتكە قانداقمۇ ئىگە بولالايمىز؟ ئۇ ھالدا بىز ئۇيۇشۇش كۈچىدىن، جەلپ قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالىمىز، چاقىرىق قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالىمىز. نەتىجىدە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قالىمىز. دەرۋەقە، بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، خەنزۇ كادىرلىرىمىز ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خەنزۇ كادىرلار ئۆزىمىزگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشىمىز، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تېخىمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلار بىلەن زىچ ئىنتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر.

ئۈچىنچى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بەش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى

ئاربسىدا كەسپنى قەدىرلەشكە، پاك بولۇشقا، تىرى-
شىپ ئىشلەشكە تېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.
بۇ مەسىلە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن
ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر
كونكرېت ئوبيېكتنى چىقىش قىلغىنىمىزدا مۇئەييەن
ئۆزگىچىلىككە ئىگىدۇر. هازىر مەركىزىي كومىتېت
ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى پەيدىنپەي
غەربىي رايونغا يۆتكەش ھەققىدە مۇھىم قارار چىقى-
رىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە كونا ئىن-
قىلابىي تايانچ بازىلارغا ياردەم بېرىشنى گەۋدىلەندۈر-
دى، ۋەھالەنكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى
ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغاچقا،
كادىرلىرىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاپا-مۇشەققەت-
كە چىداپ كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن تېزرەك
قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە باش-
لامچىلىق قىلىشىغا تېخىمۇ موھتاج. شۇڭا بىز خەلق
ئاممىسىنى قەلبىمىزگە تېخىمۇ چىڭ پۈكۈپ، ھەقى-
قىي رەۋىشتە خەلقنىڭ چاكىرى بولۇپ، خەلق ئويلى-
غاننى ئويلاپ، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، خەلق
ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز لازىم. خەلق ئاممى-
سىغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسىنى ھەقىقىي رەۋىش-
تە ئىش بېجىرىش، قارار چىقىرىش ۋە مەسىلىلەرنى
مۇھاكىمە قىلىشىمىزدىكى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى-



مىز لازىم.
شۇنداق قىلغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلى-
رىدىكى خىزمىتىمىزدە پۇت تىرەپ تۇرالايمىز، كى-
شىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلالايمىز، ھەقىقىي يو-
سۇندا كۆڭ فەنسېنگە ئوخشاش جان-دىلىمىز بىلەن
ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايمىز.
ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىمىزدىكى ئاممىنىڭ
تۇرمۇشى ئارقىدىراق بولغاچقا، بىز شەخسىي تۇر-
مۇش جەھەتتە تېخىمۇ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈ-
رەش قىلىدىغان بولۇشىمىز، تېخىمۇ تېجەشلىك بولۇ-
شىمىز كېرەك، ئىسراپچىلىق قىلىپ، بۇزۇپ-چې-
چىشىمىزغا بولمايدۇ، يالغانچىلىق، ساختىلىق قى-
لىپ، يۇقىرىنىڭ كۆزىنى بوياپ، تۆۋەننى ئالدايدى-
غان ئىشلارنى قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى،
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەسىلىسىدە باش شۇ-
جىنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك تىرىشچان ۋە پاك بولۇش
ئىنتايىن رېئال ۋە ئىنتايىن مۇھىمدۇر.
يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار
قوشۇنىنى قۇرۇشتا باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە
ئىتتىپاقلىقنى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەسىلىسى-
مۇ بار. مەملىكىتىمىزدە ئالدىنقى قېتىم نوپۇس ئې-
نىقلاشتا ئىسپاتلىنىشىچە، ناھىيە بىرلىك قىلىنغان-
دا، ھەربىر ناھىيە ئىككىدىن ئارتۇق مىللەت ئاھالى-

سىدىن تەركىب تاپقان. دېمەك، مەملىكىتىمىزنىڭ
ھەممە جايىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى بار،
ھەرقايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان مىللەتلەرنىڭ
ئۆزئارا ھەمكارلىشىش مەسىلىسى بار. شۇڭلاشقا،
ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان كا-
دىرلارنىڭ ھەمكارلىشىشى، ئىتتىپاق ئۆتۈشى تۇر-
لۇك خىزمەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىشى ۋە غە-
لىبە قازىنىشىنىڭ تۇپ كاپالىتى. ئاز سانلىق مىللەت-
لەر رايونلىرىدا ھەرقايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىق-
قان كادىرلار بار بولۇپ، ھەممىيلەن جاي-جايلاردىن
كەلگەن، تىل جەھەتتە، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش-
تا مەلۇم قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ-
نىڭ ئۇستىگە خاراكتېر جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرق بار،
بەزىدە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرق بو-
لىدۇ، پەرقنىڭ ئۆزى زىددىيەت دېگەن سۆز. ئەگەر
بۇ زىددىيەت مۇۋاپىق ھەل قىلىنسا، پائال تۇردە ئالغا
ئىنتىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالى-
دۇ، ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، ئىتتىپاقلىققا تەسىر
يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسىلىلەر بىزدىن ئۆز-
ئارا ئۆگىنىپ بىر-بىرىمىزنى توغرا چۈشىنىپ،
بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا ياردەملىشىشى-
مىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسى-
لىسىدە خەنزۇ يولداشلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇ-



شى كېرەك، خەنزۇ يولداشلار ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نى تېخىمۇ ئوبدان ھۆرمەتلىشى كېرەك. ماۋ جۇشى-
خەنزۇ كادىرلار بىلەن مىللىي كادىرلار ئوتتۇرىسىدا
زىددىيەت كۆرۈلسە، خەنزۇ كادىرلار ئاساسلىق مەس-
ئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ ئېيتقان-
دى. مەن— خەنزۇ كادىر، بىز خەنزۇ كادىرلاردا
ھەرگىز چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بولماسلىقى
كېرەك. مەسىلىگە يولۇققاندا كونكرېت تەھلىل قى-
لىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە، مىللەت دېگەن ئۇقۇم
بويىچە ئايرىساقمۇ بولمايدۇ. ئالدى بىلەن پرىنسىپنى
كۆزدە تۇتۇش كېرەك، پرىنسىپ مەسىلىسىدە مۇج-
مەللىك قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
پاكىتقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، مەسىلىلەرنى
ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىش
كېرەك. پرىنسىپسىز مەسىلىلەردە، ئادەتتىكى
كونكرېت مەسىلىلەردە جەزمەن كەڭ قورساقلىق قى-
لىش كېرەك، تۈگۈنچەكنى ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى
ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يېشىش كېرەك، ئىتتىپاقلىققا
پايدىسىز بولغان بارلىق ئامىللارنى بىرتەرەپ قىلىش
كېرەك. خەنزۇ كادىر بولغانىكەن، ئۇنىڭدا مۇشۇن-
داق يېتەكچى ئىدىيە، مۇشۇنداق خىسلەت، مۇشۇن-
داق قەلب ۋە كەڭ قورساقلىق بولۇشى كېرەك،
خىزمەتلەرنى مۇشۇنداق ئىدىيىدە تۇرۇپ ئىشلىشى ۋە



www.uyghurkitap.com

زىددىيەتلەرنى مۇشۇنداق ئىدىيىدە تۇرۇپ ھەل قىلىشى كېرەك.

## ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك

پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى بار، ئۇ بولسىمۇ پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت، كادىرلار خىزمىتىگە پارتكوم، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل تارمىقى بولغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇش، ئىككىنچىدىن، زىچ ھەمكارلىشىش، ئۈچىنچىدىن، قوشۇمچە رولىنى ئوبدان ئويناش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئۈچ ئېغىز سۆزدۇر.

**1. ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇش.** ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۇ خىزمەتنى قوشۇمچە خىزمەت دەپ قارىماي، ئۆز خىزمىتىمىز دەپ قارىشىمىز، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىشىمىز، مىللەتلەر خىزمىتى



ئىچىدىكى مۇھىم بىر خىزمەت دەپ قارىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىش-- ئالغا بېسىشنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى ھەرگىز باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم بىر خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. باش تارتىپ بولمايدىغان خىزمەت بولغانىكەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى توغرىسىدىكى بىرقاتار يوليورۇقلىرىنى ۋە تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ چۈشۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى توغرىسىدىكى بىرقاتار ھۆججەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ھالدا ئوبدان ئۆگىنىشىمىز ۋە ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يەنە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۈشىنىشىمىز، بىلىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە بەزى ئۆلكىلەر ناھايىتى ئوبدان ئىشلىگەن. جىلىن ئۆلكىسىنى ئالساق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى قۇرغان، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى ۋە تېخنىكا خادىملىرى ئارخىپى ئىسكىلاتى قۇرغان. شۇنداق قىلىپ، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللىشى، ئىشلىتى-

شى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ
بەرگەن. بىز ھەرخىل تىپتىكى ئاز سانلىق مىللەت
ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق
بىلەن تەۋسىيە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىد-
دىن مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ۋە ھەرخىل تىپتىكى ئىخ-
تىساس ئىگىلىرىنى بايقاپ، تەشكىلات تارماقلىرىغا
پائال تۈردە تەۋسىيە قىلىشىمىز كېرەك. بىز مىللەت-
لەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكىلەر تەشەببۇسكار بولۇ-
شىمىز كېرەك. ھازىر مەكىزىي كومىتېت تەشكىلات
بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى،
دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق
مىللەتلەر كادىرلىرىنى مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلى-
رىغا ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارغا بېرىپ ۋەزىپە بى-
لەن چېنىقىشقا ئۇدا ئالتە يىل ئۇيۇشتۇرۇپ كەلدى.
بۇنى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى تە-
شەببۇس قىلغانىدى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات
بۆلۈمى پائال قوللىدى، ئۇنىڭغا دۆلەتلىك مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتى پائال قاتناشتى. ھازىر بۇ ئۈچ
ئورۇن ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپ كەلمەكتە. ھەر-
قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەش-
كىلات بۆلۈملىرى، بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى، مىل-
لەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى
ماسلىشىپ بەردى، شۇڭلاشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش



www.uyghurkitap.com

ئىشلارغا بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمىزمۇ پا-
ئال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشىمىز ۋە
ماسلىشىشىمىز لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا،
بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللەتلەر ئالىي
مەكتەپلىرىنى بازا قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئاز سان-
لىق مىللەت كادىرلىرىنى بىۋاسىتە يېتىشتۈرۈپ،
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش سال-
مىقىنى زورايتىشىمىز كېرەك. دۆلەتلىك مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق بولغان ئالتە
ئالىي مەكتەپ بار. بىز مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتې-
تى سىستېمىسى ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدى-
لىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئالىي
مەكتەپلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يې-
تىشتۈرىدىغان مۇھىم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز
لازىم، ئۇ مەكتەپلەرنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا بول-
مايدۇ. بىزنىڭ مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىمىز دۆ-
لىتىمىز ئۈچۈن خېلى زور تۆھپە قوشتى ئىختىساس-
لىق خادىم ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي تايانچلارنى
يېتىشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ ئۈستۈن-
لۈكىمىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئالىي مەك-
تەپلىرىمىزنى بارغانسېرى ياخشى باشقۇرۇپ، تېخىمۇ
كۆپ يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى-
نى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

**2. زىچ ماسلىشىش.** ئالدى بىلەن تەشكىلات تارماقلىرىغا ماسلىشىش كېرەك. تەشكىلات تارماقلىرى كادىرلار خىزمىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرىدۇ. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى جەھەتتە ناھايىتى جىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە ياخشى تەسەۋۋۇرلىرى بار، بىز داۋاملىق ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ھەمكارلىشىپ كەلمەكتە. بىز ھۆكۈمەت تارمىقى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، كادىرلار مەسىلىسىدە ھەرقايسى تارماقلار بىلەن قانداق ماسلىشىش جەھەتتە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاراپ خىزمەتنى ئىشلىشىمىز كېرەك.

**3. قوشۇمچە رولنى ئوبدان ئويناش.** بىز ھەرقايسى تارماقلار بىلەن ھەمكارلاشقاندا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قانداق رول ئوينايدۇ؟ كادىر يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بىز قوشۇمچە رول ئوينايمىز، بىرىنچىدىن، ئورنىمىزدىن ئاتلاپ كېتىشكە بولمايدۇ، ھوقۇق دائىرىسىدىن ئاتلاپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پاسسىپلىق قىلىشقا، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماي يۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇ مۇناسىۋەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ رولىنى جايىدا، مۇۋاپىق جارى قىلدۇرۇشىمىز؛ ھەم ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇشىمىز، ھەم ھەممىگە چات كىرىۋالماسلىقىمىز، بولۇپمۇ كادىرلار مەسىلىسىدە، ئادەم مەسىلىسىدە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشىمىز، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز پەقەت ھەمكارلىشىپ، قاتنىشىپ، ماسلىشىپ بەرسەكلا، ئورنىمىزنى جايىغا قويۇپ، توغرا قويۇپ، قوشۇمچە رولىمىزنى ئوبدان ئوينىيالىساقلا بولىدۇ. نېمىشقا قوشۇمچە رول ئويناشقا رازىمەن دېمەيمىز، بۇ ئىدىيە جەھەتتىكى مەسىلە، بىز دەۋاتقان خىزمەت قوشۇمچە رولنى ئوبدان ئويناش كېرەك دېگەنلىكتۇر، ئۇنى ئوبدان ئوينىمىساقمۇ بولمايدۇ، كىچىككىنە بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، گەپ قىلماي يۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ. قوشۇمچە رول دېگەندە، ئۇنىڭغا تەئەللۇق مەزمۇن بار، ئۇنى ئوبدان ئوينىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# پۇل تېپىۋاتقانلارغا ۋە تاپقان پۇلىنى خەجلەۋاتقانلارغا بىر نەزەر

ئەخمەت ھاشىم

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىتىمىز ئىچىدىكى پۇل تېپىپ باي بولۇۋاتقانلارغا ۋە تاپقان پۇلىنى ھەرخىل ئىشلارغا چوڭ-چوڭ خەجلەۋاتقانلارغا قاراپ مەندە بەزى ئوي-خىياللار پەيدا بولۇپ قالدى. بەزىلەرگە قاراپ خۇشال بولغىنىمدىن ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى. مىللىتىمىز ئىچىدە مۇشۇنداقمۇ مەرىپەتپەرۋەر، مەرد بايلىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلاندىم. يەنە بەزىلەرگە قاراپ چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدۈم. مىللىتىمىز ئىچىدە مۇشۇنداقمۇ ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن قاتتىق نەپرەتلەندىم، نومۇس قىلدىم...

ھېلىمۇ ئېسىمىزدە، بىر چاغلاردا باي بولۇش، پۇل تېپىپ ياخشىراق يېيىش، ياخشىراق كىيىنىش، ئادەمدەك ياشاشقا ئىنتىلىشمۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت



بولۇپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە قارايدىغان بولساق، شۇ چاغلاردا ئىشلىرىمىز ۋە ئاجايىپ-غارايىپ قاراشلىرىمىز تىپىك ئەخمەقلىقنىڭ دەلىل-ئىسپاتى بولۇپ قالدى، خالاس.

تارىخىي دەۋر بۆلگۈچ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ جەڭ سىگنالى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بورۇقتۇرمىلىق، ئېغىر بېسىم ئاستىدا قىمىر قىلالماي قالغان بىپايان ئانا تۇپرىقىمىزنى كۈچلۈك لەرزىگە كەلتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىگە ئۈمىد چىرىغىنى ياقتى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى كىشىلەر قەلبىنى سۆيۈندۈرۈپ، ئۇلارغا غايەت زور كۈچ-قۇۋۋەت، ئېگىلمەس-سۇنماس قانات ئاتا قىلدى. تۇشمۇتۇشتىن "باي بولۇش يوللۇق" دېگەن كۈچلۈك سادالار ياڭراشقا باشلىدى...

مانا شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان، ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان ئۇيغۇرلار ئىچىدىنمۇ باي بولۇش يولىدا ئىزدىنىدىغانلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار پۇل تېپىپ باي بولغانسېرى پۇلنىڭ ھەقىقەتەن مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى، پۇل بولغاندىلا ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. دېمىسىمۇ ئادەمنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئارزۇ-تىلەكلىرى پەقەت

پۇل بولغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. پۇلى بار ئادەم يالغۇز
ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇق-تۇغ-
قانلىرىغا، مىللىتىگە ۋە بارلىق يۇرت-جامائەتكىمۇ
پايدا-مەنپەئەت، ئىللىقلىق، شادلىق ۋە باياشاتلىق
ئېلىپ كېلەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭىنىسى پۇل ئۇنداق
ئاسان تاپقىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ ئۇ-
چۇن ئوبيېكتىپ جەھەتتە پايدىلىق شەرت-شارائىت،
ئىمكانىيەت، سوبيېكتىپ جەھەتتە پەم-پاراسەت، با-
تۇرلۇق، قەيسەرلىك، غەيرەت-شىجائەت بولۇشى كې-
رەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت بىزگە دەل مانا مۇشۇ ئەۋ-
زەل شارائىت-ئىمكانىيەتلەرنى ۋە پۇل تاپمەن دېگۇ-
چىلەرگە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان كەڭ سەھ-
نىلەرنى ھازىرلاپ بەردى. شۇڭا بىرنەچچە يىل بو-
لا-بولمايلا ئۇيغۇرلار ئىچىدىنمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە
چەت ئەللەردىكى خېلى-خېلى كارخانىچىلار بىلەن
قورقماي رىقابەتلىشەلەيدىغان بىر تۈركۈم كارخانىچى-
لىرىمىز، بايلىرىمىز ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كې-
لىشكە باشلىدى. ھازىر بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەملى-
كەت ئىچىدىكى داڭلىق چوڭ شەھەرلەرگە قاراپ يۈ-
رۈش قىلغان بولسا، بەزىلىرى دۆلەت چېگرىسىدىن
ھالقىپ خەلقئارا بازارغا كىرىپ كەلدى. بۈگۈنكى
كۈندە ئۇيغۇرلاردىن نەچچە ئون، نەچچە يۈز مىڭ يۈەن-
لىك ئەمەس، بەلكى نەچچە مىليون، نەچچە ئون



مىليون يۈەنلىك دەسمايىگە ئىگە كاتتا بايلارنى ئىزدە-
جاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدىن تاپالايمىز. يېقىنقى بىر
گېزىت خەۋىرىدىن ئىگىلىشىمچە، ئاتۇشنىڭ ئازاق يې-
زىسىدىلا باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق، باقمىچىلىق
ۋە باشقا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان
100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە مىڭغا، مىليون يۈەنلىك
ئائىلە 134 كە، ئون مىليون يۈەنلىك ئائىلە ئىككىگە
يەتكەن؛ بۇ پەقەت بىر يېزىدىكىلا مىسال.
ئېھتىمال بەزى ئادەملەر ئۇلار قىسقىغىنا ۋاقىت
ئىچىدە شۇنچە كۆپ پۇلنى قانداق تاپقاندۇ؟ دەپمۇ
ئويلايدىغاندۇ. دەرۋەقە بۇ بايلىرىمىزنىڭ تېخى تۇنۇ-
گۈنلا قۇرۇق قول ياكى ئازغىنا پۇل بىلەن ئىش
باشلىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ يەردىكى ئاسا-
سىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇلار ئالدى بىلەن پارتىيە،
ھۆكۈمەت، خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ياردىمىگە
ئىگە بولدى. يەنە بىرى، ئۇلار ھەرخىل قىيىنچىلىق-
لارغا باش ئەگمەي، قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلىدى،
بارلىق ئەقىل-پاراسىتىنى، كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشقا
سېلىپ، قان-تەر ئاققۇزدى. ئۇلار بۇ يولدا ھەقىقە-
تەن كۆپ جاپالارنى تارتتى. ئۇلارنىڭ تارتقان جاپالى-
رىنى بۇ كىچىككىنە ماقالىمىز ئارقىلىق ھۆرمەتلىك
ئوقۇرمەنلەرگە ھەرگىزمۇ ئىزھار قىلىپ بېرىپ بو-
لالمايمىز. قىسقىسى مىللىتىمىز ئىقتىساد ۋە

پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتلەردە
دۇنيا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ
ئارقىسىدا قېلىۋاتقان، بەزى ياش ئەۋلادلىرىمىز ئو-
قۇشسىز، ئىشسىز قېلىۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي
پەيتلەردە بايلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ھەقىقە-
تەن ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ. بۇنداق بايلىرىمىز قانچە
كۆپ چىقسا شۇنچە ياخشى؛ بۇلار يۇرتىمىزنىڭ، مىل-
لىتىمىزنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارى!

لېكىن بۇ يەردىكى دىققىتىمىزنى قوزغاۋاتقان
مۇھىم بىر مەسىلە— ئۇلارنىڭ پۇل تېپىش يوللى-
رى، ئۇسۇللىرى ۋە تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى
ئوخشاش بولسىمۇ، كىشىلىك دۇنيا قارىشى، تۇر-
مۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت سەۋىيە-
سى، پۇل تېپىش مەقسىتى، پەزىلىتى ئوخشاش بول-
مىغاچقا، تاپقان پۇللىرىنى خەجلىشىمۇ ئوخشاش بول-
مىدى. ئالايلۇق، كۆپ ساندىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلى-
رىمىز تاپقان پۇلىنى مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەن-
سى بويىچە تېجەشلىك ئىشلىتىپ، ئۆز ئىگىلىكىنى
تېخىمۇ كېڭەيتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت
قىلغان ئۇل قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، يە-
نە بىر قىسىم پۇلىنى جەمئىيەتكە، دۆلەت ۋە مىللەتكە
پايدىلىق ئۇلۇغ ئىشلارغا— مەدەنىيەت، مائارىپ، پا-
راۋانلىق ئىشلىرىغا خەجلىمەكتە. بەزى بايلىرىمىز



”ئۈمىد قۇرۇلۇشى“، ”مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش“
قاتارلىق شەرەپلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاك-
تىپ قاتنىشىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەسسە قوش-
ماقتا ۋە ھەرخىل ”فوندى جەمئىيەت“، ”مۇكاپات“-
لارنى تەسىس قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىي-مائا-
رىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش،
ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتەك خەيرلىك ئىشلارغا
سەرپ قىلماقتا. بەزىلەر مەكتەپ، شىپاخانا سېلىۋا-
تىدۇ، يول، كۆۋرۈكلەرنى ياساۋاتىدۇ، يېتىم بالى-
لارنى بېقىش-تەربىيىلەش ئورۇنلىرى قۇرۇپ، ئۇ-
لارنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ؛ يەنە بەزى-
لەر ئەدەبىيات-سەنئەت، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى كۈ-
چەيتىش ئۈچۈن ياردەم بېرىۋاتىدۇ. ئۆز يۇرتى، مە-
ھەللىسىدىكى كەمبەغەل، ئىگە-چاقىسىز، نامرات ئا-
ئىلىلەرگە يار-يۆلەكتە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان بۇنداق پەزىلەتلىك مەرىپەتپەرۋەر تى-
جارەتچى، بايلىرىمىز ھەممىلا يەردە مەيدانغا كەلمەك-
تە. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈم بىلىد-
غان ياكى گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزورلار
ئارقىلىق تونۇشقان بىر قىسىم ئادەملەرنى مىسال
قىلىپ ئۆتۈپ كېتەي:

خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىكى دېھقان كې-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەم ئىمىن بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆز يېنىدىن 40 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، يوقاقۇن كەنتىگە تۇنجى قېتىم بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بېرىپ، كىشىلەر قەلبىنى سۆيۈندۈرگەنىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر دوختۇرخانا سالدى ۋە زامانىۋى بىتون كۆۋرۈك ياساپ، دېھقانلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ ھېلىمۇ ئۇلۇغۋار پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بارلىق كۈچى بىلەن مائارىپنى، نامراتلارنى يۆلەپ كەلمەكتە.

ئايال كارخانىچى رابىيە قادىر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ”غۇنچە مۇكاپاتى“ ۋە باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بىرنەچچە 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. 1994-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنى قوللاپ، 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. نۇرغۇن يېتىم-يېسىر، ئىشسىز قىز-ئوغۇللارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېسەللىنى داۋالىتىپ مېھرىبان ئانىلارچە غەمخورلۇق قىلدى. يېتىملار مەكتىپى قۇردى. دېمەك ئۇ ھازىر ئىسمى جىسمىغا لايىق يېتىملارنىڭ ئانىسى، غەمگۇزارى بولۇپ قالدى.

ئابلىمىت خالىس ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى ۋە 400



مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشى بىلەن، 1994-يىلى غۇلجىدا مىللىي مائارىپ «خالىس» فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلغانىدى. بۇ جەمئىيەتكە مۇھەممەتئىمىن قارىھاجىم، سادىقجان، ئابدۇرېشىت قادىر، دىلشات سابىت قاتارلىق تىجارەتچىلەر 100 مىڭ يۈەندىن، باشقا مەرد-پەتپەرۋەرلەرمۇ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ پۇل چىقىرىپ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىئانە قىلىشتى. بۇ جەمئىيەت قۇرۇلۇپ بىر يىل بولمايلا مائارىپقا 162 مىڭ يۈەندىن كۆپ ياردەم بېرىپ بولدى. قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن مەكتەپكە بارالماي قالغان 845 نەپەر بالىنى مەكتەپ قوينىغا ئېلىپ كەلدى. قېيۇم كامال ئىسىملىك تىرىشچان بىر ئوقۇغۇچىنى نۇرغۇن پۇل ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئامېرىكا چىكاگو داشۆسىگە ئوقۇشقا چىقاردى. ئۆتكەن يىلى يەنە 25 بالىدىن تەركىب تاپقان «پۇتبول كوماندىسى»نى قۇرۇپ چىقتى.

ئىلىدىكى ياش كارخانىچى نۇرتاي ھاجىم 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى يېتىملار مەكتىپىنى قۇرۇپ، مىڭلىغان يېتىم-يېسىر، ئاجىزلارغا نىجادلىق ئاتا قىلدى.

ئۈرۈمچى «قىران بۇركۇت» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باش لىدىرى قۇدرەت ھاجى، يۇرتى ئاتۇشتىكى بەش يېزىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قى-

لىش ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ 500 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. يۇرتىغا يەنە بىر بورروۋاي قۇدۇق قازدۇرۇپ بەردى. مەكتەپلەرنى، نامراتلارنى داۋاملىق يۆلەپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلى 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزىسى ئىشتاچى كەنتىدىكى ساۋۇت ھاجىم ھەم ئۇنىڭ ساخاۋەتچى ئوغۇللىرى ئۆز كەنتىنىڭ چوڭ-كىچىك يوللىرىنى ئاسفالىتلاشتۇرۇش، كۆۋرۈك سېلىش ئىشلىرىغا 1 مىليون 269 مىڭ يۈەن، بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىش، مائارىپ ۋە نامراتلارغا ياردەم بېرىش ئىشلىرىغا 320 مىڭ يۈەندىن پۇل خەجلىدى. پەقەت بۇ يىل ئەتىيازدىلا دېھقانلارغا 15 تونىنا خىمىيۋى ئوغۇت، 100 خالتا ئۇن، بىر سىيالكا ياردەم قىلدى. 3-ئاپرېلدا ئاتۇش، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردىكى يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، بۇ يىل كەنتىنىڭ سۈيىنى تۇرۇبىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە 500 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ ئىش باشلىدى.

قەشقەر ئوغلى ئەسقەر ئابدۇللا 1 مىليون يۈەن پۇل چىقىرىپ قەشقەردە بىر مەكتەپ سالدۇردى.

قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ئاكا-ئۇكا قۇربان ھاجىم بىلەن ھىدايەت ھاجىملار 460 مىڭ يۈەن پۇل



www.uyghurkitap.com

خەجلەپ، يۇرتى قامچىۋاپ كەنتىگە زامانىۋى تولۇق-سىز ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىپ بېرىپ، يەتتە كەنتتىكى باللارنى ھەر كۈنى بەش كىلومېتىردىن ئارتۇق يول مېڭىپ مەكتەپكە بېرىش قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇر-دى. «قۇربان ھاجىم، ھىدايەت ھاجىم مەكتىپى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ مەكتەپتە ھازىر 223 بالا بىلىم ئالماقتا.

غۇلجىدىكى ياش تىجارەتچى تاشپولات بىرنەچچە يىلدىن بېرى «غۇنچە مۇكاپاتى»غا ۋە ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، ئەدەبىيات-سەنئەت، جامائەت ئىش-لىرىغا 250 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى.

خوسۇسىي كارخانىچى تۇرسۇن ئىمىن بېيىغاندا خەلقنى ئۇنتۇپ قالماي، خوتەن خەلقىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن، ئۇرۇم-چى يامالىق تېغىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقنىڭ ئىچىدى-غان سۈيىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان يۇرتى يېڭىساردىكى 20 نەپەر يېتىم بالىنىڭ 216 مىڭ يۈەن ئوقۇش خىراجى-تىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

خوتەندىكى مەتنىياز ھاجىم مائارىپقا 200 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى

پىچان ناھىيە لەمجىن بازار خاندوشاھ كەنتىدىكى دېھقان ئىسمائىل قۇربان 150 مىڭ يۈەن پۇل چىقى-

رىپ (قالغان قىسمىنى ھۆكۈمەت، كوللېكتىپ ئورۇنلار چىقارغان) ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىپ بەردى.

توقسۇ ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ياش كارخانىچى ئابلىز روزىھاجى 150 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان مەھەللىگە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بەردى. يەنە 20 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ كۆۋرۈك ياساتتى. مەكتەپلەرنىڭ رېمونت ئىشلىرىغا 10 مىڭ يۈەن ياردەم بەردى.

مارالبېشى ناھىيە چارباغ يېزىسىدىكى دىنىي زات نۇرئەخمەت كېرەم نامراتلارغا، مائارىپقا، جامائەت ئىشلىرىغا 148 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم تەقدىم قىلدى.

ئاتۇشتىكى بىر قىسىم تىجارەتچىلەر چەت ئەللىك مۇھاجىرلار بىلەن بىرلىشىپ 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن پۇل توپلاپ، ئاتۇش شەھەرلىك 5-، 6-ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ۋاقۋاق باشلانغۇچ مەكتىپىنى سېلىپ بەردى.

ئۈرۈمچىدىكى «ئابلىز سودا سارىيى» نىڭ باش دىرېكتورى، تىجارەتچى توختىھاجى ئابلىز قاتارلىق بىر نەچچەيلەن يېقىنقى يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا 40 توننا ئۇن (110 مىڭ يۈەن قىممىتىدە) ياردەم قىلدى.

تەرەققىيپەرۋەر مۇھاجىرلاردىن ئابلەت ھاجىم،



ئابدۇراخمان ھاجىم، ئىمىن ھاجى، ئابدۇراخمان ھاجىملار بىر نەچچە 100 مىڭ، بىر نەچچە مىليون يۈەن پۇل خەجلەپ ئاتۇش، ئاقسۇ، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەرنى سالدى، يول كۆۋرۈكلەرنى ياسىدى، نامراتلارغا، مەكتەپلەرگە ياردەم بەردى.

بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقانلار ناھايىتى ئاز ساندىكىلەر بولۇپ، تېخى ئىسمى ئاتالمىغان، نام-ئەمەلى، ئىش-ئىزلىرى گېزىت-ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلۇپ باقمىغان مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلىرىمىز، بايلىرىمىز ھەممىلا يەردە بار. ئۇلار جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن مەيلى مىليون يۈەن خەجلىگەن بولسۇن، مەيلى ئون مىڭ يۈەن خەجلىگەن بولسۇن، گەپ خەجلىگەن پۇلنىڭ ئاز-كۆپلۈكىدە ئەمەس، مۇھىمى ئۇلاردا مۇشۇنداق ئالىيجاناب روھ ۋە ئۇلۇغۋار نىيەت-ئىقبالنىڭ بولغانلىقىدا، مۇنداق ئىش پۇل تاپقان ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئاتا-بوۋىمىز: ”پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە“ دەپ بىكار ئېيتمىغان. 1 مىليون يۈەن، 5-6 يۈز مىڭ يۈەن دېگەن گەپلەرنى ئېغىزدىن چىقارماق ناھايىتى ئاسان، لېكىن يانچۇقتىن چىقىرىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ھەتتا بەزىلىرىمىز يانچۇقىمىزدىن 5-10 يۈەننى چىقىرىپ بىرەر كىتاب ياكى گېزىت-ژۇرنال سېتىۋېلىپ ئوقۇشقىمۇ چىدىماي قې-

لىنىۋاتقان يەردە بۇ بايلىرىمىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ
پۇلنى قولى تىترىمەي سېخىيلىق بىلەن جامائەتكە
خەجلىيەلەيدۇ، شۇنداق قىلىشقا ئۇلارنى زادى نېمە
مەجبۇر قىلدى؟ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، بۇ سوئالغا
قانائەتلەنگۈدەك، ئېنىق جاۋابنى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆز
ئاغزىدىن ئاڭلايلى. تۆۋەندىكىلەر ئۇلارنىڭ زىيارەت
قىلغۇچىلار ۋە مۇخبىرلار بىلەن قىلىشقان سۆھبەتلى-
رىدىن ئۈزۈندىلەر:

”مېنى خەلقىم، تۇپرىقىم تۇغدى، يۇكسەك پەل-
لىگە كۆتۈردى. خەلقىم ۋە تۇپرىقىمنىڭ قەرزىنى ئادا
قىلىش مېنىڭ بىردىنبىر ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇيۇم، مەن
بۇ ئارزۇغا چوقۇم يېتىمەن، چۈنكى مەن— ئۇيغۇر
ئايالمەن!“

(رابىيە قادىر)

”مەن كېچىسى ئاسماندا ۋاللىداپ تۇرغىنى بى-
لەن خەلققە ھېچقانداق يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بەر-
مەيدىغان يۇلتۇز بولۇشنى خالىمايمەن. . . مەن ئايا-
لىم شەمشىنۇر، ئاپام ۋە باشقا قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن
ئورتاق بولغان ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. مەن
يېتىم-يېسىرلار مەكتىپىنى قۇرۇش ئارقىلىق شۇن-
داق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندىمكى، دۇنيادا خەلقنىڭ
ھۆرمىتىگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت ۋە خۇشاللىق
بولمايدىكەن.“

(نۇرتاي ھاجىم)



www.uyghurkitap.com

”مەكتەپ سېلىش ئارقىلىق شان-شەرەپ قازى-
نىپ ھۆكۈمەتتىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىش نىيى-
تىممۇ يوق. مەن ئۆزۈمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىكا-
پىمدا راھەتلىنىپ ئولتۇرسام، يۇرتۇمنىڭ باللىرى
مۇشۇنداق قىينىلىۋاتسا، مەن بۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ
كۆرمەسكە سېلىپ پىكاپىمنى غۇيۇلدىتىپ ئۆتۈپ
كەتسەم مېنى قانداقمۇ ھەقىقىي باي دېگىلى بولسۇن؟
مۇبادا مەكتەپكە بېرىپ-كېلىشتىكى يولنىڭ يىراقلى-
قى تۈپەيلىدىن مەھەللەمدىكى باللار مەكتەپتىن چې-
كىنىپ چىقىپ كەتسە، ئوقۇشسىز قالسا، بۇنىڭ
ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟“

(قۇربان ھاجىم)

”كومپارتىيىنىڭ دانا سىياستى بولغاچقا، مې-
نىڭ شىركىتىم مۇشۇنداق زور كۆلەمگە ئىگە بولال-
دى. خەلقنىڭ ياردىمى ۋە غەمخورلۇقى بولغاچقا،
مەندە بۈگۈنكىدەك زور بايلىق بار بولدى. مېنىڭ
ھەممە نېمەم جەمئىيەتتىن، خەلقتىن كەلگەن، شۇڭا
جەمئىيەتنى، خەلقنى ئۇنتۇپ قالمايمەن“

(تۇرسۇن ئىمىن).

چىن يۈرەكتىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان
بۇ ئاجايىپ سەمىمىي، يېقىملىق سۆز دۇردانىلىرى
ئۆزىنى مەن ئادەم، مەن ئۇيغۇر دەپ يۈرگەن ھەرقان-
داق بىر ۋىجدانلىق ئەقىل ئىگىسىنى قانداقمۇ تەسىر-

لەندۇرمىسۇن، قانداقمۇ شادلاندۇرمىسۇن؟
لېكىن پۇل تېپىۋاتقان بايلىرىمىزنىڭ ھەممىسى-
لا ئاشۇلاردەك ئىش قىلىۋاتقىنى يوق. بەزىلەرنىڭ
قولىغا ئاز-تولا پۇل كىرىپ، دۇمبىسى ئاپتاپ كۆ-
رۈپ، ئاغزى ئەمدىلا ئاشقا تېگىۋىدى، «ئاش كەلسە
ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك پۇلنى كۆرۈپ دۆلەتنى،
خەلقنى، مىللەتنى ۋە يادا باققاندا بىللە بولغان
دوست-بۇرادەرلىرىنى، ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقان، ئاتا-
ئانا، خوتۇن-بالىلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. بەزىلەر
تېخى نومۇس قىلماي: «پۇلنى ئۆزۈم تاپقان، ھېچ-
كىم ماڭا تېپىشىپ بەرمىگەن، شۇڭا تاپقان پۇلۇمنى
بۇزامدىمەن، چاچامدىمەن نېمە قىلسام ئۆز ئەركىنلى-
كىم، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ» دېيى-
شىپ، ئېپىنى تاپسىلا قانۇنغا خىلاپ ئىشلار ۋە
ئەيش-ئىشرەت، بۇزۇقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇ-
غۇللانماقتا. قىسقىسى بۈگۈنكى كۈندە بەزىلەر تاپقان
پۇلىنى ئەنە شۇنداق ئىشلارغا بۇزۇپ-چېچىپ، ئۆزد-
كىلا ئەمەس، ئائىلىسىگىمۇ، پۈتۈن مىللەت، جەم-
ئىيەتكىمۇ خانىۋەيرانچىلىق، بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ
كەلمەكتە. مەسىلەن، ھازىر بەزى بايۋەچچىلەر ئىس-
راپخورلۇق، ھەشەمەتخورلۇق، راھەت-پاراغەت،
ئەيش-ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشقا غەرق بولۇپ كەت-
تى، ئاجايىپ-غارايىپ رېستورانلاردا بىر ۋاقلىق تا-



مىقى ئۈچۈن 5-10 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەۋاتىدۇ. بىر
بوتۇلكىسى بەش-ئالتە يۈز يۈەنلىك ئالىي دەرىجىلىك
ھاراق-شارابلارنى ئىچىپ، بىر پاچكىسى 100-200
يۈەنلىك چەت ئەل تاماكىلىرىنى چېكىپ، كىشىلەرگە
ئۆزىنىڭ قالتىس باي ئىكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلماق-
تا. توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا بىر ناخشا ئېيتىپ
بەرگەن ياكى بىر قېتىم ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەنلەر-
نىڭ بېشىدىن يۈز يۈەنلەپ، مىڭ يۈەنلەپ پۇل ئۆرۈپ
كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرماقتا ۋە باشقىلارنىمۇ شۇن-
داق قىلىشقا ئۈندىمەكتە. ئادەمنى تېخىمۇ ئېچىندۇ-
رىدىغىنى ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شەھۋا-
نىي تۇرمۇشقا بېرىلىپ، ھالال جۈپتىلىرىدىن يۈز
ئۆرۈمەكتە، نارەسىدە بالىلىرىنى تىرىك يېتىم قىل-
ماقتا، ئۆزىنىڭ ئاچا-سىڭىل، قان-قېرىنداشلىرىنى
پۇل بىلەن ئېزىقتۇرۇپ، شەرمەندىلەرچە دەپسەندە
قىلماقتا...

مەلۇم ناھىيە بازارلىرىنىڭ ئىككى ئاھالە كومى-
تېتىدىن 1994-يىلى ناھىيە رەھبەرلىكىگە يوللانغان
جەمئىيەت كۆزىتىش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ
ئاھالىلەر كومىتېتلىرى تەۋەسىدىكى 1300 نەچچە ئۆي-
لۈك ئاھالىدىن 1986-يىلدىن 1994-يىل 6-ئايغىچە
سودىگەرچىلىك قىلىدىغان 211 ئائىلە ئىچىدىكى ئىق-
تىسادتا قەد كۆتۈرگەن 41 ئائىلىدە «خوتۇننى قىزلاش-

تۇرۇش»، «خوتۇننى خىللاشتۇرۇش» ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇلغان، يەنى 41 خوجايىن ئەسلىدىكى ھالال جۈپتى-
لىرىنى قويۇۋېتىپ، يېڭىدىن قىز-چوكانلارغا ئۆيلە-
نىۋالغان؛ 21 ئائىلىدە ئاجرىشىش، نىكاھ يۆتكەش؛
قاتناپ تىجارەت قىلىدىغانلاردىن 24تىدە قوش نىكاھ-
لىق بولۇش ھادىسىسى يۈز بەرگەن؛ يۇرت-مەھەللى-
دە «كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن» دەردمەن چوكان-قىزلار-
دىن 11ى ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەن؛ بويتاق ئەر،
تۇل ئاياللار ئائىلىلىرى 19غا يەتكەن؛ 48 كىشى
پاھىشىۋازلىق قىلمىشى بىلەن تەنقىد-تەربىيىگە
چۈشكەن؛ قاتناپ تىجارەت قىلىدىغانلاردىن 19 كىشى
پاھىشىۋازلىق جىنايىتى بىلەن تۇتۇلۇپ جازالانغان
ياكى ئەدىبىنى يېگەن؛ ئۈچ سودىگەر پاھىشىۋاز-
لىق سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن؛ توقسۇز سودىگەر پاھە-
شىۋازلار جېدىلىدە پۇت-قولىدىن ئايرىلغان، زەخىم-
لەنگەن...

بۇلار پەقەت كىچىككىنە ئىككى ئاھالىلەر كومى-
تېتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مەلۇم بولغان ئەھۋال،
ئاۋادا پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەڭ كۆلەمدە
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، يەنە قانداق
ئەھۋاللار مەلۇم بولار؟ بۇنى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلە-
رىمىز تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن باشقا
يەنە بەزى بايۋەچچىلەر قىمار ئويناش، زەھەرلىك چې-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كىملىك چېكىش بىلەن بىر-بىرىنى ھەم ئۆزلىرىنى
پۈتۈن ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلماقتا. X شەھەردە
مەن خېلى ئوبدان تونۇيدىغان بىر ئادەم بار ئىدى.
ئۇ 70-يىللاردا كىچىككىنە تونۇر بېسىلغان قول ھار-
ۋىسىنى سۆرەپ يۈرۈپ ئارقا كوچىلاردا سامسا يېقىپ
سېتىپ ئاران-ئارانلا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. كېيىن
ياخشى كۈنلەر يېتىپ كېلىپ بىردىنلا باي بولۇشقا
باشلىدى. بارا-بارا ئىش-ئوقىتىنى كېڭەيتىپ ئىك-
كى-ئۈچ يەردە چوڭ-چوڭ ئاشخانا، رېستورانلارنى
ئاچتى. قول ئاستىدا 40-50 نىمكار ئىشلەيدىغان بول-
دى، شەخسىي ماشىنا ئالدى. ئۆزى پىكاپتىن، ئو-
غۇللىرى موتسىكلىتتىن چۈشمەيدىغان، نەدە ئو-
يۇن-تاماشا بولسا، شۇ يەردىن كەلمەيدىغان بولدى.
پۇل ئىشلىكىدىنىمۇ، تۆكلۈكىدىنىمۇ كىرگىلى تۇردى،
پۇل ئالدىدا گاڭگىراپ، ئەسلى-ۋەسلىنى ئۇنتۇپ قال-
دى... يېقىندا يەنە ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىگە چۈشۈپ
قالغانلىقىنى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي قولغا ئېلىنىپىمۇ كەت-
كەنلىكىنى ئاڭلىدىم. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ
خېلىدىن بۇيان قىمارغا بېرىلىپ كەتكەنىكەن. بىر-
ئىككى يىل ئىچىدىلا ھەممە ۋەجىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن
باشقا يەنە تېخى نەچچە يۈز مىڭ يۈەن قەرزگىمۇ بوغۇ-
لۇپ قاپتۇ...
يەنە مەن تونۇيدىغان ئوبدان بىر ئائىلىنىڭ ئوغ-

لى بار ئىدى. ئۇ مەلۇم بىر قاتناش ئورنىدا شوپۇر بولۇپ ئىشلەيتتى. دەسلەپتە ئۇ يىگىت ئۆزى ھەيدەپ يۈرگەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسنى، كېيىن يۈك توشۇيدىغان ماشىنىلارنىمۇ قوشۇپ ھۆددىگە ئاپتۇ. باي بولۇپ پۇلى كۆپەيگەنسېرى ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان بولسا كېرەك، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-توغقان، ئەل-ئاغىنىلىرى قايتا-قايتا نەسىھەت قىلىپ بېقىپتۇ، داۋالىتىپ بېقىپتۇ، قىلىش مۇمكىن بولغانلىكى ھەممە ئامالنى قىلىپ بېقىپتۇ، لېكىن زادىلا كار قىلماپتۇ. يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە قولىدا بىر تىيىن پۇلى قالمىغاننىڭ ئۈستىگە ئۆي-سەرەمجانلىرىدىنمۇ ھېچنېمە قالماپتۇ، خوتۇن-بالىلىرىدىن، ئۇرۇق-توغقانلىرىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ. ھازىر يا ئۆلمەي، يا تىرىلمەي تىرىك مۇردا بولۇپ يېتىپتۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، ھازىر جەمئىيەتتە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى 18 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر ياشلىرى بولۇپ، خېلى بىر قىسمى يېڭىدىن باي بولۇۋاتقان ياش



تىجارەتچىلەر ئىكەن. راست گەپنى قىلغاندا، ھازىر ئاز-تولا پۇل تېپىپ باي بولۇۋاتقان ئايرىم ئادەملەر ئىنساپ، ئەخلاق، ئار-نومۇس، قانۇن دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئاش بەرگەن قازاننى چاقتى. بېشىنى سىيلىغانلارنىڭ قولىنى چىشلىدى. دۆم يېتىپ-دۆم قوپۇپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە تاپقان پۇللىرىنى خەلقىمىزنى چىرىتىدىغان قانۇنسىز، پەسكەش ئىشلارغا بۇزۇپ-چاچماقتا، بۇنداق ئادەملەر بىلەن بىز باشتا تەرىپىنى قىلىپ ئۆتكەن ھېلىقى مەرىپەتپەرۋەر ئادەملەرنىڭ پەرقى نېمىدېگەن چوڭ-ھە؟

قارىغاندا، ئادەم دۇنيادا ھەم ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ مېھرىبان مەخلۇق ئىكەن، ھەم ئەڭ ئەقىلسىز، ئەڭ رەھىمسىز، ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەڭ رەزىل مەخلۇق ئىكەن. شۇڭا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ساۋابلىق ياخشى ئىشلارنىمۇ ئادەم قىلىدىكەن، ئەڭ پەسكەش، ئەڭ يىرگىنىچلىك ئىشلارنىمۇ يەنە ئادەم قىلىدىكەن. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەم پۇل تاپقان، ھەم ئەقىل تاپقان كۆپلىگەن ئادەملىرىمىز مۇنداق بىر ھەقىقەتنى— ئۆز بايلىقى ۋە بەخت سائادىتىدىن باشقىلارنىمۇ تەڭ بەھرىمەن قىلىشنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ زور خۇشاللىق ۋە ئەڭ زور بەخت ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇلار

www.uyghurkitap.com

ئۆز بايلىقى، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باشقىلارغا نەپ بېرىشنى، پايدا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاز-تولا ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىدىن، كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئېلىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلدى، ھەم شۇنداق قىلالىغانلىقى بىلەن شادلاندى، چەكسىز ئىپتىخارلاندى. دېمىسىمۇ ئۇلار ئاشۇ ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئىشلىرى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدىن ئاللىقاچان ئورۇن ئېلىپ بولدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، پۇل تاپقان بولسىمۇ ئەقىل تاپمىغان ھېلىقىدەك بەزى ئادەملەر بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمىگەچكە ھەم چۈشىنىشنى خالىمىغاچقا، ئۆزىنى ھەرقانچە باي مەن، بەختلىكمەن دەپ يۈرگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق باي، بەختلىك بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى تاپقان ئاشۇ پۇل، بايلىق بىلەن ئۆز جېنىغا زامىن بولماقتا. مىللىتىمىزگە ئار-نومۇس، جەمئىيەتكە ئەنسىزلىك، بالايىئاپەت ئېلىپ كەلمەكتە... شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى ھەردائىم ئويلاپ تۇرۇشى، ھەرقانداق ئىشنى نىشانلىق، مەقسەتلىك قىلىشى،



بۇگۈننىلا ئويلىماي، ئەتىسىنىمۇ ئويلىشى، ئۆزىنىڭ راھەت-پاراغىتىنىلا ئەمەس، خەلق نەزەرىدىكى نام-ئاتىقىنىمۇ ئويلاپ قويۇشى لازىم. ئادەم ئۆزىنىڭ بىرلا قېتىم كېلىدىغان بۇ قىممەتلىك ھاياتىنى ھەرگىزمۇ ”كۈننىڭ ئۆتكىنى غەنىيمەت“ دەپ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى، ”يا قايىنامدىن يا سايرامدىن چىقار“ دەپ دو تىكمەسلىكى كېرەك. بۇ شۇنداق دۇنيا، بىر ئادەم ھايات سەھنىسىدە ئۆز نىيىتىگە يېقىپ ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىلەر ھايات ۋاقتىدا كۈنلىرىنى پۇل، مول بايلىق، يۇقىرى مەنسەپ ۋە شان-شەۋكەتتىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىپ، يەيدىغانغا ئېغىز يوق، كىيىدىغانغا ئۇچا يوق، راھەت-پاراغەت، ئويۇن-تاماشا بىلەن ئۆتكۈزگىنى بىلەن، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئەسلىگۈدەك ھېچقانداق ياخشى ئىش قىلماي، گويا دۇنيادا بۇنداق ئادەم ئۆتۈپ باقمىغاندەك ئۈن-تىنسىز، نام-نىشانسىز غايىب بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بەزىلەر بولسا، پۈتۈن ئەقىل-پاراسىتىنى، بايلىقىنى باشقىلارغا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مېھىر-شەپقەت، خۇشاللىق ئاتا قىلىش، ئىلىم-مەرىپەت، ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ئاتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھايات چېغىدا بىر كۈنمۇ تۈزۈك راھەت كۆرمەي، غۇربەتچىلىك، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە

ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار يارىتقان ئۇلۇغ ئىجادىيەت، تۆھپە، ساۋابلىق ئىشلاردىن خەلقىمىز نۇرغۇن نەپ ئالغاچقا ۋە بۇ ياخشى ئىشلار خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەچكە، خەلق ئۇلارنى بىر سېكۇنتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ، بەلكى ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ياد ئېتىپ، تەرىپىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قىلغان ئۇلۇغ ئىشلار، ئۇلارنىڭ روھى گويا زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىدە يول كۆرسىتىپ تۇرغان نۇرلۇق چىراغدەك كىشىلەر قەلبىدە چاقناپ تۇرىدۇ، خەلق بىلەن ئەبەدىي بىللە ياشايدۇ!

ئالايلۇق، بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى يەنى 1885-يىلى ئاتۇش ئىكساقتا ۋە 1889-يىلى غۇلجىدا ئۆز پۇلى بىلەن تۇنجى «ھۇسەينىيە» مەكتىپىنى قۇرغان ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ھۇسەيىنباي، باۋۇدۇنباي ئاكا-ئۇكىلار، ئۇلاردىن كېيىن يەنە غۇلجىدا يېتىم بالىلار ئۈچۈن مەكتەپ قۇرۇپ بەرگەن ھۆرمەتلىك ئايخان ئانىنى ۋە باشقا ناھىيە، رايونلاردا مۇشۇنداق ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان بايلىرىمىزنى، مەرىپەتپەرۋەرلىرىمىزنى خەلقىمىز ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟ ياق، ئۇنتۇپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھەممە ياقنى قاراڭغۇ زۇلمەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق قاپلاپ



كەتكەن، ئىلىم-پەن، يېڭىلىقلار تىل-ھاقارەتلەرگە ئۇچراۋاتقان ئاشۇ مۇدھىش زامانلاردا قورقماي كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلقنى، مىللەتنى ئويلىغان ۋە ئۇلارنى يورۇقلۇققا باشلىغان بۇ بايلىرىمىزنىڭ، مەرىپەتپەرۋەرلىرىمىزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى خەلقىمىز بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ روشەن تونۇپ يەتمەكتە. كىشىلەر ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، كۆزى ئېچىلغانسېرى ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، قەدىر-قىممىتىنى شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلىشماقتا. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىك، ھەيۋەتلىك ھەيكىلى كىشىلەر قەلبىدە ھەم ئەزىز دىيارىمىزدا زەبەردەس قەد كۆتۈردى. دېمەك خەلقىمىز بۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانىكەن، بۈگۈنكى كۈندە خەلقنى، مىللەتنى ئويلىغان، يېتىم-يېسىر، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلىغان ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، مەرىپەتپەرۋەر بايلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ!

شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئادەم ھايات چاغدا ئۆزى بىلەن زاماندىش ياشاۋاتقان باشقا ھايات ئادەملەر بىلەن جىسمانىي جەھەتتە ئانچە چوڭ پەرقىمۇ بولمايدۇ، پەقەت ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆلگەن-ئۆلمىگەنلىكى ئېنىق ئاشكارا بولىدۇ. كىمكى مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنى، خەلق بىلەن دائىم بىللە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، بۇنىڭ چارە-

سى پەقەت بىرلا — ياخشى ئىش قىلىپ ياخشى نام قالدۇرۇش، بىلگەن ئادەمگە ھەقىقىي بايلىق، ھەقىقىي بەخت-سائادەت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ...

ئەي، پۇل تېپىپ باي بولۇۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلار، كاللىمىز سەگەك بولسۇن، پۇل تېپىش مۇھىم، لېكىن تاپقان پۇلنى قانداق خەجلەش، نېمىگە خەجلەش تېخىمۇ مۇھىم، پۇلمۇ تاپايلى، ئەقىلمۇ تاپايلى. تومۇرىمىزدا ئاشۇ باتۇر، پەزىلەتلىك ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قېنى بارلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايلى!

(ئاپتور شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئالىي مۇھەررىر)



# مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مىللىي ئىختىساسلىق خادىملار بولۇشى لازىم

ئىدرىس بارات

بىز رىقابەت دۇنياسىدا ياشاۋاتىمىز. بۇ دۇنيا ئەسلىدىلا رىقابەت بىلەن تولغان، رىقابەت جەريانىدا بەزىلەر كۈچلۈك كېلىپ تەرەققىي قىلىپ، روناق تېپىپ گۈللەپ ياشىنىغان، بەزىلەر ئاجىز كېلىپ، ئارقىدا قېلىپ خارابلاشقان دۇنيا ئىدى. ئەمما، ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى، ھەممە ساھەدە "پىلان ئارقىلىق تەڭشەش"نىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئەركىن رىقابەتنى كاپىتالىزمنىڭ نەرسىسى دەپ قاراپ، تەشەببۇس قىلىنماسلىقى نەتىجىسىدە، كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىدىكى رىقابەت ئېڭى يوشۇرۇن ھالەتتە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرقىدەك كۈچلۈك مەۋج ئۇرۇپ چىقمىغانىدى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئېلىمىزدە بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، رىقابەت مېخانىزمى

ھەممە ساھەگە بۆسۈپ كىرىپ كەلدى ۋە جىددىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. كىشىلەردە رىقابەت ئېڭى كۈچەيمەكتە.

ھەممە ساھەدە رىقابەت مېخانىزمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بەزىلەر ئۈچۈن ئامەتنىڭ بېشارىتى، بەزىلەر ئۈچۈن پالاكەتنىڭ بېشارىتىدۇر. دەرۋەقە، سوتسىيالىزم تۈزۈمى باراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەتلىشىش مۇھىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما رىقابەت بىلىم ئىگىلىرى بىلەن بىلىمسىزلەرگە، ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن يارامسىزلارغا تەڭ ياشاش، تەڭ گۈللىنىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ. رىقابەتتە، ئومۇمەن ئالغاندا، ياخشىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ روناق تاپىدۇ، ناچارلار شاللىنىپ قالىدۇ. بۇنداق تارىخىي مۇقەررەرلىكنى كىم بالدۇر تونۇپ يەتسە ۋە ئۆز قىلمىشىنى ئاشۇ قانۇنىيەتكە مۇناسىپ ھالدا تەڭشىسە، شۇ كىشى ئۇتىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، نادامەت ئىلكىدە قېلىپ ۋەيران بولىدۇ.

بىز ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئارىسىدا، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز، مەدەنىيەت، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ، ئىقتىساد بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز، قارا كۈچ بىلەن ئىشلەيدىغانلار كۆپ،



تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ، ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز بولۇشتەك غەيرىي نورمال ئەھۋال شەكىللىنىپ قالغان، بۇ ھال ھازىرقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان دەۋردە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىدە بارغانسېرى چىقىپ قالماقتا. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز رايونى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادنى بىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملار بولۇشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن شائىرلار، يازغۇچىلار، ناخشىچىلار، ئۇسسۇلچىلار، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خادىملىرى، ھەردەرىجىلىك سىياسىي چولپانلار، ئۈستقۇرۇلما ساھەلىرىنىڭ چولپانلىرى چىقىپلا قالماستىن، ئىقتىسادشۇناسلىقنى پۇختا بىلىدىغان، باشقىلارغا تايانماي، ئۆزىگە تايىنىپ ئىشلەيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى — ئىقتىسادشۇناسلار، ئاگرونوملار، ئىنژېنېرلار، تەتقىقاتچىلار، لايىھىلىگۈچىلەر، باش

www.uyghurkitap.com

دىرېكتورلار، بانكىرلار، بوغالتىرلار، كاسسىرلارمۇ كۆپلەپ-كۆپلەپ چىقىشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، زىيالىيلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، مەيلى قايسى ساھەدە، قايسى كەسىپتە ئىشلىمەيلى، ئۆز ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۆز سەۋىيىمىزنى نامايان قىلىشىمىز، باشقىلار ئالدىدا ئۆز مىللىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. زامان بىزدىن شۇنى كۈتمەكتە، رىقابەت دۇنياسىمۇ بىزگە شۇنداق پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بەرمەكتە.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993-يىل 3-سانىغا «ئادەم مەڭگۈ تونۇگۇنكى كۈندە ياشاۋەرمەسلىكى كېرەك» دېگەن بىر پارچە قىسقا ماقالىنى باسقاندۇق. بۇ يەردە مەن ئاشۇ ماقالىنى كىتابخانلارنىڭ قايتا ئوقۇپ چىقىشىغا تەۋسىيە قىلىمەن: "ياپونىيىنىڭ دېچۇەن مۇفۇ زامانىسىدا كويىتەن چېڭجىز ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەندى، ئۇ بىر قېتىم ئەڭ يېڭى پاسوندىكى پىچاقتىن بىرنى سېتىۋاپتۇ-دە، كۆڭلىدە ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى بەنبەن لوڭخۇ دېگەن كىشىگە كۆرسىتىپ ماختىنىپتۇ، لېكىن لوڭخۇ ئۇنىڭغا: "سىز نېمىشقا بۇ پىچاقنى ئالدىڭىز؟" دەپتۇ-دە يېنىدىن ئۆزىنىڭ پىچىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ ھەم "سىزنىڭ بۇنداق پىچىقىڭىزنىڭ دەۋرى



ئۆتۈپ كەتكەن" دەپتۇ.

چېڭجىز ئۇنىڭ گېپىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ-دە، لوڭخۇنىڭ پىچىقىغا ئوخشايدىغان پىچاقتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى لوڭخۇغا كۆرسىتىپتۇ. لېكىن لوڭخۇ: "ئۆتكەن قېتىم مەن سىزگە كۆرسەتكەن پىچاق ھازىر ئەسقاتماس بولۇپ قالدى" دەپتۇ-دە، يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندە، لوڭخۇ چېڭجىزغا مۇنداق دەپتۇ: "بۈگۈنكى جەمئىيەتتە قورال ماھارىتىنىلا بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، سىز تارىخىي كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇڭ".

تۆتىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە، لوڭخۇ دەپتۇكى: "خەلقئارا ئومۇمىي قانۇن ئۆگىنىشكە تولىمۇ ئەرزىيدىكەن، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى قوللىنىۋاتىدۇ، مەنمۇ ئاشۇ قانۇننى تەتقىق قىلىۋاتىمەن".

دېمەك، ئادەتتىكى كىشىلەردە ھازىرقى ھالەتكە شۈكۈر قىلىدىغان ئادەت بار. لېكىن دەۋر ئېقىمى ئىزچىل تۈردە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، سىزنىڭ مەڭگۈ تونۇگۇنكى كۈندە ياشىشىڭىزغا باقمايدۇ. ھەربىر كىشى كۈندىن-كۈنگە بىلىمىنى يېڭىلىشى، يېڭى شەيئىلەرنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشى لازىم".

دىرېكتورلار، بانكىرلار، بوغالتىرلار، كاسسىرلارمۇ كۆپلەپ-كۆپلەپ چىقىشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، زىيالىيلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، مەيلى قايسى ساھەدە، قايسى كەسىپتە ئىشلىمەيلى، ئۆز ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۆز سەۋىيىمىزنى نامايان قىلىشىمىز، باشقىلار ئالدىدا ئۆز مىللىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. زامان بىزدىن شۇنى كۈتمەكتە، رىقابەت دۇنياسىمۇ بىزگە شۇنداق پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بەرمەكتە.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993-يىل 3-سانىغا «ئادەم مەڭگۈ تۈنۈگۈنكى كۈندە ياشاۋەرمەسلىكى كېرەك» دېگەن بىر پارچە قىسقا ماقالىنى باسقانىدۇق. بۇ يەردە مەن ئاشۇ ماقالىنى كىتابخانلارنىڭ قايتا ئوقۇپ چىقىشىغا تەۋسىيە قىلىمەن: "ياپونىيىنىڭ دېچۇەن مۇفۇ زامانىسىدا كۈەيتەن چېڭجۇ ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىدى، ئۇ بىر قېتىم ئەڭ يېڭى پاسوندىكى پىچاقتىن بىرنى سېتىۋاپتۇ-دە، كۆڭلىدە ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى بەنبېن لۇڭۇ دېگەن كىشىگە كۆرسىتىپ ماختىنىپتۇ، لېكىن لۇڭۇ ئۇنىڭغا: "سىز نېمىشقا بۇ پىچاقنى ئالدىڭىز؟" دەپتۇ-دە يېنىدىن ئۆزىنىڭ پىچىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ ھەم "سىزنىڭ بۇنداق پىچىقىڭىزنىڭ دەۋرى



[illegible] شتۈرۈشنى مىسالغا ئالساق، بەزى
[illegible] پات-پات توك توختاپ قېلىپ،
[illegible] ئىبارەت ھازىرقى زاماننىڭ
[illegible] ھالاۋىتىدىن بەھۇزۇر بەھ-
[illegible] ھىيە-بازارلارمۇ ئانچە-مۇنچە
[illegible] تۈگىمەس-پۈتمەس قارا
[illegible]، تاغلىرىمىزدىن سېرىق
[illegible] دۆۋە-دۆۋە ئاق ئالتۇن
[illegible] مۇناسىپ ئەمەس، چۈن-
[illegible] بولسىمۇ، بىز ئۇنى
[illegible] كۆپ پۇلغا ئايلاندۇرماي-
[illegible] باھادا سېتىپ كۈن
[illegible]، بىزدە ئىختى-
[illegible] بەزى جايلاردا چوڭ
[illegible] بىر پىششىق
[illegible] باشقا جايلاردىن
[illegible] كېلىدۇ. بۇ،
[illegible] يېتىشىپ
[illegible] ھالەتتە تۇ-
[illegible] ئىگىلىيەل-
[illegible] بولالماي-
[illegible] زور كۈچ
[illegible] ئەمەلد-

www.uyghurkitap.com

بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈس-
تىدە گەپ بولغاندا، ياپونىيە مۇقەررەر ھالدا ھەممە
كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ، بىزنىڭ شىنجاڭدەك
چەت-ياقا رايوندىمۇ، ھەتتا يېزا-قىشلاقلاردىمۇ "يا-
پون ماللىرى"نىڭ تەسىرىدىن خالىي كىشى بولمىسا
كېرەك. بۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى-
نىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرەلەيدۇ. 1945-يىلى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بىر
دۆلەتنىڭ 30-40 يىل ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە شۇ
قەدەر تەرەققىي قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بۇ ئاددىي
ماقالىدە بايان قىلىپ بولالمايمىز. ئەمما يۇقىرىقى
قىسقىغىنا مۇلاھىزە بىزگە مەلۇم ئىلھام بېرىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنى زامانىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە
ماسلاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، زامانىنىڭ تەلىپىگە مۇ-
ناسىپ بىلىم، قابىلىيەت ئىگىلىشىمىز، مەڭگۈ تۈنۈ-
گۈنكى كۈندە ياشاۋەرمەسلىكىمىز لازىم. بىز زېمىنى
كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئەزەلدىن ياخشى بىر
ماكاندا ياشاۋاتىمىز. بىز تولا ئاڭلىغان ۋە تولا ئوقۇ-
غان "شىنجاڭ ئەزەلدىن بىر ياخشى ماكان، يەر بايلى-
قى مول، تۇرمۇش پاراۋان" دېگەن ناخشا ئەنە شۇنىڭ-
غا پاكىت. ئەمما خەلقىمىز تېخى "تۇرمۇش پاراۋان"
دېگەن دەرىجىگە يەتمىدى، بىر قىسىم جايلاردا، "چا-
پىنى تىزىدىن ئاشمىغان"لار تېخى بار. باشقا گەپنى



قويۇپ، ئېلېكترلەشتۈرۈشنى مىسالغا ئالساق، بەزى
يېزا-كەنتلەر تۈگۈل، پات-پات توك توختاپ قېلىپ،
تېلېۋىزور كۆرۈشتىن ئىبارەت ھازىرقى زامانىنىڭ
كىچىكلىك مەدەنىيىتىنىڭ ھالاۋىتىدىن بەھۇزۇر بەھ-
رىمەن بولالمايدىغان ناھىيە-بازارلارمۇ ئانچە-مۇنچە
بار. بۇ ھال يەر تېگىدىن تۈگىمەس-پۈتمەس قارا
ئالتۇن — نېفىت چىقىۋاتقان، تاغلىرىمىزدىن سېرىق
ئالتۇن، ئېتىزلىرىمىزدىن دۆۋە-دۆۋە ئاق ئالتۇن
چىقىۋاتقان ئەھۋالىمىزغا تازا مۇناسىپ ئەمەس، چۈن-
كى بىزدە نۇرغۇن تەبىئىي بايلىق بولسىمۇ، بىز ئۇنى
ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەپ كۆپ پۇلغا ئايلاندۇرماي-
لا، خام ماتېرىيال پېتى ئەرزان باھادا سېتىپ كۈن
ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىزدە ئىختىسا-
ساس ئىگىلىرى كەم بولۇۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا چوڭ
زاۋۇت-فابرىكا قۇرۇش ئەمەس، ئاددىي بىر پىششىق
خىش خۇمدانى قۇرۇش ئۈچۈنمۇ باشقا جايلاردىن
"تېخنىكلار"نى تەكلىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ،
ئۆز جايىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ
چىقمىغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇنداق ھالەتتە تۇ-
رۇپ، ئىقتىسادىي رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەل-
مەيمىز، بايلىقىمىز بولغان بىلەنمۇ، باي بولالماي-
مىز. شۇڭا بىز ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ
بىلەن يېتىشتۈرۈشىمىز، ئېغىزدا ئەمەس، ئەمەلى-

يەتتە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە كەڭ زېمىن ۋە ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقمىسا، نۇرغۇن نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن، نۇرغۇن دوكلاتلارنى يازغان، نۇرغۇن جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان بىلەنمۇ ئىگىلىك يەنىلا تەرەققىي قىلمايدۇ.



# كىتاب ۋە كىتابخان ھەققىدە ئويلار

مەخمۇت مۇھەممەت

ئالدىمدا ئۈچ پارچە ئەسەر تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەپەككۇر گۈلشەنى» ناملىق كىتاب، يەنە بىرى، شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1995-يىل 16-ماي سانىغا بېسىلغان «قايىدىسەن» ناملىق شېئىرى، ئۈچىنچىسى، جۇرئەت روزىمىراپنىڭ «ئىلى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1995-يىل 14-سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان «بىز نېمىشقا كىتاب ئوقۇمايمىز» ناملىق ماقالىسى.

مەن بۇ ئۈچ ئەسەرنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا كىتاب ھەققىدىكى مەزمۇنلار، كىتابخانلارغا قىلىنغان مۇراجىئەتلەر، كىتاب ۋە كىتاب ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى، ئىنسان، مىللەت، دۆلەت ۋە دۇنيانىڭ روناق تېپىشىدا كىتابنىڭ ئوينايدىغان تۈرتكىلىك رولى زىكرى قىلىنغان، شۇنداقلا بىزنىڭ، مىللىتى-

مىزنىڭ نۆۋەتتە كىتابقا تۇتقان مۇئامىلىمىز، كىتابقا
بولغان تونۇشىمىز ئاچچىق ھەقىقەتلەر ئارقىلىق كۆرۈ
ستىپ بېرىلگەن.

## 1

«تەپەككۇر گۈلشەنى» ناملىق كىتابنى ھاياجان
ئىلكىدە ۋاراقلاۋاتىمەن.
ئۆز ئىجادىيەتلىرى بىلەن جاھانغا كاتتا ئابىدى-
لەرنى تىكلەپ، ئۆچمەس چىراغلارنى يېقىپ كەتكەن
مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتاب ھەققىدە ئېيتقان دانا سۆز-
لىرى، ھېكمەتلىك تەبىرلىرى مېنىڭ كىتابقا بولغان
چوڭقۇر مۇھەببىتىمنى ئۇلغايتماقتا.
”كىتابلار قەلبنى يورۇتىدۇ؛ ئىنساننى يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈرىدۇ ۋە كۈچكە كۈچ قوشىدۇ؛ ئەڭ
ياخشى ئارزۇ-تىلەكلەرنى ئويغىتىدۇ؛ ئەقىلنى ئۆت-
كۈر قىلىدۇ ۋە يۈرەكنى يۇمشىتىدۇ؛“ (ئۇ.
تېككېرىيى). ئويلاپ قالدىم، كىتاب ھەقىقەتەن
شۇنداق بۈيۈك كۈچكە ئىگىمۇ؟ ئۆز سەرگۈزەشتىلى-
رىم، ئەمەلىيىتىم ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، كىتاب
راستىنلا شۇنداق خىسلەتكە ئىگە.
مەن تېخى باشلانغۇچ مەكتەپكە بارماي تۇرۇپلا
كىتاب بىلەن تونۇشقانىدىم. كىتابخۇمار بوۋامنىڭ



www.uyghurkitap.com

تۈرتكىسى ۋە ياردىمىدە، ئۇنىڭ ساندۇقىدا ساقلىنى-
ۋاتقان ئاجايىپ سېھىرلىك، رەڭگارەڭ كىتابلارنىڭ
سىرىنى بالدۇرراق ئېچىش ئىشتىياقىدا بەش يېشىم-
دىلا خەت ساۋاتىمنى چىقارغان، مەكتەپ بوسۇغىسىغا
قەدەم قويغۇچە «ئادىنا»، «بۆدىنە»، «ئالتۇن ئاچ-
قۇچ»، «دوختۇر ئايبولىت» قاتارلىق خېلى جىق كى-
تابلارنى ھەجىلەپ ئوقۇپ چىققانىدىم، شۇ كىتابلارنى
ھېلىمۇ سۆيۈنۈپ، سېغىنىپ ئەسلەيمەن. شۇنىڭدىن
تارتىپ تا ھازىرغىچە كىتابتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ
باقمىدىم. كۈنىگە ئاز دېگەندە ئىككى سائەت كىتاب
ئوقۇمىسام، ئۆزۈمنى ئەھمىيەتسىز بىر ئادەمگە ئاي-
لىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. مۇبادا مەندە، مې-
نىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئازدۇر-كۆپتۇر ئارتۇقچىلىقلار بار
دېيىلسە، ئىككىلەنمەي ئېيتالايمەنكى، بۇنى ماڭا كى-
تابلار بەرگەن. گاھىدا شۇنداق ئويلاپمۇ قالىمەن،
دەۋر ئالدىدا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغانمىغان ۋە
ئەدەب-ئەخلاق، ئار-نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، قا-
نۇن-تۈزۈملەرگە ئېرەن قىلماي، ئوغرىلىق، بۇلاڭ-
چىلىق قىلىۋاتقان، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ ۋە
باشقا ئەسكى قىلمىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئاتا-ئانا، ئۇ-
رۇق-تۇغقان، ئەل-جامائەتنى قاقشىتىۋاتقانلارنىڭ
تولىسى شۇبھىسىزكى، كىتاب ئوقۇمايدىغانلار ياكى
كىتابنى ئاز-تولا ئوقۇسىمۇ لەززىتىنى ئالالمىغانلار-

دۇر. بولمىسا، ئۇلار ئەقىلسىزلىق، نادانلىق ۋە
چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا ئۈنچىلىك پېتىپ كەتمىگەن بو-
لار ئىدى.

”كىتابقا بولغان مۇھەببەت ھەقىقەتەن ماختاشقا
لايىق. بەزىلەر 〈كىتاب مەستانىلىرى〉 ئۈستىدە ما-
زاق قىلىپ كۈلۈشىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئېھتى-
مال بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئەيىبلىك. چۈنكى
ھەممە ئاشىقلارنىڭ يولى شۇ. لېكىن ئەسلىدە ئۇلارغا
ھەۋەس بىلەن قاراش كېرەك ئەمەسمۇ...“، بۇ
سۆزنى ئا • فرانس ئېيتقان. بىزدە كىتاب ئوقۇماي-
دىغانلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپ! كىتاب ئوقۇيدىغانلار-
نىڭ سانى ئاز! مازاق قىلىشى بىر يېڭى زامانىۋى
ئىجادىيەت. ئەمەلىيەتتە بولسا، زامان تەرەققىي قى-
لىپ بۈگۈنكى كۈنگە يەتكەندە، روھىي دۇنيارىمىزنى
پاكلاشتۇرىدىغان، بىزنى يورۇقلۇققا يېتەكلەيدىغان
بۇنداق نۇرلۇق ماياكقا ئەگىشىدىغانلار قانچە كۆپ بول-
غان بولسا شۇنچە توغرا بولاتتى. 1994-يىل 5-ئاي-
نىڭ 28-كۈنى بىزنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانى-
مىز ھەريىلى شۇ مەزگىلدە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ
بېرىلىدىغان «كۇتۇپخانا تەشۋىقات ھەپتىلىكى» ئۇ-
چۇن چوڭ كوچىدا ”سەييارە قىرائەتخانا“ تەشكىللى-
دۇق. يايما ئەتراپىدا كىتاب، ژۇرنال كۆرۈۋاتقانلار
خېلى جىق ئىدى. توساتتىن دىققىتىمنى بوغچا ئېسى-



ۋالغان، تۇرقىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچى-
لىرىدەك كۆرۈنىدىغان ئىككى ئوغۇل بالا تارتتى.
ئۇلارنىڭ بىرى ژۇرنال ۋاراقلاۋاتقان يەنە بىرىنىڭ
چاپىنىدىن تارتىپ: ”جۆرە ئاداش، كىتاب ئوقۇپ
ۋاقتىڭنى نېمە بىكار ئىسراپ قىلىسەن“ دېدى. بۇ
گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئاغرىغاندەك كۆڭۈلسىزلى-
نىپ، تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى ھېلىقى ئىككى بالا
مەن سۆزلەيدىغان تىلدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

بۇلتۇر مەن بىر كۈنى كەچتە بىر توي سورۇنىغا
بېرىپ قالدىم. بىر شىرەدە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپرە-
كى مەن تونۇشمايدىغانلار ئىدى، مەرىكە باشلانغىچە
ئۇياق-بۇياقتىن پاراڭ بولۇپ، گەپنىڭ ئاخىرى كى-
تابخانىغا يېڭىدىن كەلگەن كىتابلار ھەققىدە توختى-
لىپ قالدى، بۇ پاراڭغا ئەلۋەتتە مەنمۇ قاتنىشىۋاتات-
تىم. 35 ياشلاردىكى بۇرۇتلۇق بىر مېھمان توساتتىن
پاراڭغا قېتىلىپ: ”ئەپەندىم دېگەنلەرزە، كەچكىچە
قەغەزنىڭلا گېپىنى قىلىشىدىكەندە، خۇداغا شۈكۈر،
مانا بىز كىتاب ئوقۇمايمىز“ دېدى. پاراڭ چىپپىدە
توختاپ قالدى. مەن تۇرقىدىن ئوتتۇرا ھال تىجارەت-
چىدەك بىلىنىپ تۇرغان، ”مەن“ ئەمەس، ئىشەنچ-
لىك ھالدا ”بىز“ دەپ سۆزلەۋاتقان ھېلىقى بىچارە
بەختلىككە تىكىلىپ قاراپ قويدۇم، ئۇنىڭ شۇ سۆزى-
نى مىللىتىمىز ئارىسىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر،

تەرەققىيپەرۋەر، كىتابخۇمار كاتتا تىجارەتچىلەر ئاڭلىسا نېمەدەر؟

"كىتابنى سۆيۈڭ، ئۇ تۇرمۇشىڭىزنى يېنىكلەشتۇرىدۇ، خىلمۇخىل چېچىلاڭغۇ پىكىر، تۇيغۇ، ۋەقەلەرنى چۈشىنىشتە دوستانە ياردەم بېرىدۇ، ئۇ سىزنى، ئادەملەرنى ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشقا ئۆگىتىدۇ. ئۇ دۇنياغا، ئادەملەرگە مېھىر تۇيغۇسىنى بەخش قىلغان ھالدا ئەقلىڭىز ۋە قابىلىيىتىڭىزگە قانات بېغىشلايدۇ" (م · گوركىي). «تەپەككۇر گۈلشەنى» نى ۋاراقلاۋېتىپ كۆزلىرىم بۇ مەنالىق سەترلەرگە قادىلىپ قالدى. مەن تونۇيدىغان ئادەملەر، بۇرادەرلەر ئىچىدە كىتابقا ئىشتىياق باغلىغان، ئۇلارنى كىتاب ئوقۇش بىلەن مەنىلىك سېزىدىغانلار خېلى بار. ئۇلار بازارغا كىرسە ئالدى بىلەن كىتابخانىنى ئايلىنىدۇ، سورۇنلاردا جەم بولۇپ قېلىشسا، ئوقۇغان كىتابلىرى توغرىسىدا خۇشاللىق بىلەن سۆزلىشىدۇ. بىنا خىشلاردىن تەشكىل تاپقاندەك، بىر مىللەتمۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. مىللىتىمىز ئارىسىدا "كىتاب بولمىسا بۇ ھايات مەنىسىز ئۆتكەن بولاتتى، كىتابلار بىزنىڭ قاراڭغۇ دىلىمىزنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغ" دەپ ئويلايدىغانلار قانچە كۆپەيسە شۇنچە ياخشى بولغان بولاتتى ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، سوتسىيا-



لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى [illegible] تېز راۋاجلاندۇرۇشقا كۆپرەك پايدىسى تېگەتتى. شۇ[illegible] بارلىق دوستلارغا ئافورىزملار ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر توپلىمى بولغان «تەپەككۇر گۈلشەنى» ناملىق كىتابنى ۋە ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان كىتاب ھەققىدىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى مېغىزىنى تېتىپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## 2

بۇ يىل مەن ئۈچۈن خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. ئىككى كىتابىم نەشىردىن چىقتى، ئۈچ كىتابىم بۇ يىل ۋە كېلەر يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلدى. شائىر تۇرسۇننىياز بىلەن بىرگە تۈزگەن يەنە بىر كىتابىممۇ ئىككى يىلدىن بېرى باسما زاۋۇتىدىن چىقالماي ياتىدۇ. "جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق" دېگەندەك، يۇقىرىقى ئالتە كىتابقا تىراژ توپلاش ئۈچۈن تارتقان جاپايىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. نېمىشقىكىن، ھازىر قەلەم ئىگىلىرى ئۈچۈن كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرۈش بىر ئىش، ئۇنى "تويلۇق مېلى" بىلەن نەشرىياتقا ئۆتكۈزۈش بىر ئىش بولۇپ قالدى. 8 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار بىر مىللەتتە نۆۋەتتە كەلسە يازغۇچىغا 3000 خېرىدار تەستە تېپىلىدۇ. شائىرنىڭ كۈنىگۈ



www.uyghurkitap.com

ئاندىن بەتتەر. بىراق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ بازار-
دا قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان قاۋاقخانىلارنىڭ بازىرى
ئىتتىك. بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز 15 يۈەنگە بىر
بوتۇلكا هاراقنى ئىككىلەنمەي سېتىۋالىدۇ-يۇ، بەش
يۈەنلىك كىتابنى قىممەت كۆرۈپ ئالمايدۇ ياكى ئۇنى
ئېلىش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. بۇ دەردلەرگە
نېمە دېگۈلۈك؟ "جەننەت ئەرزان، خېرىدارى يوق،
دوزاخ قىممەت، خېرىدارى كۆپ" دېگەن شۇ بولسا
كېرەك.

هەربىر كىتابنى نەشرىياتقا تاپشۇرۇش ئالدىدا
ياكى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئەڭ كېمىدە بىرەر-ئىككى
ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ تىراژنىڭ يولىنى ماڭىمەن.
شىنجاڭ بويلاپ ئاغىنە-بۇرادەرلەرگە هاۋالە خېتى يا-
زىمەن. ئىدارە، مەكتەپ، يېزىلارغا بارىمەن. يېقىن
ئەتراپتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا قاتنايمەن.
1995 -يىلى بىر كىتابىمنىڭ تىراژى ئۈچۈن كوچاغا
بېرىپ كەلدىم. مېنىڭ هېلىقى ئىككى يىلدىن بۇيان
باسما زاۋۇتىدا ياتقان كىتابىمنىڭ نەشرگە تاپشۇرۇل-
غىنىغا ساق بەش يىل بولدى، بۇ جەرياندا نەشرىيات
ئۈچ قېتىم زاكاز تالونى تارقاتتى. بىرىنچى قېتىم،
كىتاب باهاسى 2.60 يۈەن ۋاقتىدا بۇ كىتابقا ئاران
1800 تىراژ توپلىنىپتۇ، كېيىنكى قېتىم 9.60
يۈەنگە چىققىنىدا ئۆزۈم قول سېلىپ 2800 تىراژغا



يەتكۈزۈپ، نەشرىياتنى "يۈيگۈڭ روهى" بىلەن تە-
سىرلەندۈردۈم. مەزكۇر كىتابقا تىراژ توپلاش داۋامى-
دىكى ئىككى ئىش يادىمدىن چىقمايدۇ: بىرى، غۇل-
جىدىكى كاتتا تىجارەتچىلەر بىلەن باردى-كەلدىسى
قويۇق بىر زىيالىيغا مەن شۇلار ئارقىلىق بۇ ئەھمى-
يەتلىك كىتابنىڭ («قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر» ناملىق
بۇ كىتابتا ۋاپات بولغان ئەدىبلىرىمىز ھەققىدىكى
ئەسلىمىلەر جۇغلانغان) مەلۇم ساندىكى تىراژىنى توپ-
لاش توغرىسىدا مەسلىھەت سېلىۋىدىم، ئۇ ئىشەنچ-
لىك هالدا دەرهال ماقۇللۇق ئىپادىسى بىلدۈردى.
بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن
هالدا ماڭا تېلېفون بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئال-
تە-يەتتە كاتتا ئىمارەت سېلىشقىمۇ كۈچى يېتىدىغان
بىر داڭدار تىجارەتچى هېلىقى كىتابتىن ئەقەللىيسى
بىر نۇسخا يېزىلىشقىمۇ ئۇنىماپتۇ. "بىزنىڭ ئۆيدە
كىتاب تۇرمايدۇ، باللار يىرتىۋېتىدۇ" دېگىدەك ئۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىستېروننىڭ "كىتابسىز ئۆي—
جانسىز تەن" دېگەن گېپى يادىمغا چۈشتى. يەنە بى-
رى، مەن ئۆزۈم ئىلگىرى بىر مەزگىل تۇرغان غۇلجا
ناهىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىغا چىقىپ، بىر نەچچە
تونۇشۇمغا ئەھۋالنى ئېيتتىم، بۇ ئىشنى كۆرۈڭكى،
مەن تونۇيدىغان-تونىمايدىغان دېھقانلار، يېزا كادىر-
لىرى هېلىقى كىتابنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئوقۇپ يا-

www.uyghurkitap.com

كى ئاڭلاپ، بەس-بەستە خەۋەردار بولۇشتى. "ئۆزى-
مىز ئوقۇيالمىساق، ئۆيدە ساقلاپ قويىمىز، بالىل-
رىمىزغا ئوقۇتۇپ تىڭشايمىز" دېيىشتى بەزىلەر.
شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا
مېنىڭ يېزىلىق بىر دوستۇم 150 كىتابنىڭ تىراژ
پۇلىنى ماڭا ئەكىرىپ بەردى.

بىزنىڭ بالىلىرىمىز كىتاب ئوقۇمامدۇ؟ يېقىن-
دا، بىر شەنبە كۈنى غۇلجا شەھەر «ستالىن» كوچا
«شىنخۇا» كىتابخانىسىغا كىرىپ قالدىم. ئاز سانلىق
مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلار بۆلۈمىدە كەم دېگەندە-
مۇ 20-30 كىچىك بالا تام، پوكەيلەرگە يۆلىنىپ،
يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ جىمجىت كىتاب ئوقۇۋا-
تاتتى. كىتابخانا خادىمى ئاچچىق كۈلگىنىچە "دەم
ئېلىش كۈنلىرى ئەھۋال مۇشۇنداق، ئۇلارنى كىتابنى
سېتىۋالمىساڭلار جايىغا قويۇپ قويۇڭلار دېسەك تې-
خى، دېمەيلى دېسەك، كىتابنى مەشەدىلا ئوقۇپ،
سېتىۋالمىسا يىللىق ۋەزىپىمىز ئورۇندالمايدۇ، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە كىتابلار كىرلىشىپ، يىرتىلىپ كەتسە
كىم ئالىدۇ؟" دېدى. ئۇنىڭ گېپى توغرا، كىتابخانا
— سودا-تىجارەت ئورنى، كۇتۇپخانا ئەمەس، بىراق
ھېلىقى قارا كۆزلەرگە قاراپ ئادەم مۇنداقمۇ ئويلاپ
قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئېسىل كىتابلارنى جان دەپ
سېتىۋالغۇسى بار، راست، ھازىر كىتابلارغۇ قىم-



مەت، بالىلار كىتابلىرىمۇ ئەرزان ئەمەس، ئەمما
ئاشۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز جىگەر پارىسىغا، كىلەچىس-
كىگە بىرەر-ئىككى پارچە كىتاب ئېلىپ بەرگۈچىلى-
كى يوقمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى مودا كىيىم كىي-
مەمدىغاندۇ، دادىلىرى ھاراق ئىچمەمدىغاندۇ؟!

قەلەمكەشلەرنىڭ كىتابىغا ئۆزى يول مېڭىپ تى-
راژ توپلىشى ھازىر بىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بو-
لۇپ قالدى. مەن بۇ گەپنى بەزى بۇرادەرلەرنىڭ ماڭا
"ئۇنچىلا جاپا تارتىپ ساڭا نېمە قويدى، سىڭگەن
پومنېنىڭنى يە!" دېگەندەك ئىستېھزالىق گەپلەرنى
قىلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىۋاتىمەن. ما-
ڭا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا بىر-ئىككى قېتىم
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەلەمداشلاردىن
خەت كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كاتتا ئەدىب-
لىرىمىزمۇ بار. بۇ سالامنامىلەردە ئۆتۈنۈش ۋە خەت
ئارىسىغا قىستۇرۇلغان "زاكاز تالون"لارمۇ بولىدۇ.
مەن ھەتتا مەرھۇم ئەدىبىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئا-
كىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بىر كىتابىغا (ئېھتىمال «ئۆمۈر
مەنزىللىرى» شېئىرلار توپلىمى ئۈچۈن بولسا كې-
رەك!) تىراژ توپلاپ بېرىش خۇسۇسىدا غۇلجىدىكى
بىر ئەدىبكە يازغان سالام خېتىنىمۇ كۆرگەنمەن.

يېزىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مۇھەممەتجان راشى-
دىن ئاكىنىڭ «قايدىسەن» ناملىق شېئىرىنى يەنە بىر

قېتىم مۇتالىيە قىلدىم. ئۇنىڭ گاھى بىر مىسرالىرى-
نى قىممەتلىك كىتابخان بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن:
”بىر كىتاب يازسام بېسىشتىن تارتتى باش بىر نەش-
رىيات،
تۆكتى ھەم ئاۋۋال سېنىڭ توغراڭدا نۇرغۇن ئەرز-
داد.
—تاپ كىتابخاننى ئۆزۈڭ، توپلا تىراژ، ئالغانغا
سات،
دەيدۇ، —بىزمۇ ئىزدىشەيلى، چۈشكىلى ھارۋاڭنى
قات!
بىزنى ئۇنتۇپ ھەر تامان چاپقان كىتابخان، قايدى-
سەن؟

. . . . . .

ئوينىماق، كۆلمەككە پۇل بار، كىتابقا يوق ئەجەب،
ئون كىتابتىن بىربوتۇلكامەي ساڭائارتۇق ئەجەب؟!
كۆندە قاسساپتىن ئايالىڭ يەيدۇ گۆش لوق-لوق ئە-
جەب،
ئەيش-ئىشرەتلەرگە پۇل چاچقان كىتابخان، قايدى-
سەن؟“

بۇ يالغۇز مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭلا ئەمەس، ئۆز مىللىتى، خەلقىنىڭ يازغۇچى، شائىرى بولۇپ قالغان نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنىڭ يۈرەك سۆزى. خاس سورۇنلاردا تاماقنىڭ نوچىسىنى يەپ، ئاچچىق



ھاراق بىلەن كەيپلىنىۋېلىپ ئاندىن يازغۇچى، شائىرلارنى بولار-بولماس تېتىقسىز ئىبارىلەر بىلەن مازاق قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئاچچىدىغان ئايرىم كىشىلەردىن بۆلەك بارلىق ئاۋام بۇ ئىلتىجا ۋە ئاغرىنىشنىڭ ۋەزنىنى، ھەقىقىتىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇ ھالغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۆز كۆڭۈللىرىنى كىتابتىن بۆلەك نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىمەكچى بولغان، شەپكىسى چۈشۈپ قالسا خەققە پۇل بېرىپ ئالدۇرىدىغان ۋە مۇشۇنىڭ بىلەن چوڭ سورۇنلاردا ماختىنىدىغان، ئەقلى كەم ”دانىشمەن“لىرىمىز يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ قان-تەرىنىڭ مېۋىسى بولغان كىتابنىڭ قەدرىگە قانچىلىك يېتىپ كېتەر؟

بىرپارچە كىتاب ئاپتورنىڭ قولىدىن چىقىپ كىتابخاننىڭ قولىغا تەككىچە نۇرغۇن ئۆتكەللەردىن ئۆتىدۇ، ھازىر مانا مۇشۇ ئۆتكەللەرگە يەنە ئەسلىدە ھاجەتسىز، ئەمدىلىكتە بولسا ئەڭ مۇھىم، يېڭى بىر ۋە قىيىن بولغان— تىراژ توپلاش ئۆتكىلى كېلىپ قوشۇلدى. يازغۇچى، شائىرلار ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن يېزىپ چىققان مەنىۋى ئەمگىكى ئارقىلىق ئەلگە مەشھۇر بولۇش ئورنىغا، كىتاب يازغان گۇناھىغا نەمۇ-نە دوقۇرۇپ، نەشرىيات مۇھەررىرلىرىگە، كىتابخانا باشلىقلىرىغا، مەكتەپ مۇدىرلىرىغا، ھەتتا نۆۋىتى كەلسە قوشنا-قولۇملارغا، يېقىن-يورۇقلىرىغا

www.uyghurkitap.com

يېلىنىپ سازايى بولىدىغان بولدى. بىزدە شۇنداقمۇ
قۇسۇرچى، گەپدان ئادەملەر باركى، بىر ناۋاي ئۆمۈر
بويى خامسۇق، يا بولمىسا تارىشىدەك قاتتىق نان
يېقىپ ساتسا، بىر ئېغىز گەپ قىلماي موكۇلدىتىپ
يەيدۇكى، بىرەر قەلەمكەش كىتابىغا تىراژ تاپالماي
قالغىنىنى ئاڭلىسا ”ھازىر كىتاب ئوقۇيدىغان كىم
بار؟“، ”ياخشى يازالمىغاندىكىن ھالىغا بېقىپ ئىش
قىلسا بولمامدۇ“ دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، بىراۋ-
نىڭ ئەمگىكىنى ئۆز مەيلىچە يوققا چىقىرىدۇ.
راست، يېزىقچىلىق مۇشكۇل ئەمگەك، خاسىيەتلىك
ئىش، ئۇ قەلەم ئىگىسىدىن يۈكسەك تالانت ۋە ئىزدى-
نىشلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، سە-
ۋىيىسىز، كىتابخانلارغا ئېسىل روھىي ئوزۇق ئاتا
قىلالمايدىغان كىتابلارنىڭ چىقمىغىنى، كىشىلەرنىڭ
ۋاقتى، زېھنىي كۈچى ۋە پۇلىنى ئىسراپ قىلمىغىنى
ياخشى. لېكىن تالانتلىق، ھۆرمەتلىك ئاپتورلارنىڭ
كىتابلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر تاياقتا ھەيدىلىپ كېتى-
ۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، يەنىلا ئۆز خەلقىمىز-
گە، دوستلىرىمىزغا، كىتابخانلىرىمىزغا كىتاب ئوق-
ۇشنى، ئۆز تارىخ-مەدەنىيىتىمىزنى سۆيۈشنى،
كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى، جاھان ئەدەبىياتىنىڭ
دۇردانىلىرىنى سۆيۈشنى، ئۇنىڭدىن بەتەپسىل خە-
ۋەردار بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز. خۇددى ۋېكتور



گيۇگو ئېيتقاندەك، كىتاب ئوقۇشنى ”خەلقىمىز مەرد-
پەتلىك قىلىش، ئۇنى ئەخلاقىي جەھەتتىن يۈكسەل-
دۈرۈش“ دەپ چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئىشىنى-
مىزكى، شائىر ئېيتقاندەك:

”ياخشىكەن دېيسەن بىلىپ سەنمۇ كىتابنى بىر كۈنى،
دەل قەلەمكەشلەر ئىكەن دېيسەن كۆڭۈلنىڭ چولپى-
نى.
چۈنكى تاپقانمىز كىتابلاردىن ئەقىلنىڭ كۆركىنى،
يىغلىساق يىغلايلى تەڭ، كۈلسەك كۈلۈپ تەڭ كۈل-
كىنى،
باشقاكۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان كىتابخان، قايدىسەن؟“
دېگەندەك بىر ياخشى كەيپىيات، كىتابقا بولغان مۇ-
ھەببەت، ئېتىقاد، ئىنتىلىش خەلقىمىز ئارىسىدا
جەزمەن ئومۇملىشىدۇ، يىلتىز تارتىدۇ، مېۋە بېرى-
دۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىلىمنى، كىتابنى سۆيۈش-
تەك بۈيۈك خىسلىتى ھەرگىز يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ
قالمايدۇ.

## 3

گاھىدا ئويلاپ قالىمەن: بىز زادى قاچاندىن
بېرى كىتابنى ئانچە ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدۇق؟
”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ دەيدىغان ئەسەبىي ھەرد-

كەت باشلانغاندا مەن 12-13 ياشلىق بالا ئىدىم. مەن
تونۇيدىغان چوڭلار ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىچىدە كىتاب
ئوقۇيدىغانلار كۆپ ئىدى، ئۇلار جەم بولغان سورۇن-
لاردا دائىم كىتابنىڭ پارىڭى بولاتتى. مەن بارغان
ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدىلا كىتاب ئىشكاپلىرى، ھەر-
خىل كىتابلار بولاتتى. كېيىن كىتابلار كۆيدۈرۈل-
دى. ئەمما جاننى ئالىقانغا ئېلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇپ
قېلىنغان، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن تار-
تىپ ئېلىنغان، پۇچۇلغان كىتابلار ساقلىنىپ قېلى-
ۋەردى. 20 ياش مەزگىللىرىمدە بىز بىر توپ ساۋاق-
داش كىتاب سارىڭى ئىدۇق. يىراق تاغ ئارىلىرىدا
”زىيالىي ياش“ بولۇپ يۈرگىنىمىزدە ئۆزئارا كىتاب-
تىن تەسەللىي تاپاتتۇق. يادىمدا بار، «كۆكيۇن»،
«چالىقۇشى»، «ئات ئۇستىدە كېسىلگەن باش»،
«ھالاكەت» قاتارلىق كىتابلارنى بىز ئايلاپ-ئايلاپ
سلاۋيان يېزىقىدىن ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا نۆۋەتلىشىپ
كۆچۈرگەنىدۇق. بۇ قولىيازمىلار قولدىن-قولغا ئۆ-
تۈپ، ئەتىۋارلىنىپ، يىراق-يىراق جايلارنى ئايلى-
نىپ كەلگىچە چەت-چۆرىلىرى تىتىلىپ كېتەتتى.
بىز كىتابلارسىز بۇ ھاياتنى مەنىسىز ھېس قىلاتتۇق.
ماكسىم گوركىي ”مەن ئاچ كىشىلەر نانغا ئىنتىلگەن-
دەك، كىتابقا ئىنتىلىمەن“ دېگەندەك، بىزمۇ كىتابقا
شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدۇق. شۇ چاغلاردا خاتىرە دەپ-



تىرىمگە ئالاھىدە چوڭ قىلىپ كۆچۈرۈپ قويغان،
گوركىينىڭ ”ئاليۇشا، سەن باي بولساڭ نېمە قىلات-
تىڭ، — مەن كىتاب سېتىۋالاتتىم“ دېگەن سۆزى
تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا.
بۇ گەپلەرنى سەۋەبسىز قىلىۋاتقىنىم يوق.
1994-يىلى ئۈرۈمچىگە يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن بې-
رىپ قالغىنىمدا، بىرنەچچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-
چىسىنىڭ ياتىقىدا بىر سائەتچە ئولتۇرۇپ قالدىم،
بىر تونۇشۇم مەندىن ئالىي مەكتەپتىكى ئوغلىغا
خەت، خالتا ئەۋەتكەنىدى. ھېلىقى ئوقۇغۇچىلار قىر-
قىپ قويغاندەك تەكشى، 18-19 ياشلاردىكى، كىشى-
نىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ
گەپلىرىگە تىنچ قۇلاق سالدىم، ھەر توغرىدا گەپلەر
بولدى، بىراق كىتابنىڭ پارىڭى زادى بولمىدى. ئۆي-
چۆرىگە كۆز سالسام، دېرىزىدە، تام بۇلۇڭىدا قۇرۇق
بوتۇلكىلارلا تۇراتتى، ئەمما كۆزگە چېلىققىدەك بى-
رەر پارچە كىتاب كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئىچىم پۇشۇپ
كىتاب توغرىسىدا سۆز ئاچتىم. كارىۋىتىدا يانپاشلاپ
ياتقان بىر يىگىت تولىمۇ تېز ئىنكاس بىلەن ”كىتاب
ئوقۇيدىغان نەدە چولا دەيسىز ئاكا، ئۆزىمىزنىڭ
دەرسلىك كىتابلىرىمىزنى تولۇق كۆرۈپ چىقىشمۇ
خۇش ياقمايدۇ“ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئىچىمگە
چۈشۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئالىي مەكتەپ— ئالىي بىلىملەرنىڭ ئۇچىقى، مەرىپەتنىڭ خەزىنىسى. مىللەتنىڭ سەرخىل ئىلىم ئەھلىلىرى شۇ يەردىن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئالىي مەكتەپ دېگەندە دەستە-دەستە، قوچاق-قوچاق كىتاب-لار، قىزغىن بەس-مۇنازىرىلەر، جۇشقۇن، تەلەپچان زىيالىيلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. مىڭبىر مۇشەق-قەتتە پەرزەنتلىرىمىزنى شۇ بىلىم باغچىسىغا ئەۋەت-كەن، ئۆزلىرى يېمەي-ئىچمەي، يىغىپ-تۆشەپ "كۆز قارىچۇقلىرىمنى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتۇ-ۋاتىمەن" دەپ ئىپتىخار بىلەن مەيدە كېرىپ يۈرگەن بايقۇش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالىدىغان جاۋابى شۇ بولىدۇ-غان بولسا، ھەممىمىزنىڭ ھالىغا ۋاي!

«بىز نېمىشقا كىتاب ئوقۇمايمىز؟» ناملىق ما-قالە قىسقا ئەمما ھېسسىياتلىق يېزىلغان. ئۇنىڭدا دېيىلگەن ئىشلارنى بىز "يوق" دېيەلمەيمىز. دوست-لار، "بىلىمسىزلىك —نادانلىق" ئەمەسمۇ؟ "نادان-لىق قالپىقىنى قاچانغىچە كىيىمىز؟" ماقالە شۇنداق ئاياغلاشقان، يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە خى-يالغا چۆكتۈم. مۇشۇنداق جايىدا يېزىلغان ماقالىنى، مۇشۇنداق ياخشى گەپلەرنى قانچىلىك ئادەم ئوقۇپ چىقار؟ بىز دەۋاتقان، ئاشۇ كىتاب ئوقۇمايدىغان دوستلىرىمىز، بۇرادەرلىرىمىز، ئىنى-سىڭىللىرى-مىز ئوقارمۇ؟ تەسىرلىنىپ خىيالغا چۆمەرمۇ؟ يا



بولمىسا "ئۆزۈڭ يەپ، ئۆزۈڭ داڭلا" دەپ ماقالىنى يازغان ئاپتور بىلەن تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىر-لەرلا ئوقۇپ قالارمۇ؟

كىتاب ئوقۇش، كىتابقا قىزغىنلىق— بىر مىل-لەتنىڭ تەرەققىياتىنى، ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆل-چەملەرنىڭ بىرى. بىر پەيلاسوپ ئېيتقان: "بىر جاي-نىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ، شۇ جاي-نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيە-سىنى بىلگىلى بولىدۇ" دېگەن بىر مەشھۇر سۆز بار. بۇ يەردىمۇ گەپ ئاساسەن كىتاب ھەققىدە، كىتاب بىلەن كىتابخان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمچە، دانىيىلىكلەر دۇنيا بويىچە كىتابقا ئەڭ ھېرىسمەن ئىكەن. ئۇلار ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپمۇ كىتاب ئوقۇيدىكەن. ئۇلاردا كىشى بېشىغا توغرا كې-لىدىغان كىتاب سانى ئىككى خانىلىقتىن كەم ئەمەس ئىكەن. ئۆتكەندە شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرى-ياتىدىكى يولداشلار شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇرلاردا كى-شى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتاب سانىنى ستاتىس-تىكا قىلىپ چىقىپتۇ. ئەپسۇس، سانى تولۇقى بىلەن يادىمدا قالماپتۇ. ئەمما ئېسىمدە تۇرغىنى مۇنداق: ئۇرۇمچىدە ئون نەچچە كىشىگە بىر كىتاب، قەشقەردە 50 نەچچە كىشىگە بىر كىتاب، ئىلىدە 70 نەچچە كىشىگە بىردىن كىتاب توغرا كېلىدىكەن.

قىزىق ئىش، بىر شەھەردە كىتابخانا بىلەن كۆتۈپخانىدىن بىر-ئىككىسىلا بار-يۇ، كىرىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق، نەچچە يۈزلىگەن دۇكانلاردا بولسا ئادەم پاتماي، دۈۋرەپ يۈرگىنىگە ھەيرانمەن. بورت، قارتا، ماجاڭ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق، دوقمۇشلاردىكى دۆڭ سوقۇلىدىغان قۇرۇق پاراڭ ۋە بېلەت ئالمايدىغان جېدەل-ماجىرا تاماشىلىرى ئەتراپىدا دۈۋىلىنىپ يۈرگەنلىرىمىزنى ئېيتمايمىز تېخى! شۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ”ئەتراپىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلەلمەي ئەڭ بىمەنە ئىش، ئويۇن-كۇلكىلەرنى ئويلاپ تېپىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىدىكەنمىز، قولۇمغا كىتاب ئالدىمەن-دە، ئۆز-ئۆزۈمگە يالغۇز مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۆمۈر بويى كۇپايىغۇ! دەيمەن“ (دوستويېۋىسكى) دەپ ئويلايدىغانلار قانچە كۆپەيسە شۇنچە ياخشى بولاتتى.

كىتاب ئوقۇش شۇنچىۋالا مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشمۇ؟ كىتاب ئوقۇماستىن بۇ دۇنيادا زادى كۆڭۈلدىكىدەك ياشىغىلى بولمامدۇ؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشنى، جاۋاب بېرىشنى ئەقىللىك كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ، چىن قەلبىمدىن شۇ بىر سۆزنىلا ئېيتقۇم كېلىدۇ: دوستلىرىم، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئىش ۋە سەۋەب بىزنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقىمىزغا باھانە بولالمايدۇ!



ئەزىز دوستلار، كىتابنى سۆيەيلى، كىتابنى دوست تۇتايلى. دۇنيادا تېخىمۇ كۆڭۈللۈكرەك ياشاش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى. ئۆزىمىزنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇپ ياشاش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى. ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بولسىمۇ يەر روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن تەڭ قاتار ياشاش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيلى!

(ئاپتور: ئىلى ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىدا ئىشلەيدۇ)

www.uyghurkitap.com

# مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ بولغاندا...

جاپپار قاسىم

مەن ئالدى بىلەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ دوستى، كىتابخانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سەھىپىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن ھەم قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

نۆۋەتتە، مىللەتنىڭ ساپاسىنى قانداق ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ھەممىمىز ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە باش قاتۇرىدىغان نازۇك مەسىلە، شۇنداقلا ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ زىممىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋە مۇشكۈل ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

ھەممىگە ئايانكى، بۇ مەسىلىنى بىرقانچە ماقالە، ئەسەر، يىغىن، كىنو، تىياتىر بىلەن يېقىنقى يىللار ئىچىدە ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، مەن ھازىردىن باشلاپ، بىرى، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى كۆرۈش، داۋالاش بىلەن بىرگە، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى



كۆرۈش، ئۆگىنىش لازىم، يەنە بىرى، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرۈش، جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئاجىزلىقلىرىنىمۇ بايقاش ھەم ئەينەك قىلىش لازىم، دەپ قارايمەن. مۇشۇنداق بولغاندا، بىز ھەم ئۆزىمىزنى قەدىرلەيدىغان، سۆيىدىغان، قېرىنداش مىللەتلەرنىمۇ قەدىرلەيدىغان، سۆيىدىغان، ھەم ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى ئاڭلىق تونۇپ ۋە تەدرىجىي تۈگىتىپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىدىغان، ئاجىزلىقلىرىنى ئەينەك قىلىدىغان بولىمىز.

ئەمما، تەشۋىقات نۇقتىسىنىڭ بىرى، ئۆزىمىزدىكى روھىي ئاجىزلىقلارنى ئېچىش، قامچىلاش ۋە ئۇنى داۋالاشقا قارىتىش؛ يەنە بىرى، يېڭى دەۋردە پەيدا بولغان نە گېزىت-ژۇرنال ئوقۇمايدىغان، نە رادىئو ئاڭلىمايدىغان، نە تېلېۋىزور كۆرمەيدىغان، نە ئاتا-ئانىنىڭ گېپىگە كۆنمەيدىغان كېلەچىكى تۇتۇق ۋە قورقۇنچلۇق ياشلار توپىغا قارىتىپ، ئۇلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ، روھىي دۇنيادا ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر. بۇلارغا نىسبەتەن قاتلاممۇ-قاتلام مەسئۇل بولۇشنى ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇش، تۈرلۈك ئۇسۇللار، يېڭى شەكىللەر ئارقىلىق نىشانلىق ھالدا مەجبۇرىي، جانلىق تەشۋى-

قات ئېلىپ بېرىش لازىم. روھىي ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئاچقاندا، ئەسلى تەبىئىتىمىزدە بارلىرى قايسىلار، قېنىمىزدا يوقلىرى-يۇقتۇرۇلغانلىرى قايسىلار، ئۇشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن كىرگەنلىرى قايسىلار، ۋۇجۇدىمىزدا يېڭىدىن ئۆسۈپ-يېتىلگەنلىرى قايسىلار، دېگەنلەردىن ئېنىق، قايىل قىلارلىق، پاكىتلىق، ئاۋام-خەلق چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەممەيلەننى شۇ ئىللەتلەردىن يىرگىندۈرۈش، تەدرىجىي قول ئۇزدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

ھازىر بىزدە "دۇنيادا ئۇيغۇردەك ئېسىل مىللەت يوق" دەپ ھەرقانداق مىللەتنى ئۆزىمىزگە تەڭ قىلمايدىغانلارمۇ، "دۇنيادا ئۇيغۇردەك ناچار مىللەت يوق" دەپ ئۆزىمىزنى يەرگە ئۇرىدىغانلارمۇ؛ ئۇيغۇرنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ قويسا، شۇ ھامان پىچاق تەڭلەيدىغان تەلۋە مىللەتپەرۋەرلەرمۇ، ماختاپ قويسا، باش قويۇپ، "مىللىي غۇرۇرى بار" دەيدىغان نادانلارمۇ؛ ئۆزگە مىللەتلەر بىلەن بىرگە بولۇپ قالسا، گويا بىر ناخشا، شېئىر بىلەن شەھەر ئالغىلى بولىدىغاندەك، ھەدېسىلا قارشى تەرەپنىڭ زىتىغا، غۇرۇرىغا تېگىدىغان ناخشا، شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئۆزىنى "قەھرىمان" چاغلايدىغان ھاماقەت مىللىي پوچەلارمۇ، باشقىلار مىللىتىنى خالىغانچە ھاقارەتلەپ،



بېشىغا مىنىۋالسىمۇ لام دېمەي قۇلچىلىق قىلىدىغان ۋىجدانىي مەجرۇھ مۇناپىقلارمۇ؛ مۇشۇ ئەۋلادنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئەجدادلارنىڭ تۆھپىلىرى بىلەن پەردازلايدىغان سۇۋاقچىلارمۇ، ئەجدادلارنىڭ تۆھپىلىرىنى يوققا چىقىرىپ، "ھەممىنى بىز قىلدۇق، ھەممە بىزگە مەنسۇپ" دەيدىغان، ئۆزىدىكى ياكى مىللەتتىكى نۇقسانلارنى ھەدېسىلا ئەجدادلارغا ئارتىپ، چىش-تىرناقلىرىنى جوتۇ، مىتىن قىلىپ، چىرىپ توپىغا ئايلانغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۆرىنى قازىدىغان نائەھلى، بىلەرمەن، مەنمەنچىلەرمۇ؛ مىللەتنى مەدھىيىلەيدىغان ماقالە، ئەسەر، نۇتۇقلار ئارقىلىق خەلق ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان ۋىجدانسىزلارمۇ، ياخشى نىيەت بىلەن مىللەتنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان، ئەمەلىيەتتە، رەڭۋازلارغا قارىغاندا مىللىتى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان ھەقىقىي ئوغلانلارمۇ مەۋجۇت.

ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى، يەنى ياخشى ۋە يامان، يورۇق ۋە قاراڭغۇ، گۈزەل ۋە كۆرۈمسىز، ئىلغار ۋە قالاق، مەدەنىيەتلىك ۋە مەدەنىيەتسىز تەرىپى بولىدۇ. مىللەتمۇ شۇنداق. نۇقسانسىز ئادەم بولمىغاندەك، نۇقسانسىز مىللەتمۇ بولمايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ تالاش-تارتىش كەتمەيدىغان ھەقىقەت. ھازىرقى
زامان تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بەزى مىل-
لەتلەر ئىلغارراق، مەدەنىيەتلىكرەك بولىدۇ، بەزىلە-
رى قالاقراق، مەدەنىيەتسىزرەك بولىدۇ، بەزىلىرى
ئېچىۋېتىلگەن، تەرەققىي تاپقان بولىدۇ، بەزىلىرى
بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان، تەرەققىي قىلمىغان بو-
لىدۇ. ھېچ ۋاقىتتا، بىر مىللەتنى بىراقلا ياخشىغا،
يەنە بىر مىللەتنى بىراقلا يامانغا چىقىرىۋېتىشكە بول-
مايدۇ. دېمەك، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ،
تالاش-تارتىشمۇ بىر مىللەتنىڭ ياخشى-يامانلىقى
ئۈستىدىكى ئىختىلاپ ياكى تالاش-تارتىش ئەمەس،
بەلكى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەت-
سىزلىكى، ئىلغار ياكى قالاقلىقى قاتارلىق تەرەپلەر
ئۈستىدىكى، بولۇپمۇ مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ سالمىقى
ئۈستىدىكى، يەنى، ئىلغار بولسا، قانچىلىك ئىلغار؟
قالاق بولسا، قانچىلىك قالاق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستى-
دىكى ئىختىلاپ ۋە تالاش-تارتىشتىن ئىبارەت.

ھېچكىم ئۆز ئانىسىنى، ئۆز مىللىتىنى يامان
دېمەيدۇ. ھەر قايسىمىزنىڭ مىللەتنىڭ ئاجىزلىقلى-
رىنى تىلغا ئېلىشىمىزدىن مەقسەت تىرناق ئاستىدىن
كىر ئىزدەپ، مىللىتىمىزنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يې-
يىش ياكى ئۆز مىللىتىمىزدىن ۋاز كېچىش، يۈز
ئۆرۈش ئەمەس، بەلكى نۇقسان ۋە ئاجىزلىقلارنى تو-



گىتىپ، مىللىتىمىزنى ئىلغار، مەدەنىيەتلىك مىل-
لەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇپ، يەر شارىدا قەد
كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. شۇن-
داق ئىكەن، بۇ مەسىلىدە ھەممەيلەن تونۇشنى بىر-
لىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى مىللەتنىڭ ساپاسىنى
ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ مەسىلىگە ئاتلىق يو-
سۇندا مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. مىللەتنىڭ ساپاسى-
نىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى گەرچە كونكرېت
ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، گەپ مىللەت
ئۈستىدە بولغاندا، بۇ ئۇقۇم كونكرېتلىقنى يوقىتىپ،
ئابستراكتلىشىدۇ-دە، قايسى بىر ئادەمگە بېرىپ تا-
قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا، مەن
مىللەتنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندا،
ئەسلىدىلا ئىمجان قۇرتتەك مېڭىپ يۈرگەن چېچىلاڭ-
غۇ بىر مىللەت، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈۋېلىپ، بوغۇ-
شۇپ، دۈشمەنلىشىپ يۈرمەي، تونۇشنى بىرلىككە
كەلتۈرۈپ، پايدىلىق پىكىر-تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئورتاق
تىرىشساق ياخشىمىكىن، دەپ قارايمەن. باغۋەنمۇ ئۆز
بېغىدىن سورتلۇق، ھەتتا ئەلا سورتلۇق مېۋە ئېلىش
ئۈچۈن، باغقا سۇ قويىدۇ، كۆچەتكە ئوغۇت بېرىدۇ،
ئۇنىڭ تۆۋىدىكى ياۋا ئوت-چۆپلەرنى ئوتايدۇ، ھارام
شاخ-شۇمبىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن كېسىپ تاش-

لايدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، گېزىت-ژۇرناللاردا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مىللەتنىڭ ئاجىزلىقلىرى توغرىسىدىكى ئەسەر، ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر ۋە ماقالىلەر سۇغا چۈشكەن يىڭنىدەك ئۈن-تىنسىز يوقاپ كەتمەي، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى، زور كۆپچىلىك كىشىلەر بۇنداق ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى سۆيۈپ ئوقۇپلا قالماي، ئەختەم ئۆمەر، روزى سايىت قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلارنى غايىۋانە سۆيدى، ئۇلاردىن رازى ۋە خۇشال بولدى، ئۇلارنى قىزغىن قوللىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللەت ئويغىنىشقا قاراپ قەدەم قويدى، كىشىلەر مىللىتىنىڭ تەبىئىتىدىكى ئىللەتلەرنى بىلىپ يېتىپ ھەم ئۇنىڭدىن سەسكىنىپلا قالماي، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتسىز، قالاق، ئاجىز مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشكە باشلىدى. مىللەت قالاق بولسا، ئۆز تەرەققىياتىغا ئۆزى پۇتلىكاشاڭ بولۇپلا قالماي، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ پۇتلىكاشاڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىلغار، مەدەنىيەتلىك بولۇشنى، قېرىنداش مىللەتلەردەك دۇنياغا يۈزلىنىشنى، دۇنياغا تونۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى.



شۇنداق، ئۆزىنى بىلگەن ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن، بىز ناخشا-ئۇسسۇل، ھاراق-شاراپ، بەشۋاق ناماز، كەتمەن-گۈرجەكتىن باشقىغا چامىمىز يەتمەيدىغان بىچارە، نادان خەق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككى نان تاپساق بىرىنى داپ چېلىپ كوچىغا چىقىپ كېتىۋاتقانمۇ بىز، "مەن بىلمەيدىغان ساغراق بارمۇ، سىڭاينى تارتۇق" دەپ، جاھان ئازراق ئوڭشىلىپ، ھال-كۈنىمىز كىچىككىنە ئوڭلىنىپ، قورسىقىمىز تويۇپ، دۈمبىمىزگە ئاپتاپ چۈشۈۋېدى، ئۆردەكتەك ئالچاڭلاپ، تېرىمىزگە پاتماي، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىۋاتقانمۇ بىز، مۆك يېتىپ، مۆك قوپۇپ، كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ، بەزىدە جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ تاپقان ئازغىنە پۇلىمىزنى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىغا ئەمەس، ئەكسىچە، كۆرەڭلىك بىلەن كۆز-كۆز قىلىپ، بۇزۇقچىلىققا، ئەيش-ئىشرەتكە بۇزۇپ چاچقانمۇ بىز. "قوڭامدا ئىشتىنىم يوق ئېتىم مارجانبۇۋى" دېگەندەك، بالىلىرىمىزنىڭ ئىشتانسىز، ئوقۇشسىز قالغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەدېسە ئابروي-ئاتاق قوغلىشىپ، مەنمەنلىك بىلەن بەسلىشىپ، چەكلىك زېھنىمىزنى كېچە-كېچىلەپ ئولتۇرۇش، مەشرەپ، چاي، ئويۇن، غەيۋەت-شىكايەتكە بىھۇدە قۇربان قىلىپ، ئېغىزىمىزدا شەھەر ئېلىپ

يۈرگەنلەرمۇ بىز. ئاددىي، گۈزەل ئەنئەنىۋى ئادەتلە-
رىمىزنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، چاكىنىلاشتۇرۇپ،
تۈرلۈك پەتىۋالارنى تېپىپ، يوقىلاڭ قائىدىلەرنى
چىقىرىپ، توي-تۆكۈنلەرنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈۋات-
قانمۇ، بىرقانچە كۈنلۈك توي-تۆكۈننى ھەپتىگە،
سۈننەت توينى قىز توي دەرىجىسىگە، قىز توينى شاھ
مەلىكىسىنىڭ تويى دەرىجىسىگە يەتكۈزگەنمۇ بىز،
”شەھەر ئالدى قونتاجى“ دەپ، قىز كۆچۈرۈش ئۈ-
چۈن، داقا-دۇمباق چېلىپ، قانچە ئون كىچىك ما-
شىنا بىلەن شەھەر ئايلىنىپ، ئۆزىمىزنى، ئورنىمىز-
نى بىلمەيۋاتقانمۇ بىز. سۈيۈقلىقىمىزغا باقماي، كۆ-
رۈنگەنلا يەردە ھاراق ئىچىپ، كوچىلاردا ئېشەكتەك
ئېغىناپ، بوزەكنى بوزەك قىلىپ، ئۇدۇل كەلگەن
يەرگە سىيىپ يۈرگەنمۇ، ئۆزگىلەرنىڭ يامان تامان-
نى ئۆگىنىپ، ئاق چېكىپ، نەسلىمىزنى قۇرۇتۇۋات-
قانمۇ بىز. مەنسەپ ئۈچۈن، تەخسىكەشلىك، گۇ-
رۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق، پەسكەشلىك، چېقىمچىلىق
قىلىپ، سۆڭەك تالاشقان ئىتلار مىسالى تالىشىپ،
بىر-بىرىمىزنى دەسسەپ-چەيلەپ يۇقىرىغا ياماشقانمۇ
بىز. مەنسەپ بەرسە، ئوڭلاپ قىلالمىغاننى ئاز دەپ،
ھاكاۋۇرلىنىپ، جاھانغا پاتماي، ھوقۇق بەرگەن
خەلقنى پايتىمىچىلىك كۆرمىگەنمۇ، مەنسەپكە تولكە
بولۇپ مىنىپ، مەنسەپتە يۈرۈپ بۆرى بولغانمۇ بىز،



خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز-
ىمىز ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قان-ياش ئاققۇ-
زۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەنمۇ بىز. مەنسەپ، پۇل، شە-
رەپ، خوتۇن ئالدىدا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي، ئاس-
ماندا ئۇچقانمۇ، شەرمەندە بولغانمۇ، پاتقاققا پاتقانمۇ
بىز... ئەس-ھوشىمىز جايىدا بولسا، بىزدەك نام-
رات، ئاجىز، قالاق، چېچىلاڭغۇ خەلققە بۇنچە ھەشە-
مەت، بۇنچە داغدۇغا، بۇنچە يوغانچىلىق، بۇنچە كۆ-
پۈرلۈق، بۇنچە قارا نىيەتنى كىم قويىدى؟!

(ئاپتور: ئېلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدا)



www.uyghurkitap.com

# زەئىپ تەن، چۈشكۈن روھ

ئابلىكىم ئابلىمىت

## 1

بۇ بىر ئالىي مەكتەپ. تۆت ئەتراپى پاكار قو-
رۇق تاملار بىلەن قورشالغان. بۇ ماكاننىڭ خەلق
ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئالىي
مەكتەپ ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆ-
لەت ئورگانلىرى، تۆۋەندىكى خەلق ئېتىراپ قىلغان.
شۇڭا ھەريىلى دۆلەت نەچچە يۈز مىڭ يۈەن مەبلەغنى
بۇ يەرگە سالىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت
خەلقى، بۇ قەدىمىي شەھەردىكى ئامما بۇ يەرگە ھۆر-
مەت، ئۈمىد بىلەن نەزەر تاشلايدۇ. بالىلىرىنىڭ بۇ
مەكتەپنىڭ قوينىغا كىرگەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن ئا-
تا-ئانىلار، قولۇم-قوشنىلار، يۇرت جامائىتى بالىلار-
نى ”خۇدايىمغا ئامانەت!“ دېگەن ئاددىي سۆز ۋە ئار-
زۇ، ئۈمىد، خۇشاللىقىغا تولغان كۆز يېشى بىلەن
توپ-توپ پۇللارنى قوشۇپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. بىزدىن



بىرەرسى: ”سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟“ دەپ سورى-
سا، ئۆزىمىزنى كۆز-كۆز قىلىپ، باشقىلارنى مەن-
سىتمىگەن ھالدا، ھەيۋەت بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ ئىس-
مىنى چىقىرىمىز. سورىغان كىشىنىڭ كۆزلىرىدە،
قىلىقلىرىدا دەرھال ئەيمىنىش، ھۆرمەت، ھەۋەس،
ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. كىشىلەر بىزنى مىللىتىمىزنىڭ
ئالىي بىلىملىك، ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئىز باسارلى-
رى، مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىز باسارلى-
رى، مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈۋرۈكلى-
رى، مىللىتىمىزنى ئىلغار، زامانىۋىلاشقان مىللەت-
لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش مۇساپىسىدىكى ئا-
ۋانگارتلىرى، دەپ قارايدۇ. خەلقىمىز قان-تەر بەدى-
لىگە ئېرىشكەن بايلىقلىرىنى بىز ئۈچۈن، بىزنىڭ
خاتىرجەم ئوقۇشىمىز، يارامىلىق زىيالىيلاردىن بولۇپ
چىقىشىمىز ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. بىزنى زامانىۋى
پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن ئۆزىنى زامانى-
ۋىلاشتۇرىۋاتىدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىۋاتىدۇ، دەپ
قارايدۇ. بىراق، بۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ نېمە
ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمىزنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىز
ئۆزىمىز بىلىمىز. ئەگەر بىزنىڭ بەتبەشىرە تۇس
ئالغان قىلىقلىرىمىزنى باشقىلار كۆرسە، بىزدىن
سەسكىنىدۇ، بىزگە مىللەت نامىدىن لەنەت، نەپرەت
ئوقۇيدۇ. خۇداغا شۈكۈر، ھازىرغىچە بىرەرسىمۇ

بىزنىڭ ئەسلى قىياپىتىمىزنى كۆرمىدى، كۆرسىمۇ
باشقىلارغا ئاشكارىلىمىدى. بىز ”ئالىي مەكتەپ ئو-
قۇغۇچىسى“ دېگەن نام بىلەن يۈزىمىزگە ئوپا، ئەڭ-
لىك سۈرتۈپ، باشقىلارغا چىرايلىق كۆرۈندۇق. ئا-
تا-ئانىمىزنى، خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى ئالداپ
كەلدۇق. مىللىتىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەبىي خەلقى
ھازىرغىچە بىزنى ”مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك
ياشلىرى“ دەۋاتىدۇ. بىراق، بىز. . .

2

بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمغا تۆت يىل بولدى.
تۆت يىل مابەينىدە نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىمدىن ئۆت-
كۈزدۈم، كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقىم بىلەن ئاڭ-
لىدىم. مەكتەپتە بىرگە ئوقۇۋاتقان باشقا دۆلەت،
باشقا مىللەت تەۋەلىكىدىكى ساۋاقداشلار بىلەن پاراڭ-
لاشتىم. باشقا دۆلەت، باشقا مىللەت تەۋەلىكىدىكى
ساۋاقداشلارنىڭ، ئۇيغۇر ساۋاقداشلارنىڭ ئىدىيە،
ئۆگىنىش، ھەرىكەت ۋە باشقا تەرەپلىرىنى كۆزىتىپ،
سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. ئەركىن سىدىق، دىلشات
ھېۋزۇللادەك كامالەتكە يەتكەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلان-
لىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگىلى تاس قالدىم. ئۇلار-



www.uyghurkitap.com

نى باشقا مىللەتتىن ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلاندىم.
چۈنكى، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا قاراپ، ئۇيغۇر مىللى-
تىدىن ئۇلاردەك باتۇرلار چىقىدۇ دېسە، مەن ئەمەس،
باشقىلارمۇ ئىشەنمەيدۇ. تۆت يىل ئوقۇش جەريانىدا
شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، بىز ئالىي مەكتەپ ئو-
قۇغۇچىسى دېگەن سالاھىيەتكە مۇناسىپ ئەمەسكەن-
مىز، بىزنىڭ تېنىمىز بارغانسېرى زەئىپلىشىۋېتىپ-
تۇ، روھىمىز چۈشكۈنلىشىشكە باشلاپتۇ. بىز — بىر
تۈركۈم ”پەردازلانغان زىيالىيلار“ ھەرگىزمۇ زاماند-
ۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئاۋانگارتلىرى بولالمايدى-
كەنمىز. بىر كۈننى ئاچ قالماي ئۆتكۈزۈش بىزنىڭ
ئالىي غايىمىزگە ئايلىنىپتۇ.
ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، ئىسمىمىز
دۆلەتنىڭ ”تۆمۈر“ دەپتىرىگە پۈتۈلدى. بىزنىڭ بۇ-
نىڭدىنمۇ يۇقىرى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشى-
مىز يوق. مۇشۇ مەكتەپنى ساق-سالامەت پۈتتۈر-
سەكلا بىر كىشىلىك مائاش بىلەن جان باقىمىز.
ئۆزىمىزنى قىيناپ نېمە قىلىمىز؟ ئون بىر يىل
دەرس ئۆگەندۇق، ئەمدى ئوينىماي، قاچان ئوينا-
يمىز؟ نومۇرىمىز 60تىن چۈشمىسە، مەكتەپ بىزگە
دىپلوم، ئۇنۋان بېرىدۇ.
مەكتەپتىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ساۋاقداشلارنىڭ
ئاغزىدىن بۇ گەپ چۈشمەيدۇ. مۇشۇ كۆز قاراش بى-

لەن بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز مېخانىك ھالدا دەۋر قىلىدۇ. ئەتىگەنلىك گىمناستىكا مۇزىكىسىنىڭ چىقماسلىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمىز. شېرىن ئۇيقۇمىزنى بۇزغىمىز كەلمەيدۇ. بىراق قېرىشقاندەك مۇزىكا ھەر كۈنى چىقىدۇ. ئامالسىز گىمناستىكىغا چىقىمىز. ھېچقايسىمىزنىڭ ھاراق ئىچىدىغان، قىمار ئوينايدىغان، تاماكا چېكىدىغان، كىنو كۆرىدىغان پۇلنى جەرىمانىگە تۆلىگىمىز يوق. سىز گىمناستىكا مەيدانىغا قاراپ بېقىڭ، ھەممىمىز قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرىمىز، كىمكى گىمناستىكا ئوينىسا، „ھويت. . . ھويت“ دېيىشىپ مازاق قىلىمىز. ھېچكىم گىمناستىكا ئويناشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ھەم ئوينىغۇسىمۇ يوق. بىز مۇزىكا تۈگىگىچە چاپقىمىزنى ئاران ئېلىپ بولىمىز. بىراق، يېنىمىزدىكى خەنزۇ ساۋاقداشلار باشتىن-ئاخىر شۇنداق رەتلىك، جانلىق، تېتىك ئوينايدۇ. ئۇلار گىمناستىكا تۈگىگەندىن كېيىن، سومكىسىدىن كىتابىنى ئېلىپ، دەرس ئۆگىنىشكە باشلايدۇ، بىز يۈزىمىزنى يۇيۇش ئۈچۈن ياتاق تەرەپكە يۈگۈرەيمىز.

ياتاققا كىرگەندىن كېيىن بەزىلىرىمىزنىڭ ئۇيقۇسى يەنە داۋاملىشىدۇ. بىز ئۈچۈن دەرس مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى — ئۇيقۇ. ئۇيقۇ لەززىتى ئۈچۈن تۆت سائەتلىك دەرسنى تاشلاپ، ئاغرىپ قالغان



بولۇپ يېتىۋالىمىز. بۇنى ھېچقايسىمىز ئەيىبلىمەيمىز. مۇئەللىم يوقلىما قىلسا، ھەممىمىز بىردەك ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىمىز.

ئەتىگەنلىك تاماقنى چالا يەپ، سىنىپقا ئاران ئۈلگۈرۈپ كىرىمىز. دەرس باشلىنىشى بىلەن تەڭ بىز مۈگدەشكە باشلايمىز. بۇ چاغدا سىنىپقا كىرسىڭىز بىزنى ھەرگىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دېيەلمەيسىز، بىز ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرگە ئوخشاپ قالىمىز. مۇئەللىم ئاغزىدىن مازغاپ ياندۇرۇپ دەرس سۆزلەيدۇ. پىخىلداپ كۈلۈش، يۆتىلىش، يېقىمسىز خورەك، بۇرنىغا ماڭقا تولۇپ قالغانلارنىڭ غەيرىي تىنىقلىرى، ئاچ قالغان كالىدەك ئەسەبىيلەرچە ئەسنەش، پىچىرلاشلار مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتىدۇ. „ئاشىق-مەشۇق“لارنىڭ بىر-بىرىگە خەت ئېتىشلىرى ئەۋجىگە چىقىدۇ، تاماكا ئىسى دىماغنى ئېچىشتۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بۇلارنى كۆرمەسكە سالىدۇ ھەم بىزگە گەپ قىلغىنى بىلەنمۇ بىكار. بىز ۋاقتىنچە جىم ئولتۇرىمىز، مۇئەللىم دەرسنى قىزىقىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، بىز يەنە ھەرىكىتىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز.

بىزنىڭ ئىمتىھان نومۇرىمىز مۇئەللىمنىڭ قولىدىن چىققاچقىلا، مۇئەللىمنى كۆرسەك ئاز-تولا ئېھتىيات قىلىمىز. مەكتەپ ئىمتىھان ئالمىغاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز مۇئەللىم
دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىغان بولاتتى. بىز
دەرس ۋاقتىدا سىناق ئالمىغان، ئازراق جاۋاب بەر-
سەكمۇ يۇقىرى نومۇر قويغان، سىناق بېرەلمىسەك
قاتتىق گەپ قىلمايدىغان، ئىمتىھان ۋاقتىدا كۆچۈر-
سەك كارى بولمايدىغان، ئىمتىھاندا ھەممىمىزنى ئۆت-
كۈزۈۋېتىدىغان، دەرستىن بۇرۇن چۈشىدىغان،
دەرس سۆزلىمەي قۇرۇق گەپ بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزى-
دىغان، ئىمتىھان سوئالىنى ئالدىن دەپ بېرىدىغان،
بىز بىلەن تەڭ ھاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىدىغان
ئوقۇتقۇچىنى ياخشى ئوقۇتقۇچى دەپ قارايمىز، ھەم-
مىمىز ھۆرمەتلەيمىز، يامان گېپىنى قىلمايمىز،
”ئوقۇتقۇچى دېگەن شۇنداق بولسا. . .“ دەپ تەرىپ-
لەيمىز. قايسى ئوقۇتقۇچى بىزگە قاتتىق تەلەپ قويى-
دىكەن، تاپشۇرۇق بېرىدىكەن، سىناق ئېلىپ، جاۋا-
بىمىزغا لايىق نومۇر قويىدىكەن، ئىمتىھان مەيدانىدا
ۋە قەغەز تەكشۈرگەندە ھەققانىيەتچىلىك قىلىدىكەن،
بىزنى ھاراق ئىچىشتىن، قىمار ئويناشتىن چەكلەيدى-
كەن. . . ئۇنداق ئوقۇتقۇچى بىزنىڭ نەپرىتىمىزنى
قوزغايدۇ. ئۇ ئوقۇتقۇچى بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ”ئەڭ
چۈپەي، چاكىنا“ ئوقۇتقۇچىدۇر. بىزمۇ ئوقۇتقۇچى
بولۇش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىمىز، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېگە-
دىكى ”ياخشى“ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن تىرىش-



ساق، تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىز قانداق كۈنگە
قالار؟ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپا-
سىدىن سۆز ئاچقىلى بولارمۇ؟! بۇلار بىزنىڭ خىيا-
لىمىزغا كىرىپ چىقمايدۇ. بىز شۇنداق ”ئالىي مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىلىرى“. . .

## 3

سىز بىزنىڭ ياتاق بىنالىرىمىزغا كىرسىڭىز
ئەسلى قىياپىتىمىزنىڭ بىر قىسمىنى كۆرىسىز. بە-
زى ياتاقلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتى-
قى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيسىز. بۇ ياتاقلار ئەسكى--
تۈسكى نەرسىلەرنى قويىدىغان ئامبارغا ئوخشايدۇ.
ئاي-يىللاپ يۇيۇلمىغان قاپقارا يوتقان-كۆرپىلەر
قالايمىقان تاشلانغان، سۈرتۈلمىگەن دېرىزىدىن كۈن
نۇرى ئۆتمەيدۇ. قۇسۇقنىڭ بەدبۇي پۇراقلىرىدىن تى-
نالماي قالىسىز، ھاراق، پىۋا بوتۇلكىلىرى، قارت
قەغەزلىرى، يۇيۇلمىغان قاچا، ”كېرىكى يوق“ دەپ
تاشلىۋېتىلگەن دەرسلىك كىتابلار، كونا ئاياغ، كونا
ئىچ كىيىملەر. . . چېچىلىپ ياتىدۇ. مۇشۇنداق جاي-
دا بىز— ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارام ئالى-
مىز. بىزنىڭ ياتىقىمىزمۇ مۇشۇ، قىمارخانىمىز،
قاۋاقخانىمىزمۇ مۇشۇ. ئۆيدىن كەلگەن توپ-توپ

پۇل، مەكتەپتىن بەرگەن تاماق بېلىتى مۇشۇ قىمار-
خانىمىزدا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ تۈگەيدۇ. ئۇتتۇۋالغان-
لىرىمىزنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىرىمىزنىڭ قورسىقى ئاچ
قېلىشى، سوغۇقتا توڭلاپ قېلىشى بىلەن چاتىقىمىز
يوق، تاماشا قىلىپ يۈرۈۋېرىمىز. ئۇتتۇرۇۋەتكەن-
لىرىمىز قەرز ئېلىپ يەنە دوغا تىكىمىز، قىمار بى-
لەن كېچە-كۈندۈزگە ئۇلىشىپ كېتىپ، دەرس چۆ-
رۈپ تاشلىنىدۇ. قىمار ئوينىغان ۋاقىت (ساۋاقداش-
لارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن) ئاغرىپ قالغان دەپ يوق-
لىما يېزىلىدۇ. ھېچقانداق ئىشتىن چاتاق چىقماي،
كۈن شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پېتىۋېرىدۇ. بىز بىر
كۈنىمىزنىڭ قورسىقىمىز ئاچ قالماي ئۆتكىنىگە
خۇش بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىمىز.

مەكتەپتىكى ھەرقانداق ئوقۇغۇچىدىن: "سىز-
نىڭ ۋەزىپىڭىز نېمە؟" دەپ سورىسىڭىز، چوقۇم:
"ئۆگىنىش" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىكى قۇرۇق شوئار، خالاس.
مەكتەپتىكى مۇتلەق كۆپچىلىكنىڭ نىشانى 60 نومۇر.
نومۇر 60تىن ئاشسا بولدى. 90دىن يۇقىرى نومۇر
ئالغانلار، «ئۈچتە ياخشى» بولغانلار، ئەقلىي جەھەت-
تە تۆھپىسى بارلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە "تاماق پۇلى-
نى كۆپرەك ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان، ئۆگەنسىمۇ
ئالىم بولالمايدىغان ساراڭلار" ھېسابلىنىدۇ. بىز 60



نومۇر ئۈچۈن تىرىشىمىز، 60 نومۇر ئۈچۈن، باشقا
چاغدا توپا بېسىپ ياتقان كىتابنى ئىمتىھانغا ئاز قال-
غاندا قولىمىزغا ئالىمىز. كىتابنى قولغا ئېلىپ
ئۆگىنەمدىكىن دەپ ئويلىماڭ. بىز كىتابتىن كېچە-
كېچىلەپ باغاق يازىمىز، كىتابنى پارچە-پارچە قى-
لىپ يىرتىۋالىمىز. ئىمتىھان باشلانغىچە يانچۇقلىرى-
مىز پارچە قەغەزلەرگە تولۇپ بولىدۇ. قايسى ئىمتى-
ھان مەيدانىغا "ياخشى" ئوقۇتقۇچى كىرسە، شۇ مەي-
داندىكى پارتىلارنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلىمىز. ئىم-
تىھاندىن كېيىن سىنىپنى قەغەز پارچىلىرى قاپلاپ
كېتىدۇ. كىم كۆچۈرمىسە، شۇ "ئەخمەق"؛ كىم
كۆچۈرەلمىسە، شۇ "ئىقتىدارسىز، قورقۇنچاق" ھې-
سابلىنىدۇ. كۆچۈرگەنلەر پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆزى-
نىڭ كۆچۈرۈش ماھارىتىنى سۆزلەيدۇ، بىز ھەۋەس
بىلەن ئاڭلايمىز. ئىمتىھاندىن ئاۋۋال قانداق كۆچۈ-
رۈش ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانلىقى-
مىزدىن، ئىمتىھان بىزگە ئانچە قورقۇنچلۇق تۇيۇل-
مايدىغان بولدى. ئۈرۈمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرى مۇنداق شېئىر توقۇپتۇ:

ئىمتىھان مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن كۆچۈرۈشنى.
ئۆتەلمەيسەن، دەپ ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئاتمىشنى.

قارىغاندا، بۇ خىل پەس، ناچار، ئېچىنىشلىق ئىللەت باشقا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىمۇ ئېغىر ئوخشايدۇ.

بىز 1994-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا «چەت ئەل ئەدەبىياتى» دىن ئىمتىھان بەردۇق. ئىمتىھاننى ھەممىمىز ياخشى بەردۇق، يەنى ھەممىمىز ياخشى كۆچۈردۇق. خۇشاللىقتا كۈلۈشۈشىتىپ، بىردىنلا بىرسىنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. قارىسام بىزنىڭ سىنىپتا دەرس ئاڭلايدىغان شىۋېتسارىيىلىك قىز ئوقۇغۇچى ئىكەن. يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سوراشتۇرسام، ئۇ، ئۆزى بىر سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۇيغۇر تىلىدا راۋان ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئېچىنىپ يىغلاپتۇ. ئۇ ئىمتىھاندا 95 نومۇر ئالدى، بىز كۆچۈرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭچىلىك ئالالمىدۇق؛ ئۇ كىچىككىنە بىر مەزمۇننى راۋان ئىپادىلەپ بېرەلمىگىنىدىن ياش تۆكتى، بىز مۇئەللىمنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ كۆچۈرۈۋالغىنىمىزدىن خۇشال بولدۇق. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار، ئوغۇل-قىزلار بىر-بىرىدىن "پەشۋا يېسە"، ئۆيىدىن پۇل كەلمىسە، مەست بولۇپ قالسا ھۆكىرەپ يىغلىغىنىنى بىلەن، ئىمتىھاندا بىرەر سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسە، دەرس ۋاقتىدىكى سىناقتا "نول" ئالسا ياش تۆكمەيدۇ. سىناقتا "نول" ئېلىش بىزلەر ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش. مەن ساۋاق-



www.uyghurkitap.com

داشلارنىڭ ئۆزىنىڭ "نول" ئالغان قېتىم سانىنى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۈنلۈك ھالدا جاكارلىغىنىنى جىق كۆردۈم. چەت ئەللىك قىز نېمە ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن كۈلىمىز؟ مىللىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇنى چوڭقۇر ئويلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس...

## 4

مىللىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، كاللىمىزنى سىلكىۋېتەيلى!

يىغلىغان قىزنىڭ يۇرتى شىۋېتسارىيە، ئەسلى ئىسمى ئېرىنا گېرىم، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، «ئاينۇر كېرىم» دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇۋالدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن خېلى كۆپ پەنلەرنى بىرگە ئوقۇدۇق. ئۇ دەسلەپتە سىنىپقا كىرگەندە، ئارقىدىكى ئورۇندا ئولتۇراتتى. كېيىن ئالدىغا ئالمىشىۋالدى. بىز ئامالىنىڭ بارىچە سىنىپنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىمىز، كەينىدە ئولتۇرساق، نېمە ئىش قىلساق مۇئەللىم كۆرمەيدۇ، خالىغانچە ھەرىكەت قىلىپ، خالىغانچە ئۇخلايمىز. بىراق، ئۇ ھەردائىم ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، خاتىرە يازىدۇ. دەرستىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن

چىقىپ سوئال سورايدۇ. بىز دەرس ۋاقتىدىن باشقا چاغدا مۇئەللىمگە يېقىن يولىمايمىز، سوئال سورىغۇدەك ماغدۇرىمىزمۇ يوق.

چەت ئەللىك قىز ئاينۇر بىرنەچچە خىل ياۋروپا تىلىنى بىلىدىكەن، ئۆز دۆلىتىدە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدىمۇ بىر يىل ئوقۇپتۇ. كېيىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلگەنكەن. بەش يىلدىن بۇيان ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى، يېزىقىنى راۋان ئۆگىنىپ بولدى، قىرغىز تىل-يېزىقىدىن دەسلەپكى ئاساسقا ئىگە بولدى. ئۇيغۇر تىلىدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، خېلى تەسىر قوزغىدى. ئۇ مەكتەپ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنىدا قىزلارنىڭ 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىگە قاتنىشىپ، ھەر يىلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ يەنە مەكتەپ قىزلار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشى بولسىمۇ، ھەشەمەتچىلىك قىلماي، ئاددىي-ساددا كىيىنىپ يۈرىدۇ. ئاددىي قول سومكىسىغا لىققىدە ماتېرىيال قاچىلاپ، ۋاقتىنى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ، تىنىم تاپماي ئۆگىنىدۇ. ئۇنى مەجبۇرلايدىغان ئادەم يوق، لېكىن دەرسكە تولۇق، ۋاقتىدا قاتنىشىدۇ. بىزنى مەجبۇرلاپ تۇرسىمۇ، ئايدا بىر-ئىككى كۈن



دەرسكە قاتناشمايمىز. دەرس ئۆتمىسە، مۇئەللىمنىڭ ئىشى چىقىپ قالسا خۇشال بولىمىز. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم. ئۇ پەن-مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىدا ئاران بىر يىل ئوقۇپ، بىزدەك نامى ئۆچۈش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقان مىللەتنىڭ تىلىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ئۈچۈن بەش يىلدىن بىرى بۇ يەردە تۇردى. بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىمىزنى، مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى ئۇنىڭچىلىك بىلمەيمىز.

ئۇمۇ بىر قىز بالا، كۆتۈرۈۋالغان سومكىسىدا ماتېرىيال بار. خەنزۇ قىز-ئوغۇل ساۋاقداشلارمۇ سومكىسىغا تولدۇرۇپ ماتېرىيال سېلىۋالىدۇ. ئۇيغۇر ئوغۇل ساۋاقداشلار ماتېرىيال سومكىسىنى ھەرگىز كۆتۈرمەيدۇ. قىز ساۋاقداشلارنىڭ كۆتۈرۈۋالىدىغىنى تېشى پار-پار كىچىك سومكا. ئىچىدىكىسى گىرىم بۇيۇملىرى، قول ياغلىق ۋە پۇل. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ سومكىسىغا نېمىشقا كىتاب سىغمايدۇ؟!

دەرس ئۆگىنىشنى مۇتلەق كۆپچىلىك قىز ساۋاقداشلار ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئىش دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئوقۇيدۇ، خاتىرىلىرىگە ئوت-

لمۇق لېرىكا شېئىرلارنى كۆچۈرىدۇ، ئەمما ئىلمىي قىسمەتكە ئىگە كىتابلارنى ئوقۇشقا، لېكسىيە يېزىشقا "ۋاقتى يوق". ئۇلار تەيۋەن، شياڭگاڭنىڭ كىنو، ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئىسمىنى، مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ تېكستلىرىنى، داڭلىق گىرىم بۇيۇملىرى، زامانىۋى كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ماركىسى، باھاسىنى خۇددى ئۆز ئىسمىنى بىلگەندەك بىلىدۇ. كىم، كىم بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ، كىم، كىم بىلەن ئايرىلىپ كەتتى، كىمنىڭ قانداق كىيىمى چىرايلىق، كىم يېڭى كىيىم كىيدى... بۇلارنى نەزەرىدىن ساقىت قىلمايدۇ. لېكىن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سالاپىتى بىلەن ئاددىي سىياسىي ساۋاتلارنى، ئەقەللىي پەننىي بىلىملەرنى بىلمەيدۇ. ھەرخىل تانسا تۈرلىرىگە پۈتلىرى ئاپتوماتىك ھالدا يۆگىشىدۇ، ئەمما، دەرس ۋاقتىدىكى گۈزەللىك گىمناستىكىسى ئۇلار ئۈچۈن بەسى مۈشكۈل. ئۇلار دائىم: "بىز دېگەن قىز بالا، نېمە ئىش قىلاتتۇق؟" دېگەننى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مىللىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە ئىدىيە، كۆز قاراش، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلغار ھېسابلىنىدىغان بۇ ئالىي مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرى مۇشۇنداق "لىڭتاسما" ھالەتتە تۇرسا، مىللىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟! ئالىي مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرىمىز نېمىشقا ئۆزىنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىللەت، دەۋر ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇپ يەتمىدۇ!؟

ئاڭلىشىمچە، مەكتەپنىڭ مەلۇم ياتىقىدىكى قىزلار "قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆزىگە ئوغۇل ھەمراھ تېپىش مۇسابىقىسى" ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن بىرەر قېتىم قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەلۇم بىر دەرس مەزمۇنىنى ئۆگىنىشتە مۇسابىقە ئېلىپ بارغانمىدۇ؟! ئېنىقكى، ئېلىپ بارمىغان. ئۇلار مەكتەپكە جۆرە تېپىشقا كەلگەنمىدۇ؟ ئاتا-ئانىسى بىرەر لايىق تېپىۋال دەپ "نەسىھەت" قىلامدىغاندۇ؟ بىلىش كېرەككى، ھازىرقى دەۋر ئۆزىگە لايىق ئاياللارغا، يەنى زامانىۋى پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان، ھەرجەھەتتىن مەدەنىيلەشكەن ئاياللارغا موھتاج. مىللەتنىڭ تەرەققىياتى شۇنداق ئاياللارنى كېرەك قىلىدۇ. دەۋرگە كېرەكلىك ئاياللار ئالىي مەكتەپلەردىن يېتىشىپ چىقمىسا، باشقا ساھەلەردىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرى، ئېسىڭلەردە بولسۇنكى، سىلەر ئاجىز ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىدا "قىز"، "ئايال" دېگەن سۆزلەر ھەرگىزمۇ "ئاجىز"، "ئىقتىدارسىز" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۆزەڭلەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىكى مەشھۇر ئايال سىياسىئونلارغا، ئايال ئالىملارغا، ئايال كارخانىچىلارغا

سىلىشتۇرۇڭلار! سىلەردە جانلىق، تېتىك روھ بول-
سىلا، دۇنيا سىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، سىلەر تۆھ-
پىكارلارغا ئايلىنالايسىلەر!

5

سۆزلەپ كەلسەك، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىد-
غان، ئېچىندۇرىدىغان، سەسكەندۇرىدىغان قىلىقلار
تۈگىمەيدۇ. مەكتەپتە ھەرىيلى تۆت-بەش قېتىم چوڭ
يىغىن ئېچىلىپ مۇنەۋۋەر «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇ-
چىلار، ئىلغار ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئىلغار سىنىپ
كادىرلىرى تەقدىرلىنىدۇ، رادىئو، ئام گېزىتلىرى-
دە، مەكتەپ گېزىتىدە ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلى-
رى تەشۋىق قىلىنىدۇ. لېكىن، كىم ئىلغار، كىم
ياخشى، ئۇلار بىلەن كارىمىز يوق، ئىلغارلارنى مەس-
خىرە قىلىمىز، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىمىزگە
ئۈلگە قىلىش بىز ئۈچۈن نومۇس. بىزنىڭ ھۆرمەت
قىلىدىغىنىمىز، تەرىپلەيدىغىنىمىز ئاغزىدا قۇرۇق
گەپنى، بىر قولىدا ھاراق بوتۇلكىسى، بىر قولىدا
پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان "نوچىلار"دۇر. ئۇلار ھە-
قىقىي ئەركەك ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە، كىم مەست
بولۇپ قالسا، شۇنىڭ گېپى ئۆڭ ھەم چوڭ بولىدۇ؛
كىم جىق ھاراق كۆتۈرەلىسە، شۇ ماختىلىدۇ. "ئاخ-



شام بىرسى بىر يەشىك پىۋا ئىچىپ، مەست بولماپ-
تۇ" دېسە، ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتى قوزغىلىدۇ.
مەنمۇ شۇنداق قىلالىسامكەن، دەپ ئويلاپ قالىمىز.
كىمكى ھاراق ئىچمىسە ياكى ئىچەلمىسە، شۇ ئوغۇل
بالا ئەمەس، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ. ئوغۇللار ھا-
راق ئىچىشتە بەسلىشىدۇ. ئۆگىنىش جەھەتتە بەسلى-
شىمىز دەپ، قول ئېلىشقىنىنى مەن كۆرمىدىم.
ھاراق ئىچىپ، مەست بولۇپ، ياتاق، سىنىپنى
قالايمىقان قىلىدىغىنى، كوچىدا يېتىپ قالىدىغىنى
ئۇيغۇر ساۋاقداشلار. جېدەل چىقىرىپ تەنقىدلىنىد-
غىنى ئۇيغۇر ساۋاقداشلار. خەنزۇ ساۋاقداشلارمۇ ئى-
چىدۇ، لېكىن كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى
مەست ھالەتتە كۆرمىدىم. دەرستىن كېيىن، بىز
مەكتەپ ئالدىدىكى قاۋاقخانىلاردا توپ-توپىمىز بىلەن
ئولتۇرۇپ كېتىمىز. قاۋاقخانىغا سىغمىغانلىرىمىز
ياتاقتا سورۇن تۈزىمىز. بۇ چاغدا، خەنزۇ ساۋاقداش-
لارنىڭ كۆپچىلىكى كۇتۇپخانىدا بولىدۇ. بىز بىرىن-
چى كۈنى ھاراق ئىچسەك، ئەتىسى دەرسكە چىقماي
"ئاغرىق" بولۇپ ياتىمىز. بەزىلىرىمىز كۈن-كۈنلەپ
مەست ھالەتتە يۈرۈيمىز، دەرس بىلەن كارىمىز يوق.
ھاراق بىزنىڭ دوستىمىز، دىلكەشىمىز، مۇڭدىشى-
مىزغا ئايلانغان. يانچۇقتا پۇل تۈگىسە، قەرزگە ئى-
چىمىز. قەرز جۇغلاشسا، ئاتا-ئانىمىزنى ئالداپ خەت

www.uyghurkitap.com

يېزىپ، پۇل ئەۋەتىشكە قىستايمىز. شۇنىڭ بىلەن كۈنىمىز ئۆتىدۇ.

## 6

مەكتەپ بىز ئۇيغۇر ساۋاقداشلارنىڭ ئارام ئالىدىغان ماكانى. تاماق، ياتاق، سۇ، توك... بۇ نەرسىلەرگە بىزدىن ھەق كەتمەيدۇ. ئۆيىمىزدىن ئايدا پۇل كېلىپ تۇرىدۇ. بىزدە غەم يوق، كۈن بويى ئويناش، ياخشىراق ياشاش ئۈچۈن پالاقلايمىز. جاھان نەگە تەرەققىي قىلدى؟ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز نېمە؟ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قانداق ئۆگىنىدۇ؟ بۇنى ئويلاپ قويمايمىز. بىز ”ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوق، شارائىت يوق“ دەپ، ئائىلىنىڭ بارىچە ئۆگەنمەسلىكنىڭ ”قازىنىنى ئېسىپ“، ئوقۇتقۇچىلارنى ئالدايمىز. ئەمەلىيەتتە، بىزدە ھەممىدىن ۋاقىت كەڭرى. مەكتەپ بىزگە تولۇق شارائىت يارىتىپ بەردى. مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى 500 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب ۋە ھەرخىل گېزىت-ژۇرناللار بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا ئېچىۋېتىلگەن، قانداق كىتاب دېسەك تېپىلىدۇ. بىراق، بىزدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا لايىق ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش روھى يوق. مەكتەپ ئىچىدە، شەھەر-



دە ئۇياقتىن-بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزىمىز. ئىمتىھان ۋاقتى بولمىسا، مىللىي تىل-يېزىق قىرائەتخانىسى بوش قېلىپ، ”ئاشىق-مەشۇق“لارنىڭ سۆھبەتخانىسىغا ئايلىنىدۇ. دەرس ئۆگىنىشكە كىرگەن ئاز ساندىكى ساۋاقداشلار ”ئاشىق-مەشۇق“لارنىڭ پاراڭلىرىدىن، غەيرىي ھەرىكەتلىرىدىن بىزار بولۇپ، چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ يەردە، ئالىي بىلىم يۇرتىغا لايىق مۇئەسسەسەلەر، ئوقۇتقۇچىلار بولغان بىلەن، ئالىي بىلىم يۇرتىغا لايىق ئوقۇغۇچى ئەمەس.

## 7

تاماققا كىرسەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىمىزنىڭ قاچىمىز يوق. بىر قاچىدا بەش-ئالتەيلەن ئارقا-ئارقىدىن تاماق يەيمىز، باشقىلىرى تاماق يېگەن قاچىنى يۇيۇۋەتمەي يەۋېرىمىز. بەزىلىرىمىز ناننىڭ ئۈستىگە پولۇ، لەڭمەن، گاڭپەن ئېلىۋېلىپ، كۆتۈرۈپ يۈرۈپ يەيمىز. ئىتتىرىشمىسەك قورسىقىمىز تويمايدۇ. ئاشپەز ئۇستاملارنىڭ: ”ئالدىرىماي، رەتلىك كېلىڭلار!“ دېگىنىنى ئاڭلىماي، سۆڭەك تالاشقان ئىتتەك بىر-بىرىمىزگە خىرىس قىلىشىپ، تىللىشىپ تاماق ئېلىپ يەيمىز.

ئاشخانىمىزدىكى تاماق شىرەلىرى، كوزىلار ئاشقان
تاماققا تولۇپ كېتىدۇ، پۈتۈن مومىلارنى، پاكىز ئا-
ماقلارنى تۆكۈۋېتىمىز. بۇ تاماقلارنىڭ ئاتا-ئانى-
مىزنىڭ قان-تەرىگە كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قا-
لىمىز . . .

تىلغا ئالسا سەسكىنىدىغان قىلىقلىرىمىز، ئا-
دەتلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ئالىي مەلۇماتلىق، مە-
دەنىيەتلىك دېيەلەمدۇق؟ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلى-
رى هاراققا، قوسۇققا مىلىنىپ يۈرسەك، جەمئىيە-
تىكى ئىشسىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يارىماس ئىللە-
لىرىنى ئەيىبلەشكە هەققىمىز بارمۇ؟! بىزنىڭ باشقا
مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن نەرىمىز كەم؟!

**8**

باشقىلار ”ئالغا!!“ ساداسىنى ياڭرىتىپ، كۈن-
سېرى تەرەققىي قىلىۋاتسا، بىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار
ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەي، هاراققا چىلىنىپ، پەس
ئارزۇ-هەۋەسلەرگە مەپتۇن بولۇپ يۈرۈۋاتىمىز.
”چەت ئەل ئۇنداق ياخشى، مۇنداق پەيزى“ دەپ،
ئۆزىمىزنىڭ شارائىتىدىن نارازى بولىمىز. ياخشى
شارائىتنىڭ ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا
كېلىدىغانلىقىنى، بىزدەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى-



لىرىدا زامانىۋى روھ بولغاندىلا مىللىتىمىزنىڭ رو-
ناق تاپىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتسەك بولماسمۇ؟

كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن، ئاۋۋال كېسەلنى باي-
قاش، ئۆزىدە كېسەل بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كې-
رەك. هېچقايسىمىز يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەرنى ”قۇ-
رۇق گەپ“ دېيەلمەيمىز هەم ئۇنداق دېمەسلىكىمىز
كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-
چىلىرى بۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. تەن ۋە
روھىمىزنى چىرمىۋالغان ئىبلىس زەنجىرىدىن ئۆزى-
مىزنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز لازىم. ئەتراپىمىزغا ئۆتكۈر
كۆز بىلەن قاراپ، ئۆزىمىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلى-
ۋاتقانلىقىمىزنى، باشقا مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلىرىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سې-
لىشتۇرۇپ كۆرەيلى ۋە ئۆزىمىزدە ئالىي مەكتەپ ئو-
قۇغۇچىسىغا خاس ساغلام بەدەن، كۆتۈرەڭگۈ روھ
يېتىلدۈرەيلى!

ساۋاقداشلار، هەممە بىزگە كۆز تىكمەكتە!

# «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ بولغاندا» ۋە «زەئىپ تەن، چۈشكۈن روھ» دېگەن ماقالىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن

نەسرىدىن نىياز

مەن ئۆز مىللىتىمنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، قائىدە-يوسۇنلىرىنى ھەم مەدەنىيىتىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزىقىمەن. شۇڭلاشقا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمەن. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 1-سانىنى ئوقۇۋېتىپ ئالدى بىلەن جاپپار قاسىمنىڭ «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ بولغاندا. . .» دېگەن ماقالىسىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە مەندە بۇ ماقالىنى ئوقۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. جاپپار قاسىم ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ "ئەينەك"لىك رولىنى ياخشى ئۆتەپ، مىللىتىمىزنىڭ تىلىدىكى، تېنىدىكى، دىلىدىكى زەئىپلىكنى پەردەزلىمەستىن، راستچىللىق بىلەن ئەينەن كۆرسىتىپ، مىللىتىمىزنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى دادىل ئېچىپ ئوتتۇرىغا قويغان.



www.uyghurkitap.com

ئاپتور ئۆز ماقالىسىدە، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ياخشىلانغاندىن كېيىنكى جەمئىيىتىمىزدىكى ۋە مىللىتىمىز ئارىسىدىكى بىر قىسىم ئەھۋاللارنى: مىللىتىمىز ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پۇلنى خەجلەيدىغان جاي تاپالماي، ئۆزىنى پاراغەتلىك تۇرمۇش قوينىغا قارىغۇلارچە ئېتىش، بەزىلەرنىڭ توي-تۆكۈنلەرنى ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ "يۈز-ئابروي" تېپىش، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنى كۆككە ئۇچۇرۇپ، ئۆز مىللىتى تېنىدىكى جاراھەتلەرنى چىرايلىق پەردازلار بىلەن يېپىش، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مىللىتىمىزنىڭ بەزى ناچار ئىللەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز مىللىتىدىن يۈز ئۆرۈش، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي غۇرۇرى ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنى يوقىتىپ، ھېيت-بايرام ۋە توي-تۆكۈنلەردە ھاراق ئىچىپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ، كوچىلاردا مەينەتچىلىككە مىلىنىپ يېتىپ قېلىشتەك يىرگىنچلىك ئىللەتلىرىنى يازغان، مىللىتىمىز ئارىسىدىكى ئاشۇ بىر قىسىم "قاپاق نوچى"لارغا جىددىي سىگنال بېرىپ، ئۇلارنى جەڭ ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يولىدىكى خوخا-تىكەنلەرنى ئۆز قەلىمى ئارقىلىق چېپىپ، ئېچىپ

تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ھالاكەت يولىغا ”قىزىل چىراغ“ يېقىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆز پىكرىنى بايان قىلغان، مىللىتىمىز ئارىسىدىكى ئاشۇنداق بىر قىسىم كىشىلەرگە كاللىسىنى سىلكىۋېتىش ۋە قول-قىنىڭ توپىسىنى قېقىۋېتىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلغان، مىللىتىمىزنى ئاشۇنداق بىر قىسىم ”ئازغان بىچارە“لەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا چاقىرغان.

دوستلار! مىللىتىمىز ئارىسىدىكى ئاشۇنداق بىر قىسىم كىشىلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش بىر ياكى بىرقانچە كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى بولماستىن، بەلكى بىر پۈ-تۈن مىللەتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارغا دوستلۇق قول-ىمىزنى سۇنۇپ، ھىممەت ئېتەكلىرىمىزنى كەڭرى ئېچىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ ماقالە ئار-قىلىق، ئۆز مىللىتىمگە بولغان چۈشەنچەمنى خېلى ئاشۇردۇم، ئىللەتنى تۈگىتىپ، مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشكە قەدەم تاشلاش ئىرادىسىگە كەلدىم.

بۇ ماقالىنى ئوقۇپ قىزىقىشىم ئۇلغىيىپ بىر-دىنلا يەنە ”0“، ”60“ رەقەملىرى ۋە بىر ياشنىڭ ئاللىقانداقتۇر خىياللارغا چۆكۈپ تۇرغانلىقىغا، بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۇزۇن بوتۇلكىنى كۆتۈرۈۋالغانلى-



قىغا، بىر يىگىتنىڭ تاماكا ئىسى ئىچىگە غەرق بو-لۇپ كەتكەنلىكىگە، چىرايلىق كىيىنىۋالغان كالتە چاچ بىر قىزنىڭ سۈرىتىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ «زەئىپ تەن، چۈشكۈن روھ» دېگەن ماۋزۇسىغا بېرىلىپ بۇ ماقالىنى ئوقۇش-قا باشلىدىم.

بۇ ماقالىنى ئوقۇۋېتىپ ئۆز-ئۆزۈمگە: ”خۇدايا توۋا! 11 يىل جاپا تارتىپ ئوقۇپ ۋەتەننىڭ، مىللەت-نىڭ، ئاتا-ئانا، ئوقۇغۇچى-ئۇستازلارنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى بىلەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەرلەردە ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ جاپا تارتىپ تاپقان پۇلىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ رو-ھى ۋە جىسمانىيىتىنىڭ قانچىلىك زەئىپلىشىپ كەت-كەنلىكىنى ئويلاپ قويامدىغاندۇ؟ ئېھتىمال ئۇلارمۇ رادىئو-تېلېۋىزورلاردىن خەلقئارا خەۋەرلەرنى ئاڭ-لاپ، يېرىم ئايلىق سۆھبەتلەرنى ئوقۇيدىغاندۇ-ھە! خەلقئارالىق ئىلىم-پەن، تىببىي ساھە، سەھىيە، پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە قاتناشقان ئۇيغۇر بالىلىرى قانچىلىك؟ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار-دىن دوكتور، پروفېسسور، ماگىستىر بولغانلار بار-ماق بىلەن ساناپ بېرەلىگۈدەكلا، دېگەن سوئاللارنى ئويلامدىغاندۇ؟ ئاتا-ئانا ۋە ئوقۇتقۇچى-ئۇس-

تازلىرىنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن قان-تەرىنى ئويلا-
دىغاندۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىھانلاردا كۆز بويام-
چىلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يۈرۈپ ئاران-تەستە 60
نومۇر ئېلىشى بىلەن ھېلىقى شىۋېتسارىيىلىك بىر
قىزنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى ئىمتىھانىدا 95 نومۇر
ئېلىپ تۇرۇپمۇ ئۆكسۈپ يىغلىغانلىقىنى سېلىشتۇ-
رۇپ باقمىغانمىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مىللىتىمىز كىشى-
لىرىنىڭ تەن سالامەتلىكى ناچار، تەن قۇۋۋىتى ئا-
جىز، ئەقلىي قۇۋۋىتى تۆۋەندۇ دېگەنلەرنى ئويلىمى-
غاندۇ؟“ دېگەن سوئاللار مېڭەمنى قوچۇۋەتتى.

يېقىندا بىزنىڭ يۇرتتىكى بىر ئالىي مەكتەپ
ئوقۇغۇچىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم:

—ئالىي مەكتەپ دېگەن ئاجايىپ ياخشى بىلىم
بولىدىكەن-ھە؟ —دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن، ئۇ ئاغ-
زىنى پۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپ:

—نەدىكىنى، كۈنلەر ئويۇن-تاماشا بىلەن ئۆتۈ-
ۋاتىدۇ، ئويۇنغا ئارىلاشمىساڭ تىلغا قالىسەن، شاڭ-
خوغا قالىسەن، — دېگەنىدى. مانا ئابلىكىم ئابلە-
مىتمۇ خۇددى كۆپ ساندىكى ئۆتكۈر پىكىرلىك كى-
شىلەرگە ئوخشاش ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل
بۆلىدىغان ۋە ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى-
نىڭ تۇرمۇشىنى يېزىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ نېمە
ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇلارغا ئېيتىش ۋە ئۇلارغا



جىددىي سىگنال بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىي ۋە
جىسمانىيىتىدىكى ئۆسمىلەرنى ئۆز قەلىمى ئارقىلىق
كېسىپ تاشلاپ، ئۈمىدلىك نوتىلارنىڭ ۋاقىتسىز قۇ-
رۇپ قاقشال بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوي-
لانغان ۋە باش قاتۇرغان. ئەي، ”بىر قىسىم يۇقىرى
مەلۇماتلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى“ ئۆزۈڭلار-
نىڭ قانداق يولغا كىرىپ قالغانلىقىڭلارنى ۋە نېمە
ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى ئويلاپ قويۇڭلار ھەم تۇمان
باسقان ئەقىل ئورمانلىقىڭلاردىكى تۇماننى سۈرۈپ
چىقىرىپ، ئۆز ”قالپاق“لىرىڭلارغا لايىق ئىش قى-
لىڭلار! بىزگە شانلىق ئۈلگە بولۇڭلار. ھۆرمەتلىك
ئابلىكىم ئابلىمىت ئاكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەلە-
مىنى توختىتىپ قويماي، كۆپلەپ ياخشى ئەسەرلەرنى
يېزىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك مىللىي تولۇق ئوت-
تۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 4-سىنىپ
ئوقۇغۇچىسى)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# "يىپەك يولى"نىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە "تۆگە قۇشى" روھى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

"ئويغاتماق — ئەڭ مۇشكۇل ئىش، چۈنكى، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ"

— «نىجادىيەتنامە» دىن

يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى شۆھرەتلىك مەدەنىيەت گۈلزارىنى سۇغىرىپ كەلگەن خەلقئارا ئالاقە يولى — "يىپەك يولى" قايتا ئېچىلدى! مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن تاكى يېقىنقى زامان دېڭىز-ئوكيان قاتنىشىغىچە داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان "تۆگە" يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن "قاناتلىق تۆگە" ئوبرازىدا قايتا نامايان قىلىندى. بىزنى تەقەززا قىلغان كەلگۈسى بىزنى كۈتۈپ تۇرغان كەلگۈسىگە ئايلانماقتا!

"تۆگە" سىمۋول قىلىنغان يىپەك يولى زامانلىرىدا ئەجدادلىرىمىز شەھەر-قەلئەلەرنى ھالقا قىلغان ئاۋات بوستان مەدەنىيىتى ياراتقان، ھۈنەرپەز ۋە



خەلقئارا سودىگەر خەلق سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان، پەلسەپە ۋە تەبىئەت پەنلىرىدە قامۇسى ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن، مۇشۇ ئاساستا سەنئەتتە داڭ قازانغانىدى. ئۇ چاغدىكى تەكلىماكان چۆللۈكى دىيارى مەدەنىيەت چۆللۈكى ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولماستىن، ئەكسىچە ساياھەتنامە مۇئەللىپلىرىگە ئالتۇن ئىلھام بېغىشلىغان مەدەنىيەت دەھلىزى ئىدى.

"تۆگە" سىمۋول قىلىنغان ئاۋات ئەسىرلەر خارابىلىرىنى ئوغۇت قىلىپمۇ باياشاتلىققا ئىگە بولالمىدۇق. ئەمدى "قاناتلىق تۆگە" سىيما قىلىنغان يېڭى ئەسىرلەر تىزمىسى ئالدىدا تۇرىمىز. بۇ غايەت كاتتا ھادىسىنى يېتەرلىك مەنىسى بىلەن ھېس قىلىدىغان كىشىلەر ئاز بولسىمۇ، ئۇنى كەلگۈسى تارىخچىلىرى ئىپتىخارلىنىپ تىلغا ئالىدۇ.

ئويلاپ قالدىم. "تۆگە" بىلەن "قاناتلىق تۆگە" نىشانلانغان تارىخىي دەۋرلەر ئارىسىدا ئۆتكەن زۇلمەتلىك ئەسىرلەرگە نېمىنى سىمۋول قىلىش لازىم؟ بۇ بىر سىمۋولنىڭ ئىخچاملاش ۋە ھېس قىلدۇرۇپ تەربىيەلەش كۈچى ناھايىتى چوڭغۇ! مېنىڭچە "تۆگە قۇشى"نى سىمۋول قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە!

شۇنداق، بىز بۇ جاھالەتلىك ئەسىرلەردە ئىلىم ۋە ھېكمەتتىن ئايرىلىپ، ئىشانلىق ۋە مەزھەپ مۇرتەۋازلىقى لاتقىسىغا پاتتۇق. "ئاق تاغ"، "قارا تاغ"

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇۋېلىپ، قان تۆكتۈك، ئويغانتقۇچى مەشرەپ، زە-
لىلى، خاراباتى، ئەزىزى ۋە خالىقلارنى خارلاپ سىرت-
تىن كەلگەن مەختۇم ئەزەم، يۇسۇپ چاڭموزىلارنى
ئەۋلىيا ئەزەم قىلىپ، ياسالما مازارلارنى تاۋاپ قى-
لىپ ياتتۇق. قولىمىزدىن كەلگىنى داپ تاراڭشىتىپ
ئۇسسۇل ئويناش بىلەن مەدداھلىق ۋە ھاپىزلىق بول-
دى! ئاخىر بىر تال قەنت، بىر تال مىخ، بىر تال
سەرەڭگىنىمۇ چەتتىن ئالىدىغان كۈنگە قالدۇق!
يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى خەلقئارا تارىخي
خاراكتېرلىك ھادىسە ئىدى. بىز بۇ تاشقى مۇھىت
ئىچىدە بارغانسېرى بېكىنمىچىلىك بىلەن شۇغۇللان-
دۇق. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى بىرقانچە ۋىلا-
يەت-ناھىيىلەر بويىچە قاماپ تاشلاپ، بىر-بىرىدىن
ئۈركۈيدىغان، بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان "يۇرت-
ۋازلىق پسىخولوگىيىسى" تەييارلىنىۋالدۇق. بىر زا-
مانلاردا ۋاڭ يەندى، يىللۇچۇسەي، ماركوپولو ۋە بىر
توپ ئەرەب ساياھەتچىلىرى قەلىمىدە ئىزچىل "ئۇي-
غۇر" دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئىبارە كېيىنچە رادلوۋ،
مالۇۋ، روبوۋسكى، ۋەلىخانوۋ قاتارلىقلار قەلىمىدە
"قۇمۇللۇقلار"، "تۇرپانلىقلار"، "تارانچىلار"، "دو-
لانلىقلار"، «قەشقەرلىقلەر"، "ماچىنلىقلار" دەپ يې-
زىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇر ئىبارىسى پەقەت "سېرىق
ئۇيغۇر"لارنىڭ نامىدىلا قالدى. گەرچە بۇ ئەسىر-



يېڭى مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى تەشەببۇسى ۋە ئۇيغۇر
مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ ئىلھامىدا "ئۇيغۇر" ئىبارى-
سىنى ھەممىمىز ئېغىزىدا، قەغەزدە، ۋىۋىسكا ۋە تام-
غىلاردا ئېتىراپ قىلىغان بولساقمۇ، لېكىن روھىيەت-
تە، ئاستىنقى ئاڭدا تېخى قوبۇل قىلىپ كېتەلمى-
دۇق. مۇھەببەت-نەپرەت سىزىقىدا، ھالاۋەت تەقسىم
قىلىش چۆمۈچىدە، مەسىلە ھەل قىلىش تەستىقىدا،
دوستلىشىش ۋە مۇراسىم داستىخانلىرىدا، باھا-تەق-
رىز زۇۋانلىرىدا، ئۆرلەش-چۈشۈش تاناپلىرىدا، كى-
رىم-چىقىم سېتكىلىرىدا تېخى "ئۆز يۇرت بالىسى"،
"ئۆزگە يۇرت كالىسى" ئالاڭلىقى ئېغىر! مىللي
مەدەنىيەت ئارغىماقلىرىنىڭ بەيگىسىگە قويۇلغان تو-
ساق شادىلىرى ھەر بىر يۇرت بويىچە بىر دەك ئەمەس!
بۇ بولمىغۇر، ھالاك قىلغۇچ ئاپەتنى جىن-شەيتانلار
ئەمەس، "ئۆز يۇرت" ئەزىمەتلىرى بەجا كەلتۈرۈپ
تۇرۇپتۇ. تاماقخانىلارغا كىرىشتىمۇ "ئۆز يۇرت"
خىزمەت تەقسىماتىدىمۇ "ئۆز يۇرت" ماقالە-كىتاب
نەشىر قىلىشتىمۇ "ئۆز يۇرت"، ساداقەت بىلدۈرۈش-
تىمۇ "ئۆز يۇرت"، ئۆلۈم-يېتىمدىمۇ "ئۆز يۇرت"!
پەقەت "توتېم" پاسونىدا بەدەنگە گۈل چېكىش بىلەن
"شامان" قىياپىتىدە گىرىم قىلىشلا قالدى!
سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شامىلىدا
ھەر بىر ناھىيىلەرگىچە كۆپلىگەن كىتاب-ژۇرنال

يايمىلىرى كەڭ تارقالدى. ئۇنىڭدا مەملىكەتنىڭ ھەر-
مە يېرىدىن، ھەتتا تەيۋەن، شياڭگاڭلاردىن كەلتۈ-
رۈلگەن خەنزۇچە كىتاب-ژۇرناللار ئەركىن سېتىل-
ماقتا. مەن پات-پاتلا يىراق ئۆلكە-شەھەرلەردە چى-
قىدىغان ژۇرناللارنىڭ ئەسەر ئەۋەتىش تەكلىپلىرىنى
تاپشۇرۇپ ئالىمەن، بۇ گۈللەش مۇھىتى بىلەن گۈل-
لەش روھىيىتى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆزدەك بىر-
لەشكەن مەنزىرىنىڭ ئىپادىسى، بىزدىچۇ؟ بىر ۋىلا-
يەتنىڭ ژۇرنىلىنى باشقا ۋىلايەتلەردە، ھەتتا ئۇرۇم-
چىدە كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. بىزدە خېلى كۆپ
ژۇرنال نەشىر قىلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ خۇددى مەھبۇس
تامىقىدەك ئۆز-ئۆزىنى قامال قىلغان روھىيەت سې-
پىلى— ئۆز يۇرت دائىرىسىدىلا ھەزىم قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەربىر ۋىلايەت ژۇرناللىرى ئۆز
يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۆز
يۇرت كىشىلىرىگىلا ئەۋەتىلىدۇ.

يېقىندىن بېرى، يەرلىك شىۋىلەرنى يەرلىك ئا-
لاھىدە مەھسۇلات سۈپىتىدە ماختاپ كېڭەيتىدىغان،
يەنى ئىسىم-فامىلىلەر ئاخىرىغا "ئارتۇشى"، "كەل-
پىنى"، "دولانى"، "لەمجىنى" دېگەنلەرنى ھەتتا تې-
خىمۇ كىچىك كەنت ناملىرىنى قوشۇپ ئاتايدىغان
باشلامچىلار چىقىپ قالدى! يىراق ئەللەردە مۇساپە-
رەتتە قوللىنىلغان بۇ يۇرت ناملىرىنى ئۆز يۇرتىدا



"توتېم"، ئۇرۇقداشلىقى تامغىسى قىلىۋېلىش قايسى
روھىيەتتىن ئېتىلىپ چىققاندۇ-ھە؟! يېڭى يېپەك
يولى ئېچىلدى! ئەمما مەھەللى مەدەنىيەت بېكىنمى-
چىلىكنىڭ پېچەتى بۇزۇلغىنى يوق! "قاناتلىق تۆگە"
پائالىيەتكە كىرىشتى! ئەمما "تۆگە قۇشى" بېشىنى
قۇمغا تىقىۋېلىشتىن خالاس بولغىنى يوق! بۇ ھال
داۋاملىشىدىكەن، قەدىمىي يىپەك يولى ئەزىمەتلىرى
بولغان ئۇيغۇرلار خۇددى كۆكۈم-تالقان بولغان بوتۇل-
كا سۇنۇقلىرىدەك بىر زاماندىكى شېشىلىك ھالىدىن
قالغان كرىستاللىرىنى ئاپتاپ نۇرىدا يالتىرىتىپ ماخ-
تىنىشتىن باشقا، يېڭى شەربەتكە مۇيەسسەر بولالماي-
دۇ. بۇ يېڭى يىپەك يولى ھېكمەتلىرىدىن داۋاملىق
چەتتە قېلىشقا ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ھەي، ئەتتەڭ! لۇشۈن ئەپەندى "ئاكيۇ" روھى-
نى سىزىپ بەرگەندەك، "تۆگە قۇشى" ئەرۋاھىنى
تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان ئەقىل ۋە قول قاچان قەلەم
تۇتاركى. . . .

# بىز مۇشۇنداق ئانىمۇ؟

پەزىلەت ئىسرائىل

—مانا باغىقىڭىز، ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈ-
نى، ئۇنتۇپ قالماڭ! —دېدى ئۇ ئالدىراشلا. ئۇھ،
يەنە باغاق، بايىلا تېخى شۇ يەكشەنبە كۈنى كەچتە
ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋېچىركىنىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇۋالغا-
نىدىم، مانا ئەمدى بۇ باغاق! باغاققا خۇش ياقماسلىق
بىلەن قارىدىم: ”. . . قىزىمىز×××نىڭ بۆشۈك تويى
مەرىكىسىگە تەكلىپ قىلىمىز“! ھوي، بۇ خانقىز
دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئانچە ئۇزۇن بولمايلا مەن ئۇنى
مۇبارەكلەپ بارغان ئىدىمغۇ؟ ئۇلار بۇنى ئۇنتۇپ قال-
غانمىدۇ-يا؟ ياكى پارتىزان شەكلىدە يوقلاپ بېرىش
ھېساب بولمامدىكىنە؟ يەكشەنبە، قەدىرلىك يەكشەن-
بە، ئالتە كۈنلۈك خىزمەتنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدى-
غان، يىغىلىپ قالغان ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋالىدىغان
مۇشۇ يەكشەنبىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىدا بولماي قې-
لىۋاتىدۇ! ئەجەب ئىش! خەقلەر بالىنى باشقىلارغا
تۇغۇپ بەرگەندەك ئۇستى-ئۇستىلەپ مەرىكە ئۆتكۈ-



زۈۋاتقان، ئەمدى بىرىنىڭ تويىنى تۈگىتىپ ئۇ[illegible]ساق،
بىرىنىڭ بۆشۈك تويى، بىرىنىڭ سۈننەت تويى، بىرد-
نىڭ ئۆي تويى! ھازىر بۇ تويلارمۇ ئاز كېلىپ قالغاد-
دەك ”قاتار چاي“، ”ئەمەل چېيى“، ”ئۈزىتىش چې-
يى“، ”كۈتۈۋېلىش چېيى“. . . يەنە ئاللىقانداق
توي، چايلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋاتىقان
. . . مېنىڭمۇ 18 ئايلىق بولغان قىزىم بار. خىزمەت-
داشلىرىم ”بۆشۈك تويىنى قاچان ئوينايمىز؟“ دەپ
تولا سوراپ ھاردى، مەن خالىمىدىم. مۇشتۇمدەك بالا
ئۆزىنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئۇنداق مەرىكە-
لەرنى بىلەمدۇ؟ بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىمۇ، باشقىلار-
نىمۇ قاقشىتىش، توغرىسىنى ئېيتقاندا ”داستىخان
يىغىۋېلىش“تىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئەمدى ھېلىقى ۋېچىركىنىڭ گېپىگە كېلەي،
شۇ يەكشەنبىدە ھېلىقى ئارزۇلۇق قىزنىڭ بۆشۈك
تويىغا بويىنۇمدىن باغلىغاندەك بارغاندىن كېيىن،
كەچتە ۋېچىركا سورۇنىغا داخىل بولدۇم، مانا نۇر-
غۇن زورۇقۇشلار، ئاچچىق يۇتۇشلار بەدىلىگە ئۆتكۈ-
زۈلۈۋاتقان ۋېچىركا، زال ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بې-
زەلگەن. ئۇنىڭغا ياراشتۇرۇپ، تاكىلداپ مېڭىپ
يۈرگەن، شەھەر ئالغاندەك مەغرۇر گىدىيىپ ئولتۇ-
رۇشقان خانىم-قىزلار، ئۇلارنىڭ كۆزلەرنى ئالىچەك-
مەن قىلىۋېتىدىغان پۇزۇر ئۇستىۋاشلىرى، تېخى بىر-

نەچچە ھەپتە بۇرۇنلا تويى بولغان يىگىت-قىز ئالدى-
راش يۈرۈپ مېھمان كۈتمەكتە، يىگىت كۈلۈمسى-
رەشكە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، ئىچ-ئىچىدىن ئۆرلەپ
تۇرغان خاپىلىقى تەبەسسۇمگە ئورۇن بەرمەيدۇ. چۈن-
كى، ئۇ ئېغىر توي چىقىملىرى بىلەن ھالسىرىغان،
تېخى ئۇھ دەپ دېمىنى ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئا-
تا-ئانىسىنى قاقشىتىپ، بۇ قۇيرۇقچە مەرىكىنى ئۆت-
كۈزۈۋاتقىنىغا نارازى. خانىشلاردەك ئېسىل كىيىن-
ۋالغان ئاۋۇ ئايالنىڭ ناز قىلىپمۇ، تەئەددى قىلىپمۇ
ئاخىر بۇ رەسمىيەتنى بېجىرىشكە مەجبۇر قىلغىنىغا
نارازى، ئۇ ئاخىر ئايالنىڭ رايىغا باقتى، باقمىسا
بولامدۇ، ئۇ دېگەن پۈتۈن-سۈرۈك بىر ئەركەك،
شۇنچە مۇشكۈل توي ئىشىدىمۇ زەپەر قۇچقان ئەزىمەت
تۇرسا، غۇلىچى تۈگەپ، غېرىچى قالغاندا چىدىمىسا
بولمايدۇ-دە ئەلۋەتتە!

يۇقىرى ئاۋازدا چېلىنىۋاتقان مۇزىكا، ھەرخىل
تۇرق-قىياپەت، ھەر خىل چىرايلارغا قاراپ ئويغا
چۆكتۇم، بىزدە مۇشۇنداق مەرىكىلەر، شەكلى ئۆز-
گەرگەن رەسمىيەتلەر نېمانچە كۆپتۇ؟ بۇرۇنقى قىل-
مىسا بولمايدىغان ساناقلىقلا مەرىكىلەر ھازىر شاخلى-
نىپ، بالىلاپ كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا چەك قويىدى-
غان، ئۇنى توسىدىغان جامائەت پىكرى يوقمىدۇ؟
ئېنىقكى، ئەتراپىمدىكى كۆزنىڭ يېغىنى يىگۈدەك



چىرايلىق كىيىنىشىپ قېتىپ ئولتۇرۇشقان ئاۋۇ خې-
نىملار ئۈچىسىدىكى مودا كىيىملىرىنى، ۋالىلداپ
تۇرغان يالتىراق مېتاللىرىنى كۆز-كۆز قىلىشتا بۇ-
نىڭدىن ياخشى سورۇن تاپالمايدىغانلىقىنى ياخشى بى-
لىشىدۇ، ئەتەي قوللىرىنى ناز بىلەن سوزۇشۇپ
ئۈستەلدىكى يېمىشلەردىن ئالغاندەك قىلىشىدۇ، ئە-
مەلىيەتتە بولسا بارماق-بېغىشلىرىدىكى ئالتۇن جاب-
دۇقلىرىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىشىدۇ. مۇشۇن-
داق چاغدا زالغا يەنە بىر مېھمان كىردىمۇ ھەممىسى
كوماندا بەرگەندەك تەڭلا بويۇنلىرىنى قاقىرلاردەك
سوزۇشۇپ، بۇ مېھماننىڭ چېچىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ
ئۇچىغىچە، قۇلاق بويۇنلىرىدىن تارتىپ بارماقلىرىغى-
چە ئالا قويماي ئىنچىكىلىك بىلەن تىنتىپ چىقىدۇ،
ئەگەر بۇ مېھمان ئۆزىنى كۆرسىتىشنى بىلىدىغان
مۇنداق سورۇنلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ياخشى چۈ-
شىنىدىغانلاردىن بولسا، بەدىنىنى ئەركىن چايقاپ،
ئۈچ قەدەمدە بارىدىغان يەرگە ئالتە قەدەمدە ئاران
بېرىپ بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۆزىنى سورۇننىڭ گۈلى
ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇشقان خانىملار ئۇنىڭ ئۈستى-
ۋاش، زىبۇزىننەتلەردە ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدىغانلى-
قىنى ھېس قىلىپ قالسا، كۈلكىمۇ، يىغىمۇ
ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئىپادە بىلەن ئۇنىڭغا باشقا
تەرەپتىن ئەيىب ئىزدىمەكچى بولۇشىدۇ. ئەگەر يېڭى

مېھمان سەل بىچارە، ”زامانىنىڭ كەينىدە قالغان“لار-
دىن بولسا كۆرۈڭ: بىر-بىرىگە قاراپ سەت ھىجىيى-
شىپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، كەمسىتىشىدۇ! ئۇ-
نىڭ بۇ سورۇنغا لايىق ئەمەسلىكىنى، ئۆزلىرى بىلەن
بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇشقا تېخىمۇ لايىق ئەمەسلىكىنى
ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن بىلدۈرۈشىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ
ئاياللىرىمىز! ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۇستىگە ئارتقان
ئالا-بۇلىماچ لاتا-پىتىلەر بىلەن ئۆلچەيدىغان، قوش-
لاپ سېلىنغان يالتىراق مېتاللار بىلەن ئۆلچەيدىغان
ئۇيغۇر ئاياللىرى! ئۇستەلدە بىر-بىرىنى ئىتتىرى-
شىپ، پېتىشماي تۇرغان رەڭگارەڭ قورۇملارغا قا-
راپ، رايونىمىزنىڭ كەڭرى يېزىلىرىدا ياشاۋاتقان،
ئېتىز بىلەن ئېغىلنىڭ ئارىسىدا قاتراپ ئۆمرى ئۆتۈ-
ۋاتقان جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنى، دېھقان ئاياللىرى-
مىزنى ئويلىدىم، بىز مۇشۇنداق سورۇنلاردا مەست-
ئەلەس بولۇپ يۈرگەنلىرىمىزدە، ئېغىر ئەمگەك،
مال-چارۋا بېقىش بىلەن ئۆمرى ئۆتۈۋاتقان، ئاچچىق
توپا، كۆل-توزاننىڭ دەستىدىن چىرايىمۇ توپا رەڭگە
كىرىپ قالغان، بالدۇر قېرىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ جاپا-
كەش ئاياللىرىمىزنى خىيالىمىزغا كەلتۈرىمىزمۇ؟!
مىللىتىمىزنىڭ، باللىرىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بو-
لىدىغانلىقى ئۇستىدە ئويلىنىپ بېقىش بىزنىڭ كاللى-
مىزغا نېمىشقا كىرمەيدۇ؟! مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە



ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەۋلادلارنى ئاپىرىدە قىلىۋاتقان
ئاياللىرىمىزنىڭ ساپاسى زادى قانچىلىك؟! بۇ مەسى-
لىلەرنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا سىستېمىلىق مەدەنى-
يەت تەربىيىسى ئالغان، ئەمما ئالغان بىلىمىنى كى-
يىنىش، تارىنىشتىن باشقىغا ئىشلىتىشنى بىلمەيدى-
غان ماۋۇ ئاياللىرىمىز خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن
يەردە، كۈن بويى تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن
ھالسىراپ بېشى ياستۇققا ئاران ئۇلىشىۋاتقان دېھقان
ئاياللىرىمىز خىيالىغا كەلتۈرەرمۇ؟

بىز ئانىلار— دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقان ھەر خىل
جان ئىگىسىنىڭ تەبىئىي يېتەكچىسى، سەبىي بوۋىقى-
مىز ۋىلىقلاپ كۈلۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ مەكتەپ
يېشىغا يەتكەنگە قەدەر ئانىسىدىن تەلىم ئالىدۇ، ھەتتا
پەرزەنتىمىز ئائىلىمىزدە قاچانغىچە تۇرىدىكەن، بىز-
نىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمىز، سۆزىمىز، ئىش تۇتۇش-
لىرىمىز بالىمىزغا ئۆرنەك بولىدۇ. ئەمدى بىز ھا-
زىرقى ھالىتىمىزگە قاراپ باقايلى: ھېچنېمىنى بىل-
مەيدىغان مۇشتەك بوۋىقىمىزغا شۇنچە ھەشەم-دەرەم-
لەر بىلەن بۆشۈك توي قىلىپ بېرىمىز، ئەمما شۇ
بالىمىزنىڭ خاراكتېرى يېتىلىشكە باشلايدىغان ئەڭ
مۇھىم دەۋرلەردە ئۆزىمىزگە رودىپايدەك چاپلاشتۇرۇ-
ۋالغان تۈگىمەس ئويۇن-تاماشالىرىمىز بىلەن بالى-
مىزغا قاراشقا چولىمىز تەگمەيدۇ؛ بىر سورۇنغا كى-



www.uyghurkitap.com

يىپ بارغان كىيىمىمىزنى ئىككىنچى سورۇنغا كى-
يىپ بارغۇمىز كەلمەيدۇ، ئۇلگۇرەلىگەنلىرىمىز سو-
رۇنغا ئاتاپ يېڭى كىيىم تىككۈزىمىز، ئۇلگۇرەلمى-
گەنلىرىمىز تەييار كىيىملەرنى باھاسىنىڭ قىممەتلى-
كىگە قارىماي سېتىۋالىمىز. بايلىقنىڭ نىشانى ھې-
سابلىنىدىغان ھالقا-ئۈزۈك، بىلەزۈكلىرىمىزنىڭ
شەكلىنى ھەر بىر سورۇنغا بارغاندا بىر خىل ئۆزگەر-
تىمىز، ھازىر بولسا بىر قۇلاققا ئىككىدىن ھالقا سا-
لىدىغان يېڭى ئۇسۇل چىقتى (بەلكىم بۇ يەنە كۆپىيى-
شى مۇمكىن)، بىر بويۇنغا ئىككى زەنجىر، بىر
بېغىشىغا ئىككى بىلەزۈك، ئۈزۈكلەرغۇ بارماقلار يې-
تىشمەيدىغان ھالغا يەتتى. داستىخىنىمىزمۇ سالاپە-
تىمىزگە ماس كەلمىسە بولمايدۇ، 20-30 يۈەنلەرنى
ئېغىزغا ئېلىشتىن نومۇس قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن
ئەسلىدە بالىمىزنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈ-
رۈشكە ياردىمى بولىدىغان ھەر خىل ئويۇنچۇق، رە-
سىملىك ھېكايە كىتابچىلارنى سېتىۋېلىش سودا-سې-
تىق كۈنتەرتىپىگە ئەسلا كىرگۈزۈلمەيدۇ. ھەتتا ئىق-
تىسادىمىز يېتەرلىك بولغان ئەھۋالدىمۇ باھاسى ئىن-
تايىن ئەرزان ئەمما بالىمىزغا كېرەكلىك بولغان شۇ
نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا قورسىقىمىز ئاغرىيدۇ!
ئەمدى بىز كۆڭۈلدىكىدەك ياسىنىپ بولغاندىن كېيىن
قارىساق، بالىمىزنىڭ — ئەتراپىمىزدا پىلتىڭلاپ يۈر-



گەن بۇ سەبىي جاننىڭ ئۆزىمىزگە يۈك بولۇپ قېلى-
ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى
چوڭلارنىڭ ئۆيىگە، بۇ دۇنياغا تۆرەلدۈرۈپ قويغىنى
ئۈچۈن بالاغا قالغان ئاتا-ئانىمىزنىڭ يېنىغا ئىتتىرى-
مىز. بالىمىزنىڭ بىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ،
چۈنكى ئۇلار ئانا مېھرىگە تەشنا، يېنىمىزدىن بىردەم-
مۇ نېرى كەتمەسلىكنى تىلەيدۇ، ئىزدەيدۇ. مانا بۇ
بىزنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىمىز!
مېنى بىرى تانىسىغا تارتقاندەك قىلدى. مەنمۇ
ئايلىنىۋاتىمەن، خىياللىرىممۇ تىنىمسىز ئايلىنىۋاتى-
دۇ. بالا دېگەن كۆرگىنىنى ئاڭسىز رەۋىشتە دوراي-
دۇ. قاراپ باقايلى، ئىككى-ئۈچ ياشلارغا كىرگەن
يۇمران بالىلىرىمىز ئۆزلىرىگىمۇ بىز يۈزىمىزگە
ئۈستى-ئۈستىلەپ سۈرۈۋاتقان نەرسىلەرنى سۈرۈپ
قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ھەتتا بىز دىققەت
قىلمىغان ۋاقىتتا يۈزلىرىنى ئالا-پاساق بوياپ ناھايى-
تى كۈلكىلىك تۇسكە كىرىپ قېلىشىدۇ، ئۇلار بۇن-
داق نەرسىلەرنى بالىلارنىڭ ئىشلەتسە بولمايدىغانلى-
قىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى بىز ئۇلارغا بۇنىڭ سەۋەبىنى
چۈشەندۈرۈپ قويمىغان، تېخى بەزى ئانىلار كىچىك-
كىنە قىزچاقلىرىنىڭ قاشلىرىغا قاپقارا سۈرمە سى-
زىپ قويۇشىدۇ. بۇ بالىغا شۇنداق قىلىشنى تەبىئىي
رەۋىشتە ئۆگەتكەنلىك بولماي نېمە؟! باشلانغۇچ مەك-

www.uyghurkitap.com

شەپتە ئوقۇيدىغان قىزچاقلارغا قارايدىغان بولساق،
قاپاق، مەڭىزلىرىنى قىزارتىۋالغان، مەن بىر قانچە
قىزدىن نېمە بىلەن شۇنداق قىزارتىۋالغانلىقىنى سو-
رىغاندا، ئۇلار ئۆيىدىكى قىزىل باغاق قەغىزىنى ھۆل-
دەپ قىزارتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى (ئۆيىمىزدە با-
غاق ئۆكسىمەيدۇ ئەمەسمۇ!).

بويلىرىدىن خۇش ھىدلارنى تارىتىپ، قاش-
كۆزلىرىنى سۈزۈپ تانسا ئويناۋاتقان، قىزىق پاراڭغا
چۈشۈپ كەتكەن ئويۇنخۇمار ئاياللارغا ئۇزاق قارىدىم:
نېمىشقا بىزدە كىتاب ئوقۇيدىغان، كىتاب يىغىدىغان
ئادەت شۇنچە ئاز؟ كىتابخانىلارغا قارايدىغان بولساق،
ئىجتىھات بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان، كىتاب سېتىۋې-
لىۋاتقان ئاياللاردىن قانچىلىكنى ئۇچرىتىمىز؟! كۆ-
زىمىزگە ۋاللىدە چېلىقىپ قالىدىغانلىرىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا يوق دېيەرلىك؛ بىزنىڭ مودا كىيىم تاللاپ
كۈنلەپ-كۈنلەپ بازار ئايلىنىشقا، زېرىكمەي ماشىن-
چىغا قاتراشقا، چاچلىرىمىزنى زامانىۋى پاسوندا يا-
سىتىشقا ۋاقتىمىز كەڭرىكى، پايدىلىق بىلىملەر بى-
لەن تەمىنلەيدىغان، باللىرىمىزنى تەربىيىلەشكە يول
كۆرسىتىدىغان ئېسىل كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ۋاق-
تىمىز يەتمەيدۇ، كىتابخانىلارنىڭ ئىشىكى قاياققا قا-
رايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز!

بىز بالىنىز ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان چاغدا ئۇ-



لارنىڭ شەرىپىگە كاتتا مەرىكىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرى-
مىز؛ تازا تەربىيىگە، مېھىر-مۇھەببىتىمىزگە تەشنا
بولغان چېغىدا ئۆزىمىزنى ياساپ قاش-كىرپىك چىقى-
رىپ، كۆپەيتىۋالغان ئاجايىپ-غارايىپ بەزمە-مەش-
رەپ، توي-تۆكۈنلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ھالىمىز قال-
مايدۇ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز
ئېچىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىز بىزنىڭ دۇنياخورلۇق،
شۆھرەتپەرەسلىك قاتارلىق يارىماس ئىللەتلەر بىلەن
يۇغۇرۇلغان تويىماس روھىيىتىمىزنى تويۇندۇرۇش-
مىزنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ!
مېنى قىزىمنىڭ بۆشۈك تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە
دەۋەت قىلغان بەزى سالاچىلار ھېچ خىجىل بولماس-
تىن ”قورقماي ئۆتكۈزۈۋېرىڭ، كىرىم، چىقىمنى
قامداپ بولغاندىن سىرت چۆنتەككىمۇ خېلى بىر نەرسە
چۈشىدىكەن“ دېيىشكەندە، سەسكەنگىنىمدىن تەنلىرىم
جۇغۇلداپ كەتكەنىدى! كىيىم ئەسلىدە ئادەمنى هاي-
ۋاندىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان بىر تەبىئىي توسۇق
ئىدى. ھازىرقى كۈندە بولسا كىيىم-كېچەكنىڭ تۇ-
رى زامانغا يارىشا كۆپ خىللاشتى، چىرايلىق كى-
يىم-كېچەكلەر ئادەمگە سالاپەت بېغىشلاپ، ئەسلى
يېشىدىن كىچىك كۆرسىتىدۇ، ئەمما ھەرقانداق نەر-
سە چېكىدىن ئېشىپ كەتسە سەلبىي ئۇنۇم كېلىپ
چىققاندەك، بىزمۇ ھازىر كىيىم-كېچەكلەر دۇنياسى-

غا باشچىلاپ كىرىپ كەتتۇق، جەمئىيەتتىكى ئورنى-
مىزنى، مەرتىۋىمىزنى ئاشۇ نەرسىلەر بىلەن كۆرسى-
تىدىغان بولۇپ قالدۇق، مەسلىھەت چاي، قاتار
چاي، هاردۇق چاي، يەنە ئاللىقانداق ئانا چاي، بالا
چايلار بىلەن تاكاسلاپ هارمايمىز، كىيىم يەڭگۈشلەپ
هارمايمىز!

«نىلىسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى» ناملىق
كارتون فىلىمنى يازغان ۋە شۇ ئەسىرى ئۈچۈن نوبېل
ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن سېلمالاگروف —
ئايال، بىزنىڭ باللىرىمىز شۇ فىلىمنى ناھايىتى
قىزىقىپ كۆرۈشتىغۇ؟ «ئانىلىق كۆيى»، «ئۆلۈم
سونېتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئېلىمىز
كىتابخانلىرىغا تونۇشلۇق بولغان چىلى يازغۇچىسى
مىسترالمۇ ئايال، يازغان رومانلىرىنىڭ كۆپلۈكى بى-
لەن داڭق چىقارغان، باربارا كاتلانمۇ ئايال، ئىككى
قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان پولشا ئالىمى
مارىيە كيۇرىمۇ ئايال، ئاڭلىشىمچە ياپونىيىنىڭ داڭ-
لىق ”خوندا“ ماركىلىق موتسىكلىتىنىمۇ ياپونىيىلىك
بىر ئايال كەشىپ قىلغانىكەن، ئەمدى ئۆزىمىزگە
قاراپ باقايلى؛ يىراقنى قويۇپ يېقىنغىلا نەزەر ئاغ-
دۇرغاندىمۇ، بىزدە مەملىكەت ئىچىگە، ياق، ئاپتو-
نوم رايونىمىزغىلا تونۇلغان مەشھۇر ئاياللاردىن قان-
چىسى بار؟! ئەگەر كىيگەن كىيىملىرىنىڭ كۆپلۈ-



كى، ئېسىللىكى، چوڭ-كىچىك مەرىكە-مەشرەپ-
لىرىنىڭ كۆپلۈكى، تاقىغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ
كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر سانىلىدىغان ئىش بولسا،
بىزنىڭ ئاياللىرىمىز چوقۇم بىرىنچىلىكنى ئالغان بو-
لاتتى. ئەمما مەن ھازىرغىچە بىرەر مىللەت ئاياللىرى-
نىڭ مۇشۇنداق شەكلەن نەرسىلەر بىلەن مەشھۇر بول-
غانلىقىنى، تارىختا ئىزى بارلىقىنى ھېچقانداق كىتاب-
تا ئۇچرىتىپ باقمىدىم! بىز ھەدەپ ھازىرقى ياشلى-
رىمىزنى بىغەم، لايغەزەل دەپ قاقشايمىز، ”مال ئى-
گىسىنى دورىمىسا ھارام“ دېگەندەك، بىزدەك ئاسمان
ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان، بالى-
سىنىڭ كەلگۈسى، ئۆز مىللىتىنىڭ كەلگۈسى بىلەن
پەرۋايى پەلەك لاياقەتسىز ئانىلارنىڭ قولىدا چوڭ بول-
غان باللاردىن يەنە قانداق نەرسىلەرنى كۈتۈش مۇم-
كىن؟ بىزنىڭ باللىرىمىزغا روھىي ئوزۇق كەم-
چىل، كۆز يۇمالمايمىز. ئېلىمىزدە ئىشلەنگىنىگە
خېلى ئۇزۇن بولغان «غەربكە ساياھەت» ناملىق كۆپ
قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە قىلىنغاندىن
كېيىن نۇرغۇن قېتىم قويۇلدى، ئەمما باللىرىمىز
بۇنىڭدىن قىلچىمۇ زېرىكمىدى، يېقىندا قويۇلغان
«ئەقىللىق يىشيۇ»، «ماركونىڭ ئانىسىنى ئىزدى-
شى» ناملىق كارتون فىلىملەرمۇ باللىرىمىزنىڭ
قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئەگەر بىز ئۆزىمىزگە

www.uyghurkitap.com

ئەڭ يېقىن، ئەڭ تونۇش بولغان باللار تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ، باللىرىمىزغا ياشايدىغان زېمىننى سەھنە قىلىپ ئەسەر يازساق، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلىسەك، تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟! باللىرىمىزنىڭ تەشنالىقىنى تولۇق قاندۇرغان بولامدۇق؟

داغدۇغا بىلەن باشلانغان ۋېچىركىمۇ ئاخىرلاشتى. بايىقىدەكلا خامۇشلۇق ئىچىدە ساھىبخانلار بىلەن خوشلاشتىم، تىنىق ياز كېچىسى، سەلكىن شامال، جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار مېنى يەڭگىللەتتى. شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشىپ تۇرغان نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا قاراپ خىياللىرىمنى داۋام ئەتتىم: ئەگەر بىزدە بۇيىي رابىئەدەك ئاياللار كۆپ بولغىنىدا ئىدى، مەھمۇد قەشقەرىدەك ئالىملىرىمىزمۇ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقاتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن بىر قاتاردا جاھان سەھنىسىدىن شۆھرەتلىك ئورۇن ئالىدىغان نادىر ئەسەرلىرىمىز بىلەن باشقىلارغا تونۇلاتتۇق. ياق، بىزنىڭ ئاياللىرىمىزغا كىتاب پارىڭى ئانچە خۇش ياقمايدۇ، كىتاب ھەققىدە، ئۆزىمىزگە پايدىلىق بىلىملەر ھەققىدە سۆزلەيدىغانلاردىن بىز ئاسانلا بىزار بولۇپ قالىمىز، مەن ھەممىلا ئاياللىرىمىزنى بىر مۇقامغا توۋلايدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن، بىر ئۆمۈر دوسكا ئالدىدا تۇرۇپ بور توزانلىرى بىلەن چېچى ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كېتىۋاتقان، تەشنا دىللارنى ئىلىم شەربىتى بىلەن سۇغىرىپ، قاراڭغۇ دىللارنى ئىلىم مەشئىلى بىلەن يورۇتۇپ، كۆيۈپ تۈگىگەن شامدەك ئۈن-تىنسىز ئەجىر قىلىۋاتقان ئاياللىرىمىز بار. ئەمما بىزدىكى مىللىي مۇھىت ئىچىدە چىقىۋاتقان تېتىقسىز قويۇن بۇ خىلدىكى ئاياللىرىمىزنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلمايۋاتىدۇ. بىز قۇرۇق سۆلەت ۋالىي خانىمغا، ياكى "بۇغداينىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ" دېگەندەك جۆرىسى ئەمەلدار بولسا، ئۆزى سەمرىپ تېرىسىگە سىغماي قېلىۋاتقان تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال خېنىملارغا ياراشسا-ياراشمىسا خۇشامەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىمىز، ئەمما شۇ سورۇندا ئولتۇرغان، باللىرىمىزنى تەربىيىلەپ بېرىۋاتقان مىننەتسىز باغۋەنلەرگە نەزەرىمىزنى ئانچە ئاغدۇرۇپ كەتمەيمىز، بولۇپمۇ پۇل ئۆزىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى كۆرسىتىشكە بازار تاپقان بۇ يىللاردا جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارغا قىلىنىدىغان ئېتىبارمۇ يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ! چەت ئەللەردە ئاياللار بالىلىق بولغاندىن كېيىن خىزمىتىدىن چېكىنىپ بالا تەربىيىلەش بىلەن بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما بىز ئىمكانىيىتىمىز بار ئەھۋالدىمۇ باللىرىمىزنى قانداق تەربىيىلەش ئۈستىدە كالليمىزنى

ئانچە ئۇپرىتىپ كەتمەيمىز. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ياپو-
نىيىنىڭ «ئاپشاركا پۇشتىكى» ناملىق تېلېۋىزىيە تې-
ياتىرىنى كۆرگەن چېغىمدا، لياڭزىنىڭ ئاتا-ئانىسى-
نىڭ ئۆز بالىسىنى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ دەپ قارىغان
چېغىدىكى ئۆمسە چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانى-
دىم، ئۇغۇ بەدىئىي توقۇلما، ئەمما بەدىئىي توقۇلمى-
مۇ تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولىدىغۇ؟ كىچىككىنە
بىر قىزچاقنىڭ گېپىدىن، ئۇنى يالغان ئېيتتى دەپ
ئەيىبلەشكەن قۇرداشلىرىنىڭ نارازىلىقلىرىدىن شۇ-
چىلىك جىددىيلىشىپ ساراسىمىگە چۈشكەن ياش ئا-
تا-ئانىنىڭ ھالىتى ماڭا بەك تەسىر قىلغانىدى. چۈ-
نكى بىزنىڭ بالىلىرىمىز يالغان سۆزلىسە بىز ئۇنچى-
لىك جىددىيلىشىپ كەتمەيمىز، بالىلىرىمىزغا يالغان
سۆزلەشنىڭ زىيىنىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۇلا-
رنى دۆشكەلەيمىز ياكى "ھەي، بالا دېگەننىڭ مۇشۇ-
داق يالغان سۆزلەيدىغان بىر مەزگىلى بولىدۇ" دەپلا
بولدى قىلىمىز، ئەقەللىيسى بىزدىكى بالىلارغا كۆيۈ-
نۈش ئۇسۇلىمۇ توغرا ئەمەس. بىز ھەدېسە ئۇيغۇر
بالىلىرىنىڭ تىلى ناخشا بىلەن، ئايىغى ئۇسسۇل بى-
لەن چىقىدۇ دەپ ماختىنىمىز. ئەمدى باشلانغۇچ
مەكتەپتە ياكى باغچىلاردا تەربىيىلىنىۋاتقان بالىلىرى-
مىزغا قاراپ باقايلى: ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى ناخشا،
كەچكىچە توۋلايدىغىنىمۇ ناخشا، بالىلارنىڭ مۇشۇ



باسقۇچتىكى ۋاقتى ئۇلاردىكى تۇرلۇك پەنلەرگە بول-
غان قىزىقىشىنى يېتىلدۈرىدىغان، ئەقىل بۆلىقىنى
ئاچىدىغان مۇھىم دەۋر ھېسابلىنىدۇ، بىز تۇرلۇك
يوللار، تۇرلۇك شەكىللەر بىلەن ئۇلارنى ئىلىم دۇن-
ياسىغا يېتەكلەشنىڭ ئورنىغا ھەدېسە ناخشىغا توۋلى-
تىپ ۋاقىت ئۆتكۈزىمىز. ئەگەر بىز مۇشۇ دەۋردە
بالىلارنى چىڭ تۇتۇپ پەرۋىش قىلساق، باغچىلارغا
ياكى مەكتەپلەرگە قەرەللىك بېرىپ، بالىمىزنىڭ تەر-
بىيىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تۇرساق، ئۇ
يەرلەردىكى تەربىيىچىلەرنىڭ بالىلارغا كەچكىچە ناخشا
ئۆگىتىدىغان بىر تەرەپلىمىلىك تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا
قارىتا ئىنكاس بىلدۈرگەن بولار ئىدۇق.

بالىلىرىمىزدىكى ناخشا قىزغىنلىقى شۇنداق يۇ-
قىرىكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ناخشى-
لارنى ئېيتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئۆز يېشىغا
ماس كەلمەيدىغان ناخشىلارغىمۇ قىزىقىدۇ. مەن ئۇن
ياشلىق بىر قىزنىڭ خاتىرىگە يېزىۋالغان «ۋاپادارىم»
ناخشىسىنى ئېيتىشنى مەشىق قىلىپ يۈرگىنىنى كۆر-
دۈم. مۇشتۇمدەك بالىلارنىڭ چوڭلارنىڭ ناخشىسىنى
ئېيتىپ يۈرۈشى، كىنو-تېلېۋىزورلاردىكى ئۆزلىرىگە
مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تەسۋىرلەرنى سۆزلىشىپ يۈرۈ-
شى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ.

بىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىمىز ئۇنچىۋالا ناچار

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، مازلىشىپ بىر قولاقتا ئىككىدىن ھالقا سېلىۋېلىشنىڭ ياكى بىر بويۇنغا ئىككى تال زەنجىر ئېسىۋېلىشنىڭ ئورنىغا يېڭى-يېڭى كىتابلارنى سېتىۋالساق، ھەتتا، چاقتانغىنە بىر كۈتۈپخانا قۇرۇۋالساقمۇ بولىدىغۇ؟ ئەمما يورغىلاشقا ئامراق ئاياللىرىمىز يېڭى شەكىللەر بىلەن بېيىتىپ بېزەۋاتقان "داستىخان يىغىلىشى"نىڭ جىقلىقىدىن كىتابخۇمار ئاياللىرىمىزمۇ كىتاب يىغىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، پۇلنى غازاڭدەك خەجلەش بىلەن ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايدىغان شۆھرەتپەرەس ئاياللىرىمىز تائامدىن كېيىنكى "ھېساب تاپشۇرۇش"قا 50 يۈەنلىك، 100 يۈەنلىك پۇللارنى باشقىلارنىڭ كۆرمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ ئەتەي شاراقلىتىپ ياكى خەتلىگۈچىلەرگە ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىپ بېرىۋاتقان چاغدا، بايىقى ئاياللىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالغۇسى كەلمەيدۇ، ئۇلار چەكلىك ئىقتىسادىي مەنبەسى بىلەن بىر ئائىلىنى قامدىشى كېرەك، ئايدا مۇشۇنداق "پۇل تاپشۇرۇش"تىن نەچچىسى بولسا، ئۇلارنىڭ قولىدا قالىدىغىنى چاغلىق. مەن مۇشۇ خىياللارنى سۈرۈۋېتىپ يېنىمدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان كىچىككىنە قىزىمنىڭ پۇسمىلاق مەڭزىگە يېنىككىنە سۆيدۈم، شۇندا تۇساتتىن ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ چىقىپ ئاياللىرىمىزنىڭ



دىققىتىگە سۇنۇش ئىستىكى پەيدا بولدى، گەرچە بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنىڭ كىتاب، گېزىت-ژۇرنال دېگەنلەر بىلەن ئانچە ئىقى كېلىشمىسىمۇ، شامالغا مۇشت ئاتقاندەك بۇ چولتا ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. ھەي ئاياللار، ئۆزىمىزنى دەڭسەپ تۇرايلى، پەرزەنتىمىز ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى! ئۇيغۇر ئاياللىرىدىنمۇ يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتسە، باشقىلارغا كۆرۈنگۈدەك ئىز قالسۇن!

1995-يىل 21-ماي

(ئاپتور: تۇرپان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىدە)

# مودا ۋە ھەشەم-پەشەملىرىمىز ھەققىدە پاراڭ

خەلىپە ساۋۇت (قىرغىز)

ھەر قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ
نەشىردىن چىقىش قەرەلى كېلىش ئالدىدا نېمىگىدۇر
ئىنتىزار بولغاندەك، بىر خىل تەشنالىق ئىچىدە كۈن-
لەرنى تەخىرسىزلىك بىلەن ساناپ كېتىمەن. ژۇر-
نالنىڭ ھەربىر سەھىپىسى مەن ئۈچۈن چەكسىز بىر
لەززەت بېغىشلىغۇچى مەنىۋى كۈچ بىلەن كۆز ئال-
دىمدا جۇلالاپ چاقناپ كېتىدۇ.

بۈگۈن يەنە بۇ ژۇرنالنىڭ 1995-يىللىق 5-
سانىنى قولۇمغا ئېلىپ، خۇددى بىرسىنىڭ قولۇمدىن
تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، تېز-تېز ۋاراقلاپ،
ئادىتىم بويىچە مۇندەرىجىسىگە كۆز يۈگۈرتتىم.

«مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سەھىپىسىدىكى
«بىز مۇشۇنداق ئانىمۇ؟» دېگەن سەرلەۋھە دىققىتىم-
نى تارتتى. (چۈنكى مەنمۇ بىر ئانا-دە؟).

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغىنىغىمۇ قارى-



ماي، ئالدىمغا چاي بىلەن قۇرۇق ناننى قويۇپ، ژۇر-
نال بەتلىرىگە سىڭىپ كەتتىم: «بىز مۇشۇنداق ئانى-
مۇ؟»... «بىز مۇشۇنداق ئانىمۇ؟»... ماقالىنى
ئوقۇپ بولۇپ، بېشىمنى كىرېسلونىڭ كەينى يۆلەنچۈ-
كىگە تاشلىغىنىمچە قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرۇپ كەت-
كىنىمنى بىلمەي قالدىم. ئىشقىلىپ، بىر خىل ئۆ-
كۈنۈش، ئەپسۇسلۇق تۇيغۇسى يۈرىكىمنى ئۆرتەپ،
ھەر كۈنلۈك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ئۇچراۋاتقان
غەيرىي نورمال ئەھۋاللار، ئاياللار جامائىتى ئىچىدى-
كى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدىكى چاكىنا ئادەت-
لەر، كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىستېمال قارى-
شى، ھەر كۈنى، ھەر سائەت دېگۈدەك يېڭىلىنىپ
بېرىۋاتقان مەنمەنچىلىكنىڭ چەك دەرىجىسى... قا-
تارلىق ئۆز ئېڭىمغا سىغدۇرالمايۋاتقان ئىشلار خۇددى
قىستاڭ بازاردىكى بىر-بىرىگە يول بېرىشمەي ئىتتى-
رىشىپ، ۋارقىرىشىپ-جارقىرىشىپ كېتىۋاتقان كى-
شىلەر توپىغا ئوخشاش بىردە غۇجمەكلىشىپ، بىردە
سۈرۈلۈپ دېگەندەك كۆز قارىچۇقىمغا قادىلىپلا قالدى.

ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ! ۋېلىسىپىت پىدالىنى كۈ-
چەپ تەپكىنىمچە ئالدىراپ ئىشقا باردىم. مېنىڭچە
بولغاندا، سومكامدىكى ژۇرنالنى چىقىرىپ، ئىشداش-
لىرىمغا— ئانىلارغا بۇ ماقالىنى ئوقۇپ بېرىپ، كۆز
قاراشلىرىمنى ئورتاقلاشقۇم، ئۇلارنىڭمۇ ئويلىغانلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىنى بىلگۈم بار ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراقىنى ئېيتسام
(قولۇمدىن كەلسە) ئۆزۈم تونۇيدىغان ياكى تونۇماي-
دىغان ھەممە ئاياللارغا— بارلىق ئانىلارغا بۇ ماقالىنى
يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇپ بەرگۈم بار ئىدى. ئەپسۇس!
...

تۇرغۇن كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا دەل كېلى-
دىغان جۈملىلەر پەيدا قىلغان غەليان ئىچىدە چۈشتىن
كېيىنكى ئىشىمنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتتىم. كاللامدا
يەنىلا ”بىز مۇشۇنداق ئانىمۇ؟“ دېگەن سوئال.

كېچە، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ ئۈزۈلمەس ھال-
قا شەكلىنى ئالغان سوئال بەلگىلىرى ئۇيقۇمنى قاچۇ-
رۇپ، مېنى يەنە ژۇرنال بەتلىرىگە سۆرەپ كىردى:
توغرا! بىز شۇنداق ئانىمۇ؟ (مەن قانداق ئانا؟)

* * *

مەن ئانا بولغان كۈندىن باشلاپ، قېنىمدىن
سۈت ئايرىپ بېرىپ بوۋىقىمنى ئوزۇقلاندۇردۇم.
ياخشى كىيسۇن، ياخشى يېسۇن، دەپ ئۆز گېلىمدىن
سىقىپ، ئۇستىۋاشلىرىمنى يېڭىلىماي، كۈنلەرنى
ئۆتكۈزدۇم، ئۇلارنى ئوقۇتتۇم. مانا بۇلار مېنىڭ
نەزىرىمدە ئانىلىق بۇرچۇمنى ئەڭ ئەلا دەرىجىدە ئادا
قىلغانلىق بولدى. لېكىن ئاياللارنىڭ ئانىلىق بۇرچى



شۇنچىلىكمۇ؟ مەن ئاياللىق ھەم ئانىلىق سالاھىيىتىم
بىلەن مۇنۇلارنى سەممىي ئىقرار قىلماي تۇرالماي-
مەن:

دۇنيا ئاياللار بىلەن گۈزەل، ئائىلە ئاياللار بى-
لەن قۇدرەتلىك، تۇرمۇش ئاياللار بىلەنلا مەنىلىك ۋە
لەززەتلىك. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئاياللار ئۇلۇغ ئىن-
سانلاردۇر. ئاياللارنىڭ ئۆز زىممىسىگە ئالغان يۈكى
ئەڭ ئېغىر، ئەڭ ئەھمىيەتلىك. خوش، شۇنداق ئې-
كەن، بىز ئاياللار، كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك يۈكنىڭ
ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەرىپىنى كۆتۈردۇقمۇ ياكى ئۇنىڭ
ئورنىغا باشقا يۈكنى ئارتىۋالدۇقمۇ؟ ھازىرقى چېكى
يوق بەزمە-مەشرەپ، توي، چاي، مەنمەنچىلىك، زۆ-
رۈرىيىتى يوق قائىدە-يوسۇن، ئورۇنسىز باردى--
كەلدىلەردە بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بارمۇ-يوق؟
مەن قىلچە يوشۇرماي دېۋېتەي: يۇقىرىقىلار پەقەت
بىز ئاياللارنىڭلا پەيدا قىلغان ھەشەم-پەشەملىرىمىز.
بۇ توغرىسىدا ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىرالماي،
كۆڭلىگە يوشۇرغان ئەلەملىك ”ئۇھ“ تارتىشلىرىنى،
بىز ”قائىدە ئۇقمايدىغان چوپەي“ دېگەن بىر ئېغىز
ھاقارەت بىلەنلا يىغىشتۇرۇپ كەلدۇق، خالاس!

بىز ئاياللار— ئائىلىنى ئىچكى جەھەتتىن باشقۇ-
رىدىغان خوجايىنلارمىز، بالىلارغا تۇنجى دەرسنى بې-
رىدىغان ئۇستازلارمىز. لېكىن، بىز (بولۇپمۇ مۇشۇ

ئاي، مۇشۇ كۇنلەردە) ئائىلىمىزنى قانداق باشقۇرۇ-
ۋاتىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيلەۋاتى-
مىز؟ ئۇلار ئېلىشقا تېگىشلىك تۇنجى بىلىمنى نېمە-
دىن بېرىۋاتىمىز؟

بىر كۇنى ئەر-ئايالىلار بىرگە ئولتۇرغان بىر
سورۇندا بىر دوستىمىز: «مېنىڭ ئۈچ بالام ئوقۇپ
مەكتەپ پۇتتۇرۇپتۇ. شۇ چاغقىچە ئۇلارنىڭ خېتىنى
(پۇچۇركىسىنى دېمەكچى) تونۇمايمەن، —دېدى ۋە
كەينىدىنلا ئۇلارنىڭ كەپسىزلىكىدىن داتلاپ كەتتى،
—گۆش-ماي، تاۋار كۆرپىنىڭ ئۇستىدە چوڭ بولغان
شۇ بالىلارغا قاراپ، توزۇك بىر ئادەم بولار دېسەم،
نەدىكى بىر. . .»

ئۆز بالىمىزنىڭ خەت پۇچۇركىسىنى تونۇمايدى-
غان بىز ئانىلار بالىلىرىمىزدىن يەنە نېمىلەرنى كۇتە-
لەيمىز؟ بىز بالىلىرىمىزنىڭ خەت پۇچۇركىسىنى نې-
مە ئۈچۈن تونۇمايمىز؟ مودا رىقابىتىگە ئالدىراپ پا-
لاقشىپ، بالىلىرىمىزنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى،
كونسپىكتىنى كۆرۈشكە ۋاقتىمىز چىقمىغاندۇ، تا-
يىنلىق.

بىز ئايالىلار ئەسلىدە پۇچۇركا تونۇمىغۇدەك دە-
رىجىدە دۆت ئەمەسمىز. بىزنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىمىز-
نى ئەرلەردىن ئۆتكۈر دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. بىز
تىككەن كانۋا گۆللۈك كەشتە نۇسخىسىنى مىسالغا



ئالساق، ئۆلچەملەشتۇرۇپ سىزۇلگەن بىر تۆشۈكچىگە
تۆت قېتىم يىڭنە سانجىپ، گۇل نۇسخىسىنى كەشتى-
لەيمىز. بۇ جەرياندا ئېزىپ كەتمەيمىز. بىز تىككەن
مۇشۇ كەشتىنى ئەرلەرنىڭ تىكەلىشى مۇمكىن ئە-
مەس، چوڭ-كىچىك قانچە گۇل شەكلى بارلىقىنى
ساناپ بېرىڭ دېسىمۇ، سانىيالماي، بېشى ئايلىنىپ
قالىدۇ ئۇلارنىڭ.

مانا بۇ ئەڭ ئاددىي بىر مىسال. شۇنداق ئىكەن،
بىزنىڭ ئاشۇ ئۆتكۈر زېھنىمىز قانداق ئىشلارغا سەرپ
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئەڭ ئەرزىمەس ئىشلارغا! مەن-
مەنچىلىك مۇسابىقىسىگە! ئەسلىدە بىز ئاشۇ ئۆتكۈر
زېھنىمىزنى زايە قىلماي، پەن-بىلىم ئىگىلىشىمىز،
مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈش بىلەن كۆپرەك
مەشغۇل بولۇشىمىز كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا،
پەرزەنتلىرىمىز ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزمۇ
باشقىچە بولاتتى، ئەلۋەتتە.

بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى
بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى: كىتابخۇمار دوستلاردىن
بىر قانچىمىز بىر يەكشەنبە كۇنى بىر دوستىمىزنىڭ
تەكلىپى بىلەن مەلۇم بىر باغقا سەيلىگە چىقتۇق.
گەپ ئارىسىدا ئۆزىمىزنىڭ شۇ كۇنلەردىكى كىشىلەر
نەزەرىدىكى ئورنىمىز توغرىلىق «دەرد تۆكۈشۈپ»
قالدۇق. ئارىدىن بىر دوستىمىز:

www.uyghurkitap.com

—ھازىر خەلقىمىز قورساق تويغۇزۇپ، ئۇستىۋاشلىرىنى يېڭىلاشنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كەتتى، بۇ باسقۇچ ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاندىن بىزنىڭ قەدىرىمىزگە يېتىدىغانلارمۇ چىقىدۇ. ئۈمىدۋار بولايلى، — دېدى تولىمۇ يۇمۇرلۇق قىلىپ، —شۇ زامانلار كەلگەندە ”كىتاب خالتىسى مەتولار“ دېگەن مەسخىرىدىنمۇ قۇتۇلىمىز.

ئاچچىق مەسخىرە ۋە ئىنكار قىلغۇسىز رېئاللىق بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ سۆز ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئويلايمەن: بىزنىڭ كۆپ ساندىكى ئاياللىرىمىزمۇ شۇ زامانلار كەلگەندە، ئاندىن ئۆزگىرىشكە كىرىشەمدىغاندۇ؟

بىز ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى يۈكى بەك ئېغىر. تۈگىمەس ئۆي ئىشى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئاياللىق پسىخىكىمىزدىكى خاسلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاۋارىچىلىقلارمۇ بىزگە يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن بىز بۇنىڭغا قانائەت قىلمىغاندەك، مۇشۇ كۈنلەردە ”مودا“ دەپ ئاتىلىدىغان باش-ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان ئېزىتقۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئىختىيارسىز ھالدا چۆرگىلەۋاتىمىز. شۇ كۈنلەردە، ئىسراپ بولۇۋاتقان زېھنىمىزگە، تەبىئىي ھالدا كېمىيىۋاتقان ئۆمۈر ۋاراقلىرىمىزغا، قايتىلانمايدىغان ئالتۇن چاغلىرىمىزغا ھازىرغىچە ھېچ دىققىتىمىزنى بۆلمەيدىغاندەك قىلىمىز.



بىز ئۆزىمىز مىڭبىر جاپادا ئىشلەپ تاپقان ئالتۇن ئىش ھەققىمىزنى ئەرلىرىمىزنىڭ تاپقان پۇلى بىلەن قوشۇپ، ئاشۇ زۆرۈرىيىتى بولمىغان ”مودا“ شامىلىغا قويۇپ بېرىۋاتىمىز، بۇنىڭدىن قانچىلىك نەتىجىگە ئېرىشتۇق؟

بىر كۈنى، يېقىن ئۆتىدىغان بىر دوستۇم ئىنىسى تويلاشماقچى بولغان قىزنىڭ ئۆيىگە دەسلەپكى چاي ئاپىرىش رەسمىيىتى ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىمۇ بىرگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. قىز تەرەپكە 18 ئادەم باردۇق. قىزنىڭ دادىسى ئۇزۇن يىللىق مائارىپچى بولۇپ، بىر كىشىلىك مائاشى بىلەن يەتتە نوپۇسنى باقىدىكەن. لېكىن ئۇلار ئۇ كۈنى ئۆز ھالى-كۈنى بىلەن ھېسابلاشماي، داستىخاننى كەڭرى سالدى. مەن ئوقۇرمەنلىرىمنى پەقەت ئەڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلىدىغان سىنچاي ئۈچۈن تىزىلغان قەنت-گېزەك، يەل-يېمىش تەخسىلىرىنىڭ سانىدىنلا خەۋەردار قىلاي: چوڭ-كىچىك يەتمىش سەككىز تەخسە!

مانا بۇ ساندىن ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىم داستىخاننىڭ كېيىنكى كۆرۈنۈشلىرىنى تەسەۋۋۇر ئېكرانىغا ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

بىر ھەپتە بولغاندا، دوستۇمدىن بۇ تويىنى قىلمايدىغان بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. سەۋەبى— قىزنىڭ

ئائىلىسىنىڭ كاناپ داستىخىنى بىلەن يۇلتۇز گۇل.
لۇك پىيالىسى بولمىغانلىقتىن، چاينى ئادەتتىكى
چىنە چەينەكتە ئېلىپ كىرگەنىكەن.

تېخى ئۇچىمىزدىكى كىيىمدىن ياماق، قول-پۇ.
تىمىزدىن قاداق تەلتۆكۈش يوقىلىپ بولالمىغان
80 -يىللارنىڭ باشلىرى ئىدى. ئاشۇ كاناپ داستى.
خان، يۇلتۇز گۇللۇك پىيالىلەرنىڭ غەلۋىسى كىم.
دىن چىقتى؟ بىز ئايالاردىن! كاناپ داستىخان، يۇل.
تۇز گۇللۇك پىيالىسى يوقلۇقىدىن خورلانغىنى
كىم؟ يەنە بىزنىڭ قىزىمىز، بىز ئايالارنىڭ قىزلى.
رى. بۇ ئاچچىق ئەسلىمە— ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدى.
دىكى ئىش. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل
مابەينىدە چايلىرىمىز ئاجايىپ زور تەرەققىياتلارغا ئې.
رىشىپ، نەچچە باھار، نەچچە يازنى يېڭى-يېڭى مۇ.
جىزە، يېڭى-يېڭى يۈزلىنىشلەر بىلەن كۈتۈۋالدى.
”كاناپ داستىخان“ ۋەقەسى تەرەققىي قىلىپ قايسى
دەرىجىگە يەتتى، بۇنى يەنىلا بىز ئايالار ئۆزىمىز
بىلىمىز.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بەئەينى بالايىئاپەت
تۇسىنى ئالغان ھەشەمەتخور تويلار، چايلار، بەزمە-.
ئويۇنلاردا بىز ئايالارنىڭ ھەسسىمىز بارمۇ-يوق؟
بەرھەقكى، بۇلاردا بىزنىڭ ھەسسىمىز بارلا ئەمەس،
بىز ئايالار بۇ ۋابا مىكروبىنى يېتىلدۈرگۈچى، تار.



قاتقۇچى، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆزىمىز يېتىلدۈرگەن
مۇشۇ ۋابا مىكروبى بىلەن نابۇت بولغۇچىلاردۇرمىز.

ئايالار، ئانىلار! بىز ئويلاپ باقايلىچۇ؟ بىز
دۇنياغا فىزىئولوگىيىلىك قانۇنىيەت بويىچە بالا تۇغ.
قىلى، شارائىتىمىز بولسىلا ياسىنىپ تارانغىلى،
بىر-بىرىمىزنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلىگىلى، غەيۋەت قىل.
غىلى تۆرەلگەنمۇ؟ ئەگەر شۇلار ئۇچۇنلا تۆرەلگەن
بولساق، بىز ”ئانا“ دېگەن مۇقەددەس نامغا ”ئايالار
ئۇلۇغ، ئايالار قەدىردان“ دېگەن يۈكسەك باھاغا يۈز
كېلەلەيمىزمۇ؟

بىز كۆپ ھاللاردا ئەتراپىمىزدىكى تەڭتۇشلىرد-
مىزگە مۇئامىلە قىلىشتا، باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ كىي.
گەن كىيىمىگە، ئېسىۋالغان زىبۇزىننىتىگە، ئېرد-
نىڭ ئەمىلىگە، توپلىغان ماددىي بايلىقىغا قارايمىز.
(قەلبىنىڭ، ئادىمىيلىكىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەت.
ئىينەزەر) ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولسىلا، ئۇ-
لارنى كۆرگەندە، كۆلگىمىز بولمىسىمۇ زورلاپ كۈ-
لىمىز، ئورنىمىزدىن تۇرغىمىز بولمىسىمۇ لىككىدە
تۇرىمىز. شۇ كۈنلەردە بىز ئايالاردا شۇنداق بىر
تەڭسىز كۆز قاراش شەكىللەندىكى، ئارىمىزدىكى قاي-
سى ئايالنىڭ خىزمىتى جاپالىق، كىرىمى ئاز بولسا،
شۇ ئايال بىزنىڭ نەزەرىمىزدە تۆۋەن ئورۇندا؛ كىم-
نىڭ خەجلىگەن پۇلى، كىيگەن كىيىمى ئەجرىسىز

قولغا كەلگەن بولسا، شۇ ھۆرمەتلىك تۇيۇلىدۇ.
شۇ كۈنلەردە بىز ئاياللارنىڭ قول سومكىلىر-
ىمىز شۇنداق كىچىكلەپ كېتىپ بارىدۇكى، ھەي،
نېمىسىنى دەي. ئالدى 300 يۈەنلىك، ئەڭ ئاددىيلى-
رىمۇ 15-20 يۈەنلىك بۇ زىننەت سومكىلىرىغا بىر
دانە ئەينەك، بىر دانە قاش قەلىمى، بىر دانە لەۋ
سۇرۇقى ۋە بىر پارچە نېپىز قول ياغلىقتىن باشقىسى
پاتمايدۇ، بىز شۇلارنىلا سېلىۋالىمىز-دە، يۈرۈپ
كېتىمىز.

باشقىلارنىغۇ قويۇپ تۇرايلى، ئاپتونوم رايون-
ىمىز بويىچە رەسمىي تىزىملىكتىكى 1 مىليون 300
مىڭ نەپەر ئايال ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئىچىدىمۇ
سومكىدىن كىتاب، خاتىرە، قەلەم تېپىلمايدىغان-
لاردىن قانچىلاپ-قانچىلاپ باردۇ؟

بىزنىڭ بارماقلىرىمىزغا سېلىۋالغان نەچچە
گراملىق يوغان ئۈزۈكلىرىمىز كىتاب ۋاراقلاپ، خا-
تىرە يېزىشىمىزغا قولايسىزلىق تۇغدۇرسا، بويىن-
مىزدىكى قات-قات زەنجىرلىرىمىز "دىققەت قىلمىسام
يوقىلىپ كېتەرمۇ؟" دېگەن ۋەسۋەسە بىلەن كۆڭلى-
مىزنى بىئارام قىلىپ، زېھنىمىزنى يىغىپ ئۆگىنى-
شىمىزگە، ئىشلىشىمىزگە، كەلگۈسىمىزنىڭ ۋارىس-
لىرى بولغان بوغۇنلارغا ئۆلگە تىكلىشىمىزگە توس-
قۇنلۇق قىلمايدۇ دېيەلەيمىزمۇ؟ كېيىنكى كۈنلەردە،



بىز ئانىلاردىن پەرزەنتلىرىمىزگە مىراس ئۈچۈن ئال-
تۇن-جابدۇقلاردىن باشقا يەنە خورىماس ئەقىل، يۈك-
سەك پەزىلەت مىراس قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟

تارىختا قانچىلىغان شۆھرەتلىك خانىم-قىزلار
ئۆتتى. ئۇلار مال-دۇنيا ئالدىدا تىز پۈكمىدى، مەئى-
شەتلىك تۇرمۇشقا ئالدانمىدى، غۇربەت تۇرمۇشقا
تەسلىم بولمىدى. شۇڭا ئۇلار ھەرگىزمۇ پالانىنىڭ
ئايالى، پوكۇننىڭ قىزى دېگەن نام بىلەن ئەمەس،
بەلكى ئۆز نام-شۆھرىتى بىلەن بىزگىمۇ يېتىپ كەل-
دى. بىزچۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ ئاياللىق نامىمىزنى ئۇلۇغ-
لاشنىڭ، قەدىرلەشنىڭ ئورنىغا ئاللىقانداق ھوقۇق--
مەرتىۋە، پۇل، مودا كىيىم ۋە يالتىراق مېتاللارنى
چوڭ بىلىپ، شۇلارنى بەخت دەپ قاراۋاتىمىز. بۇ
ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزدىن كۆرە شۇ ماددىي نەرسىلەرنى
ئەلا بىلگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ؟

بىزنىڭ مودىكەش ئاياللىرىمىز ھەر كۈنى بىر-
دىن "مودا"نى ئىجاد قىلسا، بىز ئانىلار كۈن بويى
ئالتۇن جابدۇق، مودا كىيىم سەۋداسىدا يۈرسەك،
پەرزەنتلىرىمىزنىڭ خەت يېزىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان
ئاپئاق قەغەزدەك غۇبارسىز قەلب ئېتىزىغا نېمىلەر-
دىن ئۇرۇق تىككەن بولىمىز؟

بىز ئاياللار ئارىسىدىكى "مودا" دەپ ئاتىلىدىغان
ئېزىتقۇنىڭ ئازدۇرۇش سەۋەبىدىن، تېخى توي قىل-



www.uyghurkitap.com

ـمىغان ياش قىزلاردىمۇ كەلگۈسىدىكى ”مودا“غا يېتە-
شەلمەي قېلىش ئەندىشىسى باشقىچە بىر خىل تۇر-
مۇش غايىلىرىنى يېتىلدۈرمەكتە. ئۇلار ھەقىقىي مۇ-
ھەببەتنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈپ
قويۇپ تۇرۇپ، كەلگۈسىدە ئۆزىگە ياخشىراق تۇر-
مۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرەلەيدىغان ”ئۆسەلەيدى-
غان“، ”ئىستىقباللىق“ جورىلارنى (ئۆزى ياخشى
كۆرمىسىمۇ) قوغلاشماقتا. بەزى قىزلارنىڭ شوئا-
رى: ”ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن ئەمەس،
بىزنى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن، بىزنى ‹مودا›
غا ئېرىشتۈرگەنلەر بىلەن توي قىلىمىز“ دېگەندىن
ئىبارەت. مانا بۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چوڭ بولۇ-
ۋاتقان قىزلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسى، ئالىي
غايىسى! ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇش پىلانىدا بۇنىڭ-
دىن ئارتۇق، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پىلان يوق.
قىزلاردىكى بۇ ”غايە“ بىزدەك مودىكەش ئانىلارنىڭ
شەكىلسىز بېسىمىدا بىخ سۈرۈپ يېتىلگەن.

ئاھ خۇدا! بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال؟
بۇ توغرىدا بىز كىمدىن ئاغرىنىمىز؟ كىمدىن زارلى-
نىمىز؟ بۇنىڭغا كىم جاۋابكار؟

بىلىشىمىز كېرەككى، بىز ئاياللارنىڭ ئائىلە،
جەمئىيەت ۋە پەرزەنتلەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز
ئىنتايىن ئېغىر ھەم مۇھىم. بىزنىڭ ئائىلىگە كۆر-



ستىدىغان تەسىرىمىز ھەم چوڭ، بىز ئاياللىق نازا-
كىتىمىز ۋە تۈگىمەس ”ۋايساشلىرىمىز“ بىلەن،
سىرتتا ھەيۋىسى قۇلاقنى يارغۇدەك شۇنداق كۈچتۈڭ-
گۈر ئەرلىرىمىزنى ”ئىندەككە“ كەلتۈرەلەيمىز.
شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىمىز، مەق-
سەت، نىشانىمىز، ئارزۇ-غايىلىرىمىز، ئەلۋەتتە،
ئائىلىگە، پەرزەنتلەرگە بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ. ئا-
ياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇ-
شى بالىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنىڭ يېتىلىشىدە مۇ-
ھىم رول ئوينايدۇ. بىز ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەت
ۋە مەجبۇرىيەت ئاستىدا تۇرۇپمۇ ئۆيقۇمىزنى ئاچماي،
ھە دېسىلا تېشىمىزنى پارقىراتساق، ”ئانا“ دېگەن بۇ
مۇقەددەس نامنى چىن مەنىسىدىن تونۇپ يەتمىسەك،
بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق!

مەن بۇ ماقالەمدە، ئاياللار زادىلا زىبۇزىننەت
ئاسماسلىقى، يەنىلا جۇلدۇر كېپەن يۈرۈشى كېرەك،
دېمەكچى ئەمەسمەن. زىبۇزىننەت ئاسايلى، چىراي-
لىق، پۇزۇر كىيەيلى. بىز بىر ئەۋلاد ئاياللارنىڭ
ئەڭ گۈزەل چاغلىرى توپا-تۇمان، نامراتلىق ئىچىدە
ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا پۇل تاپساق لايىقىدا كىيىم
يوق، كىيىم تاپساق يېتەرلىك پۇل يوق. قىز چاغلى-
رىمىزدا قىزغا لايىق، ياتلىق بولغاندا كېلىنگە لايىق
كىيىم كىيەلمەي، چاچلىرىمىز چۇۋۇق، قوللىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قاداق ئۆتۈپ كەتتۇق. ئىسلاھات شامىلىدا جانلانغان
بازار ئىگىلىكى ئائىلىلىرىمىزگە ئارزۇ قىلغىنىمىز.
دىنمۇ ئارتۇق باياشاتلىق، ئاسايىشلىق بەخش ئەتتى،
بىز ئاياللارنى ياشارتىۋەتتى، چىرايلىقلاشتۇرۇۋەتتى.
سانائەتماللىرى بازىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇ با-
زارلارنى ئاياللار ئۈچۈنلا ئېچىلغانمىكى دەپ قالىمىز.
بىز ئۈچۈن يارىتىلغان شۇنداق گۈزەل زامانغا مىڭلار-
چە بارىكاللا!

لېكىن بىز مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ئىچىدە
ياشاۋېتىپ، ماددىي مەدەنىيىتىمىز ئۆسكەنسېرى،
مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ خارابلىشىۋاتقانلىقىنى بە-
لەمدىغاندىمىز؟ بىز ئاياللار ئالدى بىلەن ياسىنىشقا
ئەمەس، بالىلىرىمىزنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا
مەبلەغ سېلىشنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئاياللار — گۈزەل بويلۇق، ئىپار خۇيلۇق خا-
نىم-قىزلار: بىز ئۆزىمىزنى ھەقىقىي قىممەت جە-
ھەتتىن مۇكەممەللەشتۇرۇش بەيگىسىگە قاچان ئاتلە-
نىمىز؟ قاچان قىزارماي تۇرۇپ: ”مەن لاياقەتلىك
ئانا“ دېيەلەيدىغان بولىمىز؟ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز
ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان مۇزېيلارغا بىزلەردىن نېمە-
لەر قويۇلۇشى كېرەك؟

* * *



ئاخىرىدا مول، رەڭدار سەھىپىلەر ئارقىلىق بىز
ئاياللار ئۈچۈن ئەينەكلىك رولىنى ئوينىغان «مىللەت-
لەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا، بىز ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدى-
مىزدىكى خەتەرلىك ”ئۆسمە“نى ئۆتكۈر تىغلىق ”ئو-
پېراتسىيە پىچىقى“ بىلەن يېرىپ، ئۆزىمىزگە كۆر-
سەتكەن، بىزنى ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشقا دەۋەت قىلغان
ئاپتور پەزىلەت ئىسرائىلغا رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت يېڭىشەھەر ناھىيىلىك
رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا)

# «نېمىسلار ھەققىدە پاراڭ»غا ياندىشما پاراڭلار

ئەلسۆيەر

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىكى «دۇنيا مىللەت-
لىرى» سەھىپىسىگە بېرىلگەن «نېمىسلار ھەققىدە
پاراڭ» ناملىق تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئاخىرقى تەھرىر-
لىكىنى ئىشلەۋاتقىنىمدا، تەپەككۇرۇم قاناتلىنىپ،
مېنى ھېلى بىر خىل دۇنياغا، ھېلى يەنە بىر خىل
دۇنياغا ئېلىپ كېتەتتى. ئەنە شۇ ئەسەرنى ئوقۇغان
ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى نېمىسلار بىلەن جەمئ-
يىتىمىزنى، مىللىتىمىزنى سېلىشتۇرماي قالمايدۇ.
مېنىڭ تەپەككۇرۇممۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھازىر ھەم-
مەيلەننىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان ”مىللەت ساپاسى“
دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختاپ قالدى. مىللەتنىڭ
ساپاسى چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلۇغ كەشپىياتلار-
نى يارىتىش، ئەڭ ئىلغار زامانىۋى تېخنىكىلارنى ئە-
گىلەپ، ئەڭ ئىلغار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش-
تىن تارتىپ، ئاددىيسى كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەدەنىي



ياشاشقىچە بولغان بارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى
تاپىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ئۇنىڭ ھەر
بىر ئەزاسىنىڭ كۈندىلىك قىلمىشىدىن ئەكس ئېتى-
دۇ. قاراڭ، نېمىسلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا
جان-جانىۋارلارغا كۆيۈنۈشى، بىلىمگە ئىنتىلىشى،
ھەتتا خالى جايدا ئولتۇرغان ۋاقتىنىمۇ بوش ئۆتكۈزۈ-
ۋەتمەي كىتاب كۆرۈشى، ھەممە ئائىلىلەردە دۇنيا
خەرىتىسىنى، يۇرۇشلەشكەن لۇغەتلەرنى، گۈل-گى-
ياھلارنى پەرۋىش قىلىشقا ئائىت كىتابلارنى ساقلى-
شى، دوستلۇققا سادىق بولۇشى، باشقىلارنى مەسخىرە
قىلىدىغان لاۋزا قىلىقلاردىن ساقلىنىشى، ھەرقانداق
ئىشنى ئەقىلگە تايىنىپ قىلىشى، باشقىلارنىڭ تۇر-
مۇشىغا دەخلى يەتكۈزۈشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ بىلى-
شى، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ھەممەيلەننىڭ تەڭ
كۆڭۈل بۆلۈشى، باشقىلارغا كاشىلا قىلمايدىغان ھەم
باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە كاشىلا قىلىشىغا يول قويمايدى-
غان تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، پۈتۈشكەن ۋاقىتقا قات-
تىق رىئايە قىلىشى ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسىدىن نې-
مىس مىللىتىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ. نېمىسلاردىن نوبېل ئەدەبىيات مۇ-
كاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر يازغۇچىلار، خەلقئارالىق
مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن كاتتا ئالىملار چىققان، ئۇلار-
نىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ دۇنيادا ئال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سا-
پاسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، يالغۇز بىلىم خۇمار-
لىقىنىلا مىسالغا ئالايلى: يېقىندا غەربىي ياۋروپاغا
تەكشۈرۈشكە بېرىپ قايتقان بىر كىشىنىڭ بايان قى-
لىشىچە، قايتىش سەپىرىدە بىر ئايروپىلانغا چىققان
200-300 سەپەرداشنىڭ 80% چەت ئەللىك (ئۇلارنىڭ
كۆپىنچىسى نېمىسلار)، 20% جۇڭگولۇق ئىكەن.
بۇ ئالىم كۆڭۈل قويۇپ ساناپ، ھەيرانلىق ئىچىدە
شۇنى ھېس قىلغانكى، مەيلى ئايروپىلان كۈتۈش زا-
لىدا ياكى ئايروپىلان ئىچىدە بولسۇن كۆڭۈل قويۇپ
گېزىت، ژۇرنال، كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ
ھەممىسى چەت ئەللىك ئىكەن، مۈگدەۋاتقان ياكى
ئۇيان-بۇيانغا ھاڭۋېقىپ قاراۋاتقانلار جۇڭگولۇقلار
ئىكەن. بۇغۇ جۇڭگولۇقلار بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ
سېلىشتۇرمىسى، ئەمدى بىزگە دائىم چېلىقىپ تۇرى-
دىغان مۇھىتلاردا ئۆزىمىز بىلەن ئۆزگە مىللەتلەرنى
سېلىشتۇرۇپ باقايلىچۇ. بىزدە بوش ۋاقىت چىقسىلا
ئۆگىنىۋاتقانلار زادى قانچىلىك؟ توغرا، مىللىتىمىز-
دىمۇ ئۆگىنىشكە بېرىلىدىغان، تىرىشچان كىشىلەر
بار، لېكىن كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بىزدە ئۆگىنىش-
كە بېرىلمەيدىغانلار كۆپ. شۇنداق بولغاچقا، مىللە-
تىمىزنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تۆۋەن. ساپا تۆۋەن بول-



غاچقا، نۇرغۇن جەھەتلەردە چېنىپ قېلىۋاتىمىز. نا-
دانلىق ئىللەتلىرى يامراپ كېتىۋاتىدۇ، تېخى ئۇنى
ئېتىراپ قىلغىمىز كەلمەيدۇ. نېمىسلارمۇ بىر مىل-
لەت، بىزمۇ بىر مىللەت. ماقۇل، بىز دۇنياغا مەش-
ھۇر «مېرسېدىس» ماركىلىق داڭلىق پىكاپمۇ ئىشلەپ-
چىقارمايلى؛ مەيلى بىزدىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشى-
دىغان ئالىملارمۇ چىقمىسۇن، مەيلى نېمىسلاردەك
خالا-جايدا ئولتۇرۇپمۇ كىتاب ئوقۇمايلى، بىراق قو-
رۇق پاراڭلارغا ئارىلىشىپ، تېتىقسىز ئولتۇرۇشلارغا
بېرىپ ياكى ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان تويى-تۆكۈن،
چاي-پايلارغا قاتنىشىدىغانىڭ ئورنىغا ئاز-تولا ۋاقىت چى-
قىرىپ ئۆگىنىپ، مېڭىمىزنى تولۇقلاشمۇ قولىمىز-
دىن كەلمەسمۇ؟ مەيلى ئۇنىمۇ قىلمايلى دەيلى، بىرەر
يىغىلىشلارغا ياكى ئۇچرىشىشلارغا ئۆز ۋاقىت-قەرە-
لىدە يېتىپ بېرىپ، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىل-
ماسلىقمۇ قولىمىزدىن كەلمەسمۇ؟ قاراڭ، نېمىسلار
باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋېلىشنى، دەخلى
يەتكۈزۈشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ بىلىدىكەن. بىزنىڭ
بەزى ئادەملىرىمىز بولسا، ئۆزىنى سورىمايدۇ، كول-
لېكتىپ سورۇنلارغا كېچىكىپ كېلىشتىن، ۋەدى-
سىزلىك قىلىشتىن، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشتىن،
قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈشتىن، تېتىقسىزلارچە ئۆچكى-
دەك مەرەپ كۇلۇشلەردىن، قىسقىسى، ئۆزگىنىڭ

خىزمەت ۋە ئارام ئېلىشىغا دەخلى يەتكۈزۈشتىن نومۇس ھېس قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى كۆز-كۆز قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. باشقىلار ئاگاھلاندۇرۇش بەرسە، ئۆزىنىڭ قىلىقسىزلىقىدىن ئۇيۇلۇپ ئەپۇ سورىماقتا يوق، كۇرۇكى تۇتقان توخۇدەك ھۇرپىيىپ، جېدەل پەيدا قىلىشتىن يانمايدۇ، ئەنە شۇنداق ئاددىي ئىشلاردىنلا خەقنىڭ ساپاسىنىڭ قانداقلىقىنى، ئۆزىمىزنىڭ ساپايىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالمايمىزمۇ؟

بۈگۈنكى دەۋر رىقابەت دەۋرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رىقابەت، پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەت تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىختىساسلىق خادىملار رىقابىتىدىن ئىبارەت. جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇشى ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ ئۈستۈن-تۆۋەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قايسى جايدا، قايسى مىللەتتە ئۆگىنىش كەيپىياتى قويۇق بولسا، شۇ جايدا، شۇ مىللەتتە ئىختىساسلىق خادىملار كۆپ يېتىلىدۇ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ياخشى بولىدۇ. بىز ئىقتىسادنى گۈللەندۈرىمىز، مىللەتنى روناق تاپقۇزىمىز دەيدىكەنمىز، پۈتۈن مىللەتتە قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتىنى



يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرىدا بىلىملىك بولۇش شەرەپلىك، بىلىمسىزلىك نادانلىق— نومۇس دەيدىغان قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى كەڭ ئىقتىدارلىق ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەردىن دۇنيادىكى ۋە ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ھەم ئۆزىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى تەرىپلەپ، ناچار تەرەپلىرىنى قامچىلاپ، كىشىلەرنىڭ روھلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان يۇقىرىقىدەك ماقالە-ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئەۋەتىشىنى، بۇ ھەقتىكى تەسىرات ۋە پىكىرلىرىنى كۆپلەپ ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى قارشى ئالىدۇ.

# يەنبىيەندە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم

(زىيارەت خاتىرىسى)

مۇختار قادىر

... ئۇ كولۇۋاتقاندا، مايلىشىپ قارىداپ كەتكەن بادام دوپپىسىغا، قوچقاچ چاڭگىسىدەك مەينەت ساقىلىغا، كىرلىشىپ كەتكەن گەدىنىگە، رەتسىز كىيىم-كېچەكلىرىگە قاراپ، ”تېخى سەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى ئىكەنسەن-دە“ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

## مۇقەددىمە

مەن تاسادىپىي پۇرسەتتە، ياپراقلار ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، زېمىننىڭ سېخىي داستىخىنى كەڭ ئېچىلغان، بىپايان ياپون دېڭىزىدىن ئۆرلىگەن كۆز شامىلى پېتىر قولتۇقى ئارقىلىق تۇمەنجياڭ ۋادىسىغا ئاستا-ئاستا چېچىلغان ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ باشلىرىدا شەرقىي شىمالدىكى ”ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك“ دەپ تەرىپلىنىدىغان يەنبىيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت ۋە ئۆگىنىشتە بولدۇم. جە-



www.uyghurkitap.com

لىن ئۆلكىسى بويىچىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۇنجى بولۇپ تۈگىتىپ، ھەر تۇمەن نوپۇسنىڭ 3037 ئادىمى ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكەن بۇ گۈزەل ئوبلاست مېنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ دولقۇننىڭ مۇشۇ گۈزەل تۇپراقتا پەيدا قىلغان ئاجايىپ يېڭىلىقلىرى مېنى ئۇزاققىچە ھاياجانغا سالدى. مېھماندوست، قەيسەر، مەرىپەتپەرۋەر چاۋشيەنزۇ خەلقى ھەم بۇ مىللەت ۋۇجۇدىدىكى مائارىپنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشتەك ئۇلۇغۋار روھ مېنى قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئۆز مىللىتىمنىڭ ئوقۇرمەنلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئۈندىدى. شۇڭا، ناباپلىقىمغا قارىماي، بۇ خاتىرىنى پۈتۈپ چىقتىم. قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۆيىدە ھېچ بولمىغاندا مائارىپقا بولغان يېڭىچە چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## شەرتلىك سايلام

”مائارىپنى قوللىيالمىغان رەھبەر لاياقەتلىك رەھبەر ئەمەس“. بۇ يەنبىيەن— خەلقىنىڭ جاراڭلىق شوئارى بولۇپلا قالماستىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ شەھەر باشلىقى، ھاكىم، دىرېكتور قاتارلىق رەھبەرلىرىنى ئىشقا قويۇشتىكى ئاساسىي ئۆلچىمى ئىكەن. خەلق ۋەكىللىرى سايلام

ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، ئالدى بىلەن سايلانغۇچى-
نىڭ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قايسى
ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى سۈرۈشتە قى-
لىدىكەن.

يەنبيەندىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ
ئوقۇتۇش شارائىتى دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر-
دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىردەك ئىزچىل مەبلەغ
سېلىشى بىلەن پەيدىنپەي ياخشىلانغان، ئوقۇتۇش
ئۈسكۈنىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى بىلەن
ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى ماس قەدەمدە ئىل-
گىرى سۈرۈلگەن. بىز يەنجى شەھەرلىك بېيشەن
باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىپ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇ-
تۇش سىنىپىغا كىرگىنىمىزدە، ”شىنجاڭلىق مېھمان-
لارنى قارشى ئالىمىز“ دېگەن خەت ۋە بىزنىڭ بىر
نەچچە مىنۇتلۇق ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتىمىزنىڭ ئە-
مەلىي ئەھۋالى ئېلېكتر مېڭىلىق ئېكراندا پەيدا بول-
دى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئاددىي، ئوقۇتقۇچىلىرى تو-
لۇق بولغان ئۈسكۈنىلىرىگە تايىنىپ، بىرنەچچە مى-
نۇت ئىچىدە بىر فىلىمنى ئىشلەپ بولۇپتۇ.

## يەسلىدىن باشلاپ...

”بىزنىڭ بۇ يەردىكى يەسلى باللىرى گېزىت
ئوقۇيالايدۇ“، قارىماققا 50 ياشلارغا كىرىپ قالغان
جاڭ مۇدىر (چاۋشيەن مىللىتىدىن بولۇپ، يەنبيەن



ئوبلاستلىق ئوقۇتۇش-تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدى-
رى ئىكەن) شۇنداق دېگەنىدى، دەررۇ ئىشىنىپ كې-
تەلمىدىم، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ھەقىقەت
ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بەش شە-
ھەر، ئۈچ ناھىيىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1
مىليون 870 مىڭ نوپۇس ئىچىدە چاۋشيەنزۇلار
40.2 پىرسەنتنى، خەنزۇلار 56.9 پىرسەنتنى، خۇي-
زۇ، مانجۇ قاتارلىق باشقا 21 مىللەت 2.9 پىرسەنتنى
ئىگىلەيدىكەن. مەيلى قايسى مىللەت بولسۇن، ھەقى-
قىي باراۋەرلىك ئاساسىدا تولۇق تەربىيىلىنىش شارا-
ئىتىغا ئىگە بولغاچقا، ئاھالىلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت
سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. باللارنىڭ مەك-
تەپكە كىرىشتىن ئاۋۋالقى تەربىيىسى مۇكەممەل بو-
لىدىكەن. باشلانغۇچ مەكتەپلەر يەسلى تەربىيىسىنى
ئالمىغان (ساۋادىنى چىقارمىغان) باللارنى قوبۇل
قىلماسلىق ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، قوش تىل
(چاۋشيەن، خەنزۇ تىللىرى) لىق ئوقۇتۇشنى مۇھىم
ئورۇنغا قويىدىكەن.

مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق يەنە
مائارىپنىڭ ئاساسىي ئۇلىنى (ئوقۇغۇچىلارنىڭ كې-
لىش مەنبەسىنى) چىڭىتىش يەنبيەن خەلقىنىڭ ئۆز
ئالدىغا ئىجادىيىتى ئىكەن. بىز بارغانلا مەكتەپلەردە

www.uyghurkitap.com

ۋە ئورۇنلاردا بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۇرۇش ئاساسىي نىشان بولغاچقا، بۇ ئوبلاستتا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىر تۈتاش ئىمتىھان ئارقىلىق ئېلىمىزدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بىۋاسىتە قوبۇل قىلىنىدىكەن ۋە ئايرىملىرى چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىلىدىكەن.

## ئوخشاشلىق ئىچىدىكى پەرق

چاۋشيەنزۇ مىللىتى مىللىي ھېسسىياتتا ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا باي خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆز مىللىتى ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۇرۇپ، تاشقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكىگە يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلغار، پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، شۇ ئاساستا دەۋرگە، تەرەققىياتقا ماسلىشىپ ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن ياشايدىكەن.

ئاددىيسى چاۋشيەنزۇ مىللىتىنىڭ تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بىزنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇلار خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، ياپون، ئېنگلىز، رۇس تىللىرىنىمۇ بەس-بەستە ئۆگىنىدىكەن ۋە بىر-بىرىگە ئۆگىتىدىكەن. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسلىكى ئەمەس، خەنزۇ ئەدەبە-



ياتى دەرسلىكى ئۆتىلىدىكەن. چاۋشيەنزۇ مىللىتى ئارىسىدا خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى، خەنزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا چاۋشيەن تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىگە ئوخشاش تۈرلۈك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىكەن.

مەن بىرنەچچە چاۋشيەنزۇ رەھبەر بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا مۇنداق بىر نۇقتىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ خەنزۇچە سۆزلەش سەۋىيىسى شۇنچە يۇقىرى تۇرۇپ، مەيلى يىغىنلاردا بولسۇن ۋەياكى ئىجتىمائىي سورۇنلاردا بولسۇن ئالدى بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا سۆز باشلايدىكەن. گەرچە بىز خەنزۇچە سۆزلىگەن بولساقمۇ، ئۇلار ئۆز تىلىدا سۆزلەپ، ئاندىن ئۆزى يەنە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. مەن بۇنى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دەپ قاراپ كۆز قارىشىمنى شەرھىلىگەنىدىم، يەنجى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئايال مۇدىرى ليۇگۇڭشا (چاۋشيەن مىللىتىدىن) پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرالىشىدىكى ئاساسىي بىرلىك تىل بولىدۇ. ئەگەر بىز ئانا تىلىمىزنى يوقىتىپ قويساق، چاۋشيەنزۇ مىللىتىنى يوقىتىپ قويغان بولىمىز. شۇڭا ئانا تىلنى قەدىرلەش بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلۇشى كېرەك،

بۇ—مىللىي غۇرۇر مەسىلىسى.

ئۇ ھەق گەپنى قىلغانىدى. شۇئان بىز ئۇيغۇرلار
ئارىسىدىكى خەنزۇچە سۆزلەش ئىقتىدارىنى نامايان
قىلىشقا ئالدىراپ، ئانا تىلىنى كەمسىتىدىغان ناتىۋان-
لار، ”چۇشلۇك تاماقنى چۇيلېيلا قىلدىم“ دەپ ئە-
جەبش سۆزلەيدىغان ئەخمەقلەر، ”مەن ئۇرغۇي“ دەپ
مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان بىلىمسىزلەر، ”يېڭى يېزىق-
تا ئوقۇغانمەن“ دەپ خىجىل بولماستىن ھىجىيىدىغان
ساۋاتسىزلار كۆز ئالدىمغا كەلدى.

يەنبيەندىكى چاۋشيەنزۇلار مۇلايىم، تېتىك،
جۇشقۇن بولۇپلا قالماستىن، ئىنتايىن ئەدەپلىك ۋە
مەدەنىيەتلىك ئىكەن. مەيلى تونۇش بولسۇن-بولمى-
سۇن، گەپ سورىغان ھامان، ئۇلار سىزگە ئىگى-
لىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىدىكەن.
خانىم-قىزلارنىڭ ئىللىق چىرايلىرى بىلەن مۇلايىم
ھەرىكىتى كىشىگە بىرخىل يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلاي-
دىكەن.

مەن تۇمەن شەھىرىگە كېتىۋېتىپ، ئېتىز-ئې-
رىقلاردا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جۇش-
قۇن ياشلارنىلا كۆزدۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50-60
ياشلارغا كىرىپ قالغانلار كۆزۈمگە زادىلا چېلىقمى-
دى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پېشقەدەملەرنى مىللەتنىڭ
بايلىقى سۈپىتىدە ئاسرايدىكەن، بىزنىڭ بەزى ئادەم-



لىرىمىز بولسا. . . !

## يەنجى شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار

مەن 1993-يىلى جەنۇبىي جۇڭگونى ئايلىنىپ
شائخەي، نەنجىڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە تۇرلۇك
سودا-سېتىق كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان
ئۇيغۇرلارنى كۆرگەنىدىم. بۇ قېتىم شىمالىي جۇڭگو-
نىڭ ئەڭ شەرقىگە جايلاشقان يەنجى شەھىرىدىمۇ شۇ
خىل كەسىپتىكى قېرىنداشلىرىمنى كۆردۈم ۋە ئۇلار
بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

دەسلەپتە كۆرۈشكەن كىشى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ
كېرىيە ناھىيىسىدىن كېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە
تىجارەت قىلىۋاتقىنىغا تۆت يىل بولغان ئىسمائىلخان
بولدى. ئۇ دەسلەپ ئۇن تونىنا كىشمىش ئۈزۈم بىلەن
يەككە-يېگانە ھالدا يۇرتىدىن چىقىپ، تيەنجىن، خار-
بىن قاتارلىق جايلاردا ئۈزۈمچىلىك قىلىپتۇ، يەنجى
شەھىرىگە كەلگىلى يېرىم يىللا بولۇپتۇ، ھازىر ئۇ-
نىڭ ئىجارىگە ئالغان ئۆيى، دۇكىنى بار ئىكەن،
خوتۇنى ۋە ئىككى ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ-
دىن كىرگۈزۈلگەن قۇرۇق ئۈزۈملەرنى پارچە ساتى-
دىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يەنبيەن ئوبلاستىنىڭ
ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر سودىگەرلەر
بار ئىكەن. ئۇلار ئاساسەن ئۈزۈمچىلىك، گۈلىچى-
لىك، كاۋاپچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

—سىلەر شۇنچە يىراقتا كېلىنىۋالغۇچە مەركىزىي
شەھەرلەردە تىجارەت قىلساڭلار بولمامدۇ؟ —دەپ
سورىدىم مەن.

—باشقا يەرگە ئوقەتچىلەر ساماندەك يېغىپ كەت-
تى، شۇڭا تىجارەت يۈرۈشمەيدۇ، بۇ يەردە ئوقەتچى-
لەر ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنجى شەھەرلىك ھۆكۈمەت
بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى دەپ ياخشى قارايدۇ،
بىزگە ئېتىبار بېرىدۇ، بولۇپمۇ چاۋشيەنزۇ مىللىتى
بىزگە بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىدۇ، —دېدى ئۇ مەغ-
رۇرانە كۈلۈپ تۇرۇپ. لېكىن ئۇ كۈلۈۋاتقاندا، ماي-
لىشىپ قارىداپ كەتكەن بادام دوپپىسىغا، قوچقاچ
چاڭگىسىدەك مەينەت ساقىلىغا، كىرلىشىپ كەتكەن
گەدىنىگە، رەتسىز كىيىم-كېچەكلىرىگە قاراپ، ”تې-
خى سىەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى ئىكەنسەن-دە“ دەپ
ئويلىدىم ئىچىمدە.

—ساۋاتلىقمۇ سىز؟

—ھە، دېسەممۇ بولىدۇ، ياق دېسەممۇ بولىدۇ.
ئانچە-مۇنچە خەنزۇچە بىلسەكلا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

—قانچىلىك پۇلىڭىز بار؟

—ئىككى-ئۈچ يۈز مىڭى بولمىسا، بۇ خەقنىڭ
شەھىرىدە نېمە قىلىمىز دەيلا ئۇكام؟!

كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىجارىگە ئال-
غان ئۆيىگە باردىم. قاپقاراڭغۇ كوچىنىڭ بىرنەچچە



www.uyghurkitap.com

ئېغىز ئۆيىدە 30-40تەك ئۇيغۇر ئولتۇرغانىكەن،
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كاۋاپچى، بەزىلىرى ئۈزۈمچى،
يەنە بەزىلىرى يانچۇقچى بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ كۆزلى-
رىدىن ياۋايىلىق، نادانلىق، مەنمەنلىك ئۇچقۇنلىرى
چاقناپ تۇراتتى. مەن بىر نەچچىسىنىڭ يۈز-قوللى-
رىدىكى پىچاق ئىزلىرىنى كۆرۈپ سەل قورقتۇم.
بىراق ئۇلار مېنى ئورۇۋېلىپ ”شىنجاڭنىڭ ھارىقىنى
ئېلىپ كەللىمۇ؟ بىردىن ئوتلىۋالايلى“ دەپ سوراش-
تى. ئىسمائىلخان مېنىڭ مەكتىلىك ئىكەنلىكىمنى،
غەربىي-جەنۇبىي تارىم نېفىتلىكىدە خىزمەت قىلىدى-
غانلىقىمنى ئېيتىۋىدى، بىرسى ئالدىمغا ”گۈلۈپپە-
دە“ يىقىلدى:

—جېنىم ئاكا، شۇ مەكتەت نەشىسىدىن بىر چې-
كىم بەرگەن بولسىلا، مانا ماۋۇ ئەللىك كوي!

ياش قورامىدىن قارىغاندا مەندىن بىر نەچچە ياش
چوڭ بولغان بۇ كىشىنىڭ مېنى ئاكا دېگەنلىكىدىن
ئەمەس، بەلكى بەڭگە قاتارىدا كۆرگەنلىكىدىن چىش-
لىرىم غۇچۇرلاپ كەتتى.

مەن ئۇنى-بۇنى دەپ بۇ بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدىن
چىقىۋالدىم-دە، كىرا ئاپتوموبىلىنى توسۇپ، مېھ-
مانخانىغا قايتماقچى بولدۇم. ئىسمائىلخان ئېتىلىپ
چىقىپ مېنى مېھمان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈر-
گەندى، مەن كەسكىن تۇردە:

—مېنى مېهمان قىلىدىغان شۇ پۇلىڭىزغا مۇن-
چىغا چۇشۇۋېلىڭ، كىيىم-كېچەكلىرىڭىزنى ئالماش-
تۇرۇپ، ھەقىقىي ئۇيغۇر ۋەكىلى بولۇڭ! —دېدىم.

مانا بۇ مەن يەنجى شەھىرىدە كۆرگەن ئۇيغۇرلار
ئىدى. ئەسلىدە ئۇلار مىللەتنىڭ ۋەكىلى بولۇشى
كېرەك ئىدى. بىراق ئۇلار ئۇنداق بولالمايلا قالماس-
تىن، مىللەت ئۇچۇن ھاقارەت كەلتۈرۈۋېتىپتۇ.
گەرچە مەن دالىيەن، تيەنجىن، بېيجىڭ شەھەرلىرىدە
ئىنتايىن پاكىز، رەتلىك يۈرىيدىغان، سالاپەتلىك،
مۆتىۋەر ئۇيغۇر سودىگەرلەرنى كۆپ ئۇچراتقان بول-
ساممۇ، يەنجىدىكى ئىسمائىلخانلارنى ئويلاپ، ئۇزاق-
قىچە ھەسرەتكە چۆمدۈم.

## خاتىمە

مول ھوسۇللۇق كەچكۈز يېتىپ كەلدى. مەن
ۋە مېنىڭ ھەمراھلىرىم يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم
ئوبلاستى بىلەن خوشلىشىپ شېنياڭ، دالىيەن قاتار-
لىق چوڭ شەھەرلەرنى، لۇشۇن ھەربىي پورتىنى،
بوخەي دېڭىزىنى، تيەنجىن، بېيجىڭ قاتارلىق مەر-
كىزىي شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، پۈتكۈل شىمالىي
جۇڭگونىڭ ئىللىق مۇھەببىتىنى، تەرەققىيات ئەندى-
زىسىنى، مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز ئور-
نىمىزغا قايتتۇق. يۇقىرىقى بايانلىرىم بۇ قۇتلۇق سە-
پەردە ھېس قىلغانلىرىمنىڭ بىر قانچە تامچىسىدىن



ئىبارەتتۇر. بۇ توغرىدا ئوقۇرمەن دوستلار بىلەن
پىكىرلىشىشكە يەنە پۇرسەت چىقىدۇ دېگەن ئۈمىدتە
خاتىرىنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

1995-يىلى

(ئاپتور: پوسكام نېفىت بازىسى پەرزەنتلەر
مەكتىپىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# "شۈكۈر قىلىش" بىزگە مەنىۋى يۈك بولۇپ قالمىسۇن

مۇھەممەت تۇداجى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بېرى "شۈكۈر قىلىش" ئىبارىسىنى ھاياتلىق ئۆلچىمى ۋە قانائەت مىزانى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىس ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ كەلدى؛ ئاچ-يالىڭاچ قالمىسىلا، ۋۇجۇدىدا نەپەس بولسىلا سەۋر-تاقەت قىلىپ ئولتۇرۇشنى، "شۈكۈر" دەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى بىر خىل ياخشى ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، نادانلىق ۋە نامراتلىقتا ئۆكۈنمەيدىغان، تىرىكچىلىكنىڭ ئېغىر يۈكى يەلكىسىنى باسسىمۇ "غىڭ" قىلماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىدىغان بۇ خىل قانائەتچانلىق تەدرىجىي ھالدا مىللىتىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلمەيدىغان، يېڭىلىق ياراتمايدىغان، باشقىلار بىلەن رىقابەتلەشمەيدىغان مەنىۋى كېسەلگە باغلاپ قويۇپ، تەرەققىيات ۋە پارلاق ئىستىقبا-



لىدىن چەتلەشتۈرۈۋەتتى. بەزىلەر ئۆز كۆڭلىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي پو ئېتىپ، باشقىلارنىڭ قانداق كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەي "شۈكۈر" قىلىپ، قانائەت بۆشۈكىدە بەخىرامان ئۇخلاپ، نادانلىق ۋە مۇشەققەتنى پانىي دۇنياغا، ئۈمىد ۋە ئارزۇلىرىنى باقىي دۇنياغا ئاتاپ ياشاپ كەلدى. تەبىئەت ھادىسىلىرى، جەمئىيەتتىكى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىق ۋە زەئىپلىكى ئاشكارىلانغان چاغدىمۇ يەنىلا "شۈكۈر قىلىش" ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ، ئۇ خىل زورلۇقنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ تەركىبىي قاتارىدا ئۆز پېشانىلىرىگە پۈتۈلگەن بىر "قىسمەت" دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئامال ۋە چارە قىلىشنى تەقدىر بىلەن قارشىلىشىش دەپ تونۇشتى.

ئەسلىدىن ئالغاندا، مىللىتىمىز ئارىسىدىكى خېلى بىر قىسىم كىشىلەر "شۈكۈر قىلىش"نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمىگەن. ئەكسىيەتچى كۈچلەر كەڭ ئاۋامنى "شۈكۈر قىلىش" قەپىزىگە سولاپ قويۇپ، ئەكسىچە ئۆزلىرى ھېچنەرسىگە شۈكۈر-قانائەت قىلىشماي، ئۆزلىرى خالىغانچە ئەيش-ئىشرەتلىك، كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن. شۈكۈر ئەسلىدە بىز چۈشەنگەن يۇقىرىقى مەنى-

ده ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى-
نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ رەزىل مەنپە-
ئەتى ئۈچۈن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق، ئۆزى-
نىڭ بۈيۈك ئادەم بولۇپ يارالغانلىقىدىن مىننەتدار
بولۇش ۋە ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يېتىش مەنىسىدە
ئىپتىلغان. ئۇ ھەرگىزمۇ ھەرقانداق خورلۇققا،
ئاچ-يالىڭاچلىققا، موھتاجلىققا، ئازاب-ئوقۇبەتكە
شۈكۈر قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيتتى.

مۇتەئەسسىپ-جاھىل كۈچلەرنىڭ ”شۈكۈر قى-
لىش“نى ئەسلى مەنىسىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، مىللەت
روھىدىكى يامان ئىللەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى بىلەن
جەمئىيەتتە ئاز بولمىغان سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا
قىلدى. بىر قىسىم كىشىلەردە بىكار تەلەپلىك ”ئۈژ-
مە پىش ئاغزىمغا چۈش“ دەيدىغان ھۇرۇنلۇق ئۆسۈپ
قالدى. ھەتتا ئېغىر ھالدا تۈرلۈك قايغۇ-ھەسرەت-
لەرنى، بەختسىزلىك ۋە شەرمەندىلىكلەرنىمۇ كەلتۈ-
رۈپ چىقاردى. ئەينى چاغدا مىللىتىمىز ۋىجدانىي
غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنىپ، كەچۈرۈش مۇمكىن بول-
مايدىغان دەرىجىدە ھاقارەت ۋە زوراۋانلىقلارغا تىز
پۈكۈپ ”شۈكۈر“ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بەزلىگەن بول-
سا، يەنە بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلگىرىلەۋاتقان دۇنياۋى
رىقابەت قاينىمىغا ئۆزىنى ئاتماي، ئەكسىچە سىرىقتال
تۇرمۇشىنىڭ قانائەت قاچىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، غا-



يېتىن بەخت تىلەپ قول قوشتۇرۇپ باشقىلارنىڭ
ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرسا بولامدۇ؟

ئەجدادلىرىمىز ئىچىدىكى ئىلغار پىكىرلىك ئا-
لىملىرىمىز، خەلق غېمىنى يەيدىغان شائىرلار مىللە-
تىمىز ئىچىدىكى مۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى كۆپ قې-
تىملاپ قاتتىق سۆكۈپ تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، لې-
كىن ۋۇجۇدىمىزدا تېخىچە تۈپتىن قاتتىقراق ئۆزگە-
رىش بولمىدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بىرەر
ئىلمىي ئۇنۋاننى ئېلىپ مائاشىنى ئۆستۈرسىلا ”شۈ-
كۈر“ قىلىپ ئالغا ئىنتىلمەي بىر ئىزدا توختاپ
قالىدىغان؛ دېھقانلار ئىچىدە ئاچ-يالىڭاچ قالماي بى-
رەر بۇردا نان بىلەن قورسىقىنى تويغۇزسىلا قانائەت
ھاسىل قىلىدىغان؛ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سىنىپتىن
چۈشۈپ قالماي تېزرەك خىزمەتكە چىقسىلا مەقسەتكە
يەتتىم دەيدىغان كەيپىيات ئەۋج ئالدى. جەمئىيەتتىمۇ
بەزىلەر بىكار تەلەپ بولۇپ لاغايلاپ يۈرۈشكە، دوق-
مۇشلاردا توپلىشىۋېلىپ قۇرۇق پاراڭ سېلىشقا، قار-
تا قىمار ئويناشقا، ھەتتا زەھەرلىك چېكىملىك چې-
كىشكە رازىكى، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانى بىلەن،
ئەدەب-ئەخلاق بويىچە ياشاپ ئالغا ئىنتىلىشنى، يېڭى-
لىق يارىتىشنى خالىمايدۇ. ئۇلاردا جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستىكى، كۈچلۈك رىقا-
بەت ئېڭى كەمچىل. بەلكى جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بويىچە "شۇكۇر" دەپلا كۆن ئۆتكۈزۈپ، ھۇرۇنلۇقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغان.

"شۇكۇر قىلىش" كىشىلەرنى كىشىلىك ھايات قىممىتىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل مىللەتنىمۇ دەۋر روھىدىن، ئىلگىرىلەش كۈچىدىن، رىقابەت تۇيغۇسىدىن ئايرىۋېتىدۇ. جەمئىيەتنى نامراتلىقتا، چىرىكلىكتە قالدۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنى جانلىق ھاياتىي كۈچتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بىز "شۇكۇر قىلىش"نى ئۆزىمىزگە مەنىۋى يۈك قىلىۋالماي، ئۆزىمىزنى دەۋر تۇيغۇسى بىلەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش روھى بىلەن، دۇنياۋى ئۇچۇرلار بىلەن ۋە كەلگۈسىنىڭ تەلىپى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، رىقابەت ئېڭىمىزنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، دۇنياۋى تەرەققىيات قەدىمى بىلەن ماس روھتا ياشىشىمىز كېرەك.



# ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم...

روزى سايىت

1

نەسەبتە كۆللى ئالەم ئېتىراپلىق مىللىتىم باردۇر،
ئوغۇز پۈشتى—مۇقامى كاتتىلىقتا زىننىتىم باردۇر.

يۈسۈپ، مەخمۇت كىتابىغا يېزىلغان نىي باھادىرلىق،
يەنە تاڭ قامۇسىدا قەيت ئەجىرلىك مېھنىتىم باردۇر.

يىپەك، قاشتاش، گىلەم، بۇغداي، بېدە، قەغەز...
گە بىز ھەغدا،
(بۇنى جاڭ چيەنمۇ تەستىقلايدۇ تۆھپەم، قىممىتىم
باردۇر.)

قەدىم تۆھپە—يىراق ئۆتمۈشكە تالىق، ماختىناي
قانداق،
قۇياشلىق تاڭدا يۈكسەلمەككە تاغدەك ھىممىتىم بار-
دۇر.

مېنىڭ بۇ مىللىتىم شۇنداق "قېرى"، ياق، نەۋجە-

ۋان مىللەت،
بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈن، ياق، ئەتىسىدە تەم-تېتىم بار-
دۇر. . . .

مېنىڭ بۇ مىللىتىم "پەگا"غا چۈشكەن «تۆر» گىمۇ
چىققان،
بۇ ھەقتە سۆزلىسەم شان-شەۋكىتىم گاھ ئۇللىتىم
باردۇر.

ئۆزىنىڭ مىللىتىنى يەرگە ئۇرماس ھېچ كىشى زىن-
ھار،
مېنىڭ بۇ "تىللىشىم"دا تەكتى ھۆرمەت، خىزمىتىم
باردۇر. . .

## 2

بۇ مىللەت شەنىنى يايغان جاھانغا ئۈم-ئۈيۈشقاقلىق،
ھالا ئەمدى چېچىلدى قۇم كەبى، تەستەك قۇيۇشماق-
لىق. ①

ھەسەتلىك دىل، ھەسەتلىك گەپ، ھەسەتلىك كۆز
. . . شۇڭا دائىم،
ئارام تاپمايدۇ "كولاش"تا، تېخى كولاپ تويۇشماق-
لىق.



خىيالىدا ئىلىم-ئىرپان ئەمەس جانجال، رى-
يا، پىتنە. .
ئەدەپ-ئەخلاقنى يەم قىلدى قىزىل كۆزلۈك، ئۇرۇش-
قاقلىق.
كىچىكلەر چوڭغا بىھۆرمەت، ئەپۇنى خالىماس چوڭ-
لار،
ئۇدۇم بوپقالدىغۇ چۈجە-خورازدەك تەڭ تۇرۇشماق-
لىق.

"مۇھەببەت-سۆيگۈدە گۈللەيدۇ ئالەم، زىتلىشىش
نەسلىك،
بۇ نەسلىك يولنى تار قىلغاي"نى ھېچ ئويلاپ قويۇش-
ماغلىق.

كىشىنىڭ چىن ۋاپا، ئىخلاستىن ئارتۇق غەمخورى
نەدە،
بۇ مىللەت ئۇشبۇ غەمخورلۇق بىلەن سۆھبەت قۇرۇش-
ماغلىق.

ئىلىم-پەن راك بىلەن ئەيدىزگە تاپتى-تاپقۇسى مەل-
ھەم،
بۇ مىللەت خەۋپى راك يەڭلىغ مىجەزىنى تونۇشماغ-
لىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3

بۇ مىللەتتە ”ساقاللىقلار“ ناماز خانلىقتا يۈزلەندى،
”ساقالسىزلار“ لاغايلاشقا، مەمەدانلىقتا يۈزلەندى.

ئويۇنپەزلەر سوقۇپ تاش بىرلە تاشنى كۆڭلىنى ئاچ-
سا،
”كارا OK“، ”تانسىكەش“نىڭ ۋاقتى بىزمانلىقتا②
يۈزلەندى.

جاھان نەدە، ئۆزى نەدە؟ بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز،
ئەجەب ئىش، پەيلى-خۇيدا بەخىرامانلىقتا يۈزلەندى.

پاسون-مودا كىيىم، چاچ نۇسخىسى سۆھبەتتىكى ماۋ-
زۇ،
ياسانماقنىڭ غېمى ھالى پەرىشانلىقتا يۈزلەندى.

”يېرى كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى ئەمگەكچان“ ئاتال-
غان يۇرت،
ھۇرۇنلۇقتا كۈنى، ئىسسىت، خەيرى-ئېھسانلىقتا يۈز-
لەندى.

بۇ مىللەت ئىلمۇ-ئىرپان، كەشىپ-ئىجادتا تۆھپىكار
مىللەت،



نېمىشقا ئەمدى ”ئەقلى كالتە ئىنسان“لىقتا يۈزلەن-
دى؟

بۇ مىللەتنىڭ غېمىدە تۇرسا دەۋران، يۆلىسە ھەدەپ،
نېمىشقا يۆلىگەنچە سالپۇ-سەرسانلىقتا يۈزلەندى؟ . . .

4

بۇ مىللەتنىڭ قېنىنى بۇزدى يۇرتۋازلىق، خوتۇنباز-
لىق،
ئاڭا ياندىشى مەيخورلۇق بۇ ”بازلىق“لار قىلىپ ئاز-
لىق.

”قايەرلىككەن؟“ بىلەن ئۆلچەپ ”يامان“نى، ”ياخ-
شى“نى، تۇۋا،
ئىمانى، جاننى بەردى جانانلار ئاتسا قاش نازلىق.

ئىچىپ مەي زورلىنىپ-زورلاپ، ئەقلىنى مەي بىلەن
خورلاپ،
كۆزىنى بەستلىكى تورلاپ، قىلىشتى غەمزە-غەمماز-
لىق.

بۇلارمۇ يەتمىگەندەك، كۆر، چىقاردى باشقىچە ئا-
دەت،
گۇرۇھ ئايرىپ، جېدەل ئىستەپ، گۇماندا يۈتتى

ھەمرازلىق.

ئۇ چىشلەپ، بۇ تېپىپ، ئۇ كوچىلاپ، بۇ چىۇخچە-
لاپ. . . ھەيھات،
ئاداۋەت، غۇم-مۇرامدا دىل يېرىنى ئەيلىدى سازلىق.

ئۆگەنمەك يوق، تىرىشماق يوق، ئىلىم تەھسىلگ
قىلماس زوق،
يەنە قېپىقالدى بىرمۇنچە ئېسىل خۇي، خۇيدا
رەڭۋازلىق.

ئارام تاپسا سوقۇشتۇردى، تالاشتۇردى خوراز، ئىت-
نى،
جاھاندا بارمۇ بىر مىللەت سۇپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق؟

5

مېنى بۇ مىللىتىمىزنىڭ غەپلىتى ئۇندەيدۇ چۇقانغا:
— ئەجەب مىللەت ئىدىڭ بوش كەلمىگەن كۆپ نوھى
توپانغا. ③

جاھالەت دەۋرى پۈتكەندە، زامانىنىڭ زورى يىتكەندە،
سېنىڭ روھىي راۋانىڭ دەسسىدى ئىللەتتە قاپقانغا.

"ئىتىز، بۇغداي، قوناق. . ."تىن ئۆزگىسى يادىڭغا



كەچمەيدۇ، ئەسكى كەتمەن —
ئەقىل، كۆچنى خوراتنىڭ
"گۆپپۇ-گۆپپالڭ"غا.

"ئوقۇيمەن!" دەپ تىرەجەپ يىغلىسا سەن زورلىغاچ
تويغا،
يېشى ئون ئۈچ شۇ دىلپارەڭ — قىزىڭ ئايلاندى چوكان-
غا.

ئوماق ئوغلۇڭ زامانى پەن كۆكىگە ئۆرلىمەكچىدى،
چىقاردىڭ مەكتىپىدىن، باقتى قوي — ئايلاندى چوپان-
غا.

ئايال-مەزلۇملىرىڭدىن قىزغىنىپ نۇر، ئاسقۇزۇپ
چۇمبەل،
"بۇگۇنكى ئۆپكە ئەلا. . ." دەپ پۈچەك دان توشتى
دوپپاڭغا.

قېنى، ئېيت مىللىتىم، دائىم ئۆتەمدۇ كۇنلىرىڭ
شۇنداق،
ھەۋەس ئەيلەشتە كۆز چىمچىقلىتىپ ياتقانغا، قوپقان-
غا؟. . .

## 6

خىيالىم شۇ: مېنىڭ بۇ مىللىتىممۇ نۇر قۇچاقلارمۇ؟
نادانلىق ئىللىتىنى ئىلمۇ-ئىرپاندا پىچاقلارمۇ؟

جاھان نۇر تېزلىكىدە، بەلكى نۇردىن تېز سەپەر ئەتمىش،
"قورساق"تىن نېرىغا ئۆتمەس نىچۇن گەپ"ۋاچ-ۋاچاقلار"مۇ؟

رىقابەت، مەرىپەتنىڭ ئالىمى بۇ—باشقىچە ئالەم،
ئېلېكترلەشتى بۇ كەمدە قازان ھەتتا ئوچاقلارمۇ.

پەقەت بىزلا تېرىپ تەمەچ، پاسار ياقساق تونۇر، مەشكە،
پېتىدىن چۈشمىسە، تووۋا، قەدىم تاش يارغۇنچاقلارمۇ؛ ④

ھاراقتىن بىر تۇرۇشتا قانچىلىك ئىچمەكتە بەسلەشسەك،
دەرىخا! ئەقلۇ-ئىدراكنى بۇ قاششاقلىق پاچاقلارمۇ؟

جاھان مىللەتلىرىنىڭ سەپ-قاتارى بىزگىمۇ مەنسۇپ، "بىلىش"تە! بىز بىلەلمەس [illegible]-قاپاق-
بۇ مەنسۇپلۇق
لارمۇ؟

ئۇنتۇما مىللىتىم، ئاۋۋالقىسى پۈشتۈڭغا تەۋە شان،
سېنىڭ شانىڭ نېمە، سىنغان ساپال، دات تىغ، رۇ-
چاقلارمۇ؟! ⑤

## 7

مۇسەننىپ، بول ئۈمىدۋار، مىللىتىڭ ئىقبالدا ياشنايدۇ،
تېپىپ بىرلىك كۈچىدىن كۈچ قەدەمنى پۇختا تاشلايدۇ.

ئۇنى ئويغاتتى ئىسلاھات تېگى، غاپىللىقى يىتكەي،
ئەمەس ئانچە ئۇزاق توي مەزگىلى، مەشرەپمۇ باشلايدۇ.

ئۈمىدلەن مىللىتىڭنىڭ ئەتىسىدىن، سۆيگۈسىدىن ھەم،
شېرىن پەرھادىنى، لەيلاسى مەجنۇننى باغاشلايدۇ.

ئەمەس ھېچقانچە ئىللەتنىڭ كۈچى ئۆزىنى بىلگەنگە،
نى ئىللەت تاغنىنى ئۆزىنى بىلگەنلەر پاچاقلايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەقىل-ئىدراكنى قاشقاقلىق تۇتالماس ئىلكىدە ئە-
دى،
دەۋر تۇرغاچقا پاكلاپ روھنى، غاپىللىق ياۋاشلايدۇ.

كېرەم، دىلبەر⑥گە باق، مىللەتنى كۆر، روھلان،
خۇيۇڭنى تۈز،
ئىشەنمەسلەر ئۆزىگە "قىل"نى "پىل"دەپ، غەم ھا-
پاشلايدۇ.

جامائەتكە ئەجەب جىق سۆزلىدىڭ روزى، يەنە سۆزلە،
دېگىن: ئۆزىنى بىلىشتە مىللىتىم گۈللەيدۇ، ياشناي-
دۇ!

1993-يىل ئۆكتەبىر، خوتەن

ئىزاھلار:

---

① قۇيۇشماق—ئۈم بولماق، بىرىكمەك مەنىسىدىكى
شىۋە.
② بىزمانلىق—كەچقۇرۇنلۇق، كەچلىك.
③ رىۋايەتتە ئېيتىلغان نوھ پەيغەمبەر زامانىسىدىكى
توپان (سۇ) بالاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
④ يارغۇنچاق—قول بىلەن چۆرۈپ ئۇن تارتىدىغان ئىپ-
تىدائىي تۈگمەن.



⑤ رۇچاق—قەدىمكى ئوقياغا تەقلىدي ياسىلىدىغان با-
لىلار ئوقياسى.
⑥ كېرەم، دىلبەر—مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى،
كارخانىچى كېرەم ئىمىن ۋە مەشھۇر ئۇيغۇر ناخشى-
چىسى دىلبەر يۇنۇس كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# يۈرەكنى غاجايدۇ تىنىمسىز ئويلار

ۋارىسجان قاسىم

مىللەت ۋۇجۇدىدىكى قاباھەتنى تەن ئېلىش—شۇ رەزىللىك-قاباھەتنى خۇدالىق دەرىجىسىدە تۇرۇپ قار-غاشتۇر.

—چىنگىز ئايتماتوۋ

قانچە سۇلار ئاقتى، بورانلار سوقتى، چېچەكلەر تۆكۈلدى، ھايات ئۆز رىتىمىنى ھەر مىنۇتتا يىڭىلاپ چەكسىز تەلپۈنۈش، سوقۇلۇش مەۋجىنى پەيدا قىلدى. بىزچۇ؟ بىز نىمىلەرنى ئويلىدۇق؟ كىملەرنى كۈتتۇق؟ نىمىگە ئېرىشتۇق؟ پەقەت بەغەرەز، ياۋاش، غەمكىن خىياللار بىزنى چىرمىدى. ئارزۇلىرىمىز ئارزۇ پېتىچە قالدى. گاھىدا ئانچە-مۇنچە قايناپ قويۇش بىلەن چەكلەندۇق. ئادىمىيلىك تۇيغۇمىزنىڭ، يوشۇرۇن ئاڭ، مۇجۇلغان روھىيىتىمىز ساندۇقىدا قانداق نىجىسلىقلارنىڭ ساقلىنىپ، ئەسىرلەرنىڭ سېھىرلىك مېھرىدىن پۈتكەن مەرىپەت دۇردانىلىرىنىڭ قاششاق تۇيغۇمىز تەرىپىدىن قانداق



تەرزدە يەنچىپ تاشلانغانلىقىنى سېزەلمىگەنىدۇق، ...انا بۇ بىزدىكى ئەڭ كەچۈرگىسىز ئىللەت، روھىي بىماردلىش ئىدى.

خەيرىيەت، قورام تاشنىڭ يۈرىكىدىن بۇلدۇققىدە چىققان بۇلاق سۈيىدەك ئەزگۈ بىرسادا ياڭرىدى—پەۋقۇلئاددە سەزگۈدىن تۇغۇلغان پىكىر ھۆرلۈكنىڭ چاقىنىشى مېنى ئەندىكتۈردى، قايغۇرتتى، شادلاندۇردى، كۆزياشلار بىغۇبار نۇرقايىنىمىغا چۆكتى!

ساتىراشخانىغا كىرگىنىمنى بىلمەن، قايتىپ چىققاندا باشقىچە ئادەمگە ئايلاندىم. قېنىمدا ھەسرەتلىك دولقۇن ھوۋۇلدايتتى.

چاساقال بىر ئادەم بوم ئاۋازدا شېئىر ئوقۇماقتا، ھەممەيلەن جىمجىت تىڭىشلىگەن، ساتىراشنىڭ ئۇستىرا تۇتقان قولى توختاپ قالغان، ساقالغا سۈركەلگەن ماغزاپ ئېقىپ كۆڭلەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ ئادەمنى يايرىتىدىغان يۇمۇرلۇق مىسرالار بولماستىن بەلكى، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەجەللىك ئىللەتلەر قامچىلانغان تەنھالىق قەسىرىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ بىپايان بوشلۇققا يۈزلەنگەن، رىئاللىقنىڭ كۆكسىگە ئۇتلۇق خەنجەر ئۇرغۇچى مىسرالار ئىدى.

سىرتقا ئالدىراپلا چىقتىم-دە، كىتاب بوتكىلىرىدنى ئىزلەپ يۈرۈپ مېنىڭ بالالىقتا بۇ ژۇرنالدىن بىرنى



www.uyghurkitap.com

قولۇمغا چۇشۇرۇپ ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم
ئوقۇپ چىقتىم. ھەر قېتىم ئوقۇسام باشقىچە يېڭى
تۇيۇلدى. ئۆزىمىزنى ئاقلاشقا ئىمكان يوق، پىكىرلەر
ئوقى دەل جايىغا تەگكەن ئىدى. مىللىي ئەدەبىيات-
مىز ئۇستىدىكى يۇكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى جىد-
جىت تەلپۈنۈش ئىچىدە ھېس قىلدىم.
مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىگە ئوت يېقىشقا جۇرئەت
قىلغان بۇ شېئىر «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ
1994-يىللىق1-سانىغا بېسىلغان شائىر روزى سايىت-
نىڭ «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم. . .» دېگەن شېئىرى
ئىدى. كىملەردىندۇر شۇنداق سادانىڭ چىقىشىنى
كۈتكەن دىللار سۈكۈناتنى پارتلىتىپ چايقالغان ئەقىل
قايىنىمىدىن ئۆزىنى ئىزلەشكە كىرىشتى. مانا، بۇ-
نىڭدا ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ نادىر، ئاتەشلىك سىمفونىيە-
سى ياڭرايدۇ.
شائىر ئېغىر تىنىقلار قوينىدا تولغىنىدۇ. بۇ-
رۇنقى سەلتەنەتنىڭ ئۆلگەن روھىيەتكە يېڭى جان بې-
غىشلىيالمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.
سۇنغان پىسخىكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ساقىپ
چىقىۋاتقان قاباھەتنىڭ سۈرىتىنى زور چىدامدا سې-
زىپ كۆرسىتىدۇ:
”بۇ مىللەت شەنىنى يايغان جاھانغا ئۈم-ئۈيۈشقاقلىق،
ھالا ئەمدى چېچىلدى قۇم كەبى، تەستەك قويۇشماق-


لىق، ھەسەتلىك گەپ، ھەسەتلىك كۆز
ھەسەتلىك دىل،
. . .شۇڭا دائىم،
ئارام تاپمايدۇ ”كولاشتا“ تېخى كولاپ تويۇشماقلىق.
خىيالىدا ئىلىم-ئىرپان ئەمەس، جاڭجال، رىيا، پىتى-
نە،
ئەدەپ-ئەخلاقنى يەم قىلدى قىزىل كۆزلۈك، ئورۇش-
ماقلىق.
كىچىكلەر چوڭغا بىھۆرمەت، ئەپۇنى خالىماس چوڭ-
لار،
ئۇدۇم بوپ قالدىغۇ چۈجە-خورازدەك تەڭ تورۇشماق-
لىق.
بۇ يەردە ئۇلۇغ بوۋا كالان شائىر، ئۇستازىمىز
يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە مەرىپەتپەرۋەر، ئوت يۈرەك
شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بەختىيار قەرزدارلىق
ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ئۇنۇپ چىققان يېگانە،
گېگانت چۇقانىغا ئاھاڭداش، قەلبلەر ئىختىيارىي ئە-
مەس، بەلكى مەپتۇنكار ئازاب ئىچىدە قوبۇل قىلىندى-
غان تىكەنلىك ناخشا ياڭرايدۇ.
شائىر مىللەت ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنى ئىزلەش يو-
لىدا ئاددىيلا ئۆز-ئۆزىنى يوپۇتۇش، چاكىنا مەدھىيە-
ۋازلىق ئۇسۇلىنى قوللانماي، بەلكى مىللەتنى چىرى-
تىدىغان، مىللەتنىڭ شۆھرىتىنى ئىنسانىيەت مۇنبە-

ردىن سۇپۇرۇپ تاشلايدىغان ۋاباسىمان ئىللەتلەر—
ھەسەتخورلۇق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، چېقىم-
چىلىق، مۇناپىقلىق، پىتنىچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك
ۋە خۇنۇك روھىي گادايلىقنىڭ پاجىئەلىك زىيانلىرى-
نى شائىرانە ئىپچىنىش تۇيغۇسىدا كىتابخان سەزگۈ-
سىگە يايىدۇ.

شېئىرىي مەنزىرىلەر قايىنىمىدىن تۇتەكلىك قە-
دەملەر سىلجىپ چىقىدۇ. مۇتەپەككۇرانە ياش ئوخ-
چۇپ تۇرىدۇ.

بىز كىم؟؟؟

بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن، غالجىر-
لاشقان ئوي-خىيالمۇ، قاناتلىق تەپەككۇرمۇ بۇ سوئال-
نىڭ چېتىگە چىقىپ بولالماي ھېرىپ قالىدۇ.

چوڭ ھەجىملىك شانلىق تارىخىمىزنى ۋاراقلى-
ساق يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، فارا-
بى، ناۋايىدەك بۈيۈكلەر ئۆزىنىڭ پاك ئىنسانىي پەزى-
لىتى، ئىلىم-پەندىكى ئاجايىپ زور كامالىتى بىلەن
دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تومۇرىدا ھاياتلىق قېنىنى دول-
قۇنلاتقانلىقىنى كۆرىمىز، لېكىن، كېيىنكى زامان-
لاردا تۇرلۇك سەۋەبلەر—بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ ماڭقۇ-
رۇتلۇقىمىز—دىتسىزلىكىمىز، ئەسلىمىزنى ئۇنتۇ-
شىمىز تۈپەيلىدىن بۈيۈك تۆھپىلەرنى يەپ تۈگىتىپ،
ئۆز ئارا قوللاش، قوغداش، ئاسراش، يېغىلىق قوبۇل


www.uyghurkitap.com
...لىقنىڭ رە-
قىلىش ئورنىغا گۇر ۋەھۋازلىق، يۇرۇتۇر... بو-
زىل، سۆرەلمە خاراكتېرلىك كېسەللىككە گىرىپتار بو-
لۇپ، ھىجىيىپ تۇرۇپ تالانت ئىگىلىرىنى ئىچىنىش-
لىق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىپ، مەرىپەت ئاسمىنى-
دىن غالجىرلارچە ساقىتىپ، كېيىن ئويالماي كۆزدى-
مىزدىن شەيتاننىڭ شۆلگىيىدەك مۇناپىقانە ياشلىرى-
مىزنى تۆكۈپ ياقىمىزنى يىرتىپ، ھەسرەتلىك مەر-
سىيە، ھەيۋەتلىك قەسىدىلەرنى ئوقۇدۇق، يىغىلىق
دېسە خۇددى ھىندى كالا گۆشىدىن ئۈركىگەندەك
ئۈركىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئاسىيانىڭ يۈرىكىدە مەدەنى-
يەت مەشئىلىنى ياققان مىللەت ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە
گويا مايسىراپ قالغان جىنچىراغدەك پىلىلداپ قال-
دى. شۇ چاغلاردا ئالدىغا پەشتاما تارتىپ يۈرگەن
مىللەتلەر ئەقىل ۋە يىغىلىقتا ئەھمىيەت بەرگەچكە
تەرەققىياتتا پارتلاش بولدى، ئاڭ-ئىدراك غايەت زور
قۇدرەتتە تەۋرەندى، دولقۇن ياسىدى. ئىنسان تەقدى-
رى، ماھىيىتى، ياشاشتىكى مەقسىتى توغرىسىدا
ئەستايىدىل ئويلاش كۇنسايىن چوڭقۇرلاشتى.

چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى تەرەققىيات يولىدىن سۇ-
پۈرۈپ تاشلىدى. شۇڭا دۇنيانىڭ دەسلەپكى تارىخىنى
يارانقۇچىلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ پارلاق تەپەككۇر
مەيدانغا كەلدى، ئۆرۈش ۋە تەرەققىياتنىڭ دەھشىتى-
دىن ياپراق ئۇستىدىكى بىر تامچە شەبنەمدەك تىترەپ

تۇرغان يەر شارىدا ئادەم ئەقلىنى لال قىلغىدەك بۇ.
.سۇش ۋە ئېچىرقىغان لەھەڭدەك غالجىرانە ئاپەتلەر
كۆرۈنمەس كويقاپتەك ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ، ئىن.
سانىيەتنى ئازاب دېڭىزىغا سۆرەۋاتسا، بىز تېخى كا.
رامىتىم بار دەپ، ئاجايىپ يوغان مانتىلارنى ياساپ
ئىچىگە كىرىپ بەخىرامان مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ،
ئاچكۆزلۈك بىلەن قىيمىسىنى تېرىپ موكۇلدىتىپ
يەۋاتىمىز. ھەتتا خىجىل بولماي مانتا ئىچىدە قىيما
تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتىمىز.

ھەقىقەتلەر بىزگە ئىشلارنىڭ، ئىنسان تەقدىر.
نىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، چاقماقتەك پىرقى.
راۋاتقان دۇنياغا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ كۆ.
زى بىلەن قارىماسلىقنى، ئاللىبۇرۇن مەست بولۇپ
كەتكەن ۋىجدانىمىزنىڭ بىھوش سەزگۈسىگە ئۇزاق
مۇددەت تۇزغا چىلانغان ئازابنىڭ زەھەرلىك، مۇزدىن.
مۇ سوغۇق شەربىتىنى تېمىتىش بىلەن ئۆگەتتى،
لېكىن بىز بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلمىدۇق.

”بۇ مىللەتنىڭ قېنىنى بۇزدى يۇرتۋازلىق، خوتۇنباز.
لىق،
ئاغا ينداشتى مەيخورلۇق، بۇ ”بازلىق“لار قىلىپ
ئازلىق.

”قەيرلىككەن“ بىلەن ئۆلچەپ ”يامان“نى ”ياخشى“نى



ناز‌لىق قاش ئاتسا جانانلار بەردى جاننى
تۇۋا،
ئىمانى،
ئەقىلنى مەي بە-، زورلاپ، زورلىنىپ
ئىچىپ مەي
لەن خورلاپ،
غەمزە-غەممار-، قىلىشتى تورلاپ
كۆزىنى مەستلىكى
لىق.

ئا- باشقىچە چىقاردى، كۆر، يەتمىگەندەك
بۇلارمۇ
دەت،
يۇتتى گۇماندا، ئىستەپ جېدەل، ئايرىپ
گۇرۇھ
ھەمرازلىق.

ئۇ چىشلەپ، بۇ تېپىپ، ئۇ كوچىلاپ، بۇ چۇخچى-
لاپ... ھەيھات،
ئاداۋەت، غۇم-مۇرامادىل يېرىنى ئەيلىدى سازلىق.

ئۆگەنمەك يوق، تىرىشماق يوق، ئىلىم تەھسىلگە
قىلماس زوق،
يەنە قېپقالدى بىرمۇنچە ئېسىل خۇي، خۇيدا رەڭۋاز-
لىق.

ئارام تاپسا سوقۇشتۇردى، تالاشتۇردى خوراز، ئىت-

نى،
جاھاندابارمۇ بىر مىللەت سۇپەتتە ئۇشبۇ ئەندازلىق".
بۇنداق شارائىتتا كىم-كىم بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ
پاراڭلىشالىسۇن؟ ئادەمنى گۇمران قىلىشتىكى ئەڭ
ئەشەددىي ئۇسۇل بىرىنى بىرىدىن قورقىدىغان قىلىپ
قويۇشتىن ئىبارەت مەنىۋى تراگېدىيە بولسا كېرەك.
ئازابنى نوقۇل ھالدا كىشىلەرنىڭ تارتىشقا تېگىشلىك
نېسىۋىسى دەپ قاراش تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر، لېكىن،
تىنچىماس ئازابلىق يوللار بىزنى چاقىرىدۇ.
مىللەت مەدەنىيلەشمىسە، زامانىۋىلاشمىسا ھاي-
ۋانلارغىمۇ ئارام يوق. ئادەملەرنىڭ قەبىھلىكلىكىدىن
رەنجىگەندە گۇناھسىز ھايۋانلارنى قاساپ تىللاپ كې-
تىمىز، مىللەتنىڭ قايغۇسىنىڭ ئورنىغا چاكىنا،
چۈپەي شەخسىي ماجىرالارنى سۆرەپ كىردۇق. ھېچ-
كىمدىن تۆلىتىۋالغىلى بولمايدىغان، قايتىلانمايدىغان
گۆھەردەك يارقىن-جۇلالىق دەۋرىمىزنى خوتۇن ئې-
لىش ۋە خوتۇن قويۇشقا بەخشەندە قىلىۋەتتۇق. رىۋا-
يەتتىكى "ئۇلۇغ"لارنى دوراش خىيالىدا ئالچاڭلاپ ما-
ڭالماي قالدۇق؛ قانچە خوتۇن ئالغانلىقىمىز بىلەن
ئېيتىشارلىنىپ، ھېيتلىق ئالغان گاچىدەك شادلە-
نىپ كۈلدۇق.
ئېتىقاد تۇراقسىزلىقى ۋە قاششاقلىقى بىزنى يې-
تىمچىلىكنىڭ تېگى كۆرۈنمەس جىلغىسىغا باشلاپ



باردى، باشقىلاردىن، يېڭىلىقلاردىن ئەمەس، قور
مىزدىن قورقۇشنىڭ ئەڭ ئەشەددىي، زور يېتىشىك
قورقۇش ئىكەنلىكىنى بايقىيالمىدۇق. پەخىرلىنىشكە
تۇغرا كەلسە، ھەممىدىن ئاۋۋال بىز مەيدىمىزگە
مۇشتلاپ ئۆزىمىزنى باسالماي ھەتتا نەيرەڭۋازلىقتا
قىلىنىڭ ئۇچىدە پويىز ماڭدۇرۇشقا قادىر بولدۇق.
تاماق يېيىشكە ياراتقان ئەسۋاب دەپ ئاتالغان چوكىنى
باشقا يەرلەرگىمۇ نومۇس قىلماي ئىشلەتتۇق، ئەپسا-
نىۋى قەدەھۋازلىق، پاسقانە مەيخورلۇق ئەقىلنى
كۆيدۈرۈپ، ئاڭنى يالماپ يۇتۇپ، مىللەتنى قۇرۇق
جاھازا—ئىسكىلىت شەكلىگە كەلتۈردى. ئىقبالىيەت
مۇنبىرىنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بەزمەگاھىغا ئايلاندۇ-
رۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.
ھەقىقىي مىللىي غۇرۇر يېتىم ئەمەس، لېكىن
بىز مىللىي روھ، مىللىي غۇرۇر دېگەننى مەست
چاغلاردا كوچەپ توۋلاپ، ئۆزىمىزنىڭ پۇچەك، ئىق-
تىدارسىزلىقىمىزنى ئاشكارىلاپ كۆز-كۆز قىلىۋاتىمىز،
ئەپسۇس، سولتەكلىكنى، يالغاندىن چىڭقىلىپ
يۈزنى قىزارتىشنى مىللىي روھ دەپ كۆركەم ھېس-
داشلىق لىباسىنى كىيدۈرۈپ قويساق، ئۆزىمىزگە
ئۆزىمىز دوزاخ ھازىرلىغان، قىيامەتنى چاقىرغان بو-
لىمىز. ئويلاپ باقساق، ئاخشامقى مەستخۇش جەڭگى-
ۋارلىقنىڭ ئەتىسى كۆپۈكتەك غايىب بولىدىغانلىقىنى

سىزىمىز.
رەڭگى ئىللەتلەر كەلكۈنى ۋۇجۇدىمىزنى باس-
تۇرما قىلدى، ئۆمۈچۈك تورىدەك قاپلىدى، بۇرنى-
مىزغا شۇنچە سۇ كىرگىنىگە باقماي، بۇ جاھالەتنىڭ
جادۇگەرلىگە بىز ھەر جايدا گويا چوڭ دادىمىزغا ئىل-
تىپات كۆرسەتكەندەك تۆردىن ئورۇن بەردۇق، قول-
تۇقلاپ يۈردۇق، شۇڭا بۇ ئىللەتلەرنىڭ خورىكى
ئۆستى، ھەتتا خەلقىمىز مىللەتنىڭ تۇۋرۇكى، ئى-
لىم-پەننىڭ، ئادالەتنىڭ بايراقدارى، ھىمايىچىسى،
مەنىۋى ئاتىمىز، ھەقىقىي ئىنسان دەپ يۈرگەن زىيا-
لىيلىرىمىزنى چىرىتىپ ئادەم يىرگەنگۈدەك ھالەتكە
كەلتۈرۈپ قويدى. ۋىجدانغا ياد خاھىشلارغا سەككى-
نىش يوق، ئالىقان ئېچىشقۇدەك چاۋاك چېلىپ قار-
شى ئالدۇق، بۇنى ساداقەت، ئۈمىدكە جاۋاب قايتۇ-
رۇش دەپ بىلدۇق. ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈندۇق، ئەپۇنى
ئۇنتۇپ، قەبىلىۋازلىق ئىللىتىنى داپ قىلىپ چال-
دۇق. شۇنداقتىمۇ ۋىجدان بايرىقىنى ئېغىزىمىزدا
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتكۈدەك ئېگىز كۆتۈردۇق.

بىز جەننەتنى ئەقىل-ئىدراكتىن ئەمەس، سەر-
گەردان خىياللاردىن ئىزلىدۇق، مەينەت-قاسماق
جەندە-كۇلا بىلەن ئاللانىڭ نۇرانە جامالىغا مۇشەررەپ
بولۇشنى خام تاما قىلدۇق.



"بۇ مىللەتتە" "ساقاللىقلار" نامازخانلىقتا يۈز-
لەندى،
"ساقالسىزلار" لاغايلاشقا، مەمەدانلىقتا يۈزلەندى.

ئويۇنپەزلەر سوقۇپ تاش بىرلە تاشنى كۆڭلىنى ئاچ-
سا،
"كاراOK"، "تانسىكەش"نىڭ ۋاقتى بىزمانلىقتا يۈز-
لەندى.

جاھان نەدە، ئۆزى نەدە؟ بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز،
ئەجەب ئىش، پەيلى-خۇيدا بىخارامانلىقتا يۈزلەندى."

مەسچىتكە كىرىش ئىبادەتنىڭ تاشقى شەكلى،
روھىي جەھەتتىن ئۇلۇغلۇقتا، پەزىلەتكە، مەرىپەتكە
يۇغۇرۇلۇش ياشاشنىڭ مەنىسى، ئىبادەتنىڭ ساغلام-
لىقى ۋە بۇزرۇكۋارلىقى.

بىز كوچىلاردا نۇرغۇن نەۋقىران ياشلارنىڭ
ئۆمرىنى بىر كۆزىنى قىسىپ كۇچەپ تاش سوقۇشقا
قۇربانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، يايراۋاتقانلىقىنى كۆرد-
ىمىز. بۇ ئۆمۈچۈكنىڭ چىۋىن يەپ "بۇنداق لەززەتنى
جاھاندا مەندىن باشقا كىم تاپقاي" دەپ ماختانغانلىقى-
دەك بىر ئىش. بىھۇدە ئېقىپ كەتكەن دەقىقىلەرنىڭ
قەھرلىك چىشلىرى بىزنىڭ ۋىجدانىمىزنى قاقشاتماس-

مۇ؟ ئەۋلاد ئالدىدا ھېساب بەرمەسمىزمۇ؟
مەشھۇر يازغۇچى باجىن: ”بىلىم، مەدەنىيەت
بولمىسا، ئىقتىسادنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرغىلى
بولسۇن؟“ دەپ توغرا ئېيتقان.
جانلىق بىر دەقىقە ھەرىكەت مىڭلاپ قۇرۇق ئۇھ
تارتىشلاردىن ئەلا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ”بۆشۈك-
تىن تۆشۈككىچە ئىلىم ئۆگىنىش كېرەك“ دەپ،
ئىبادەت مۇسۇلمانلارنىڭ، ئىلىم-پەن باشقىلارنىڭ
ئىشى ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەن.
”ئېتىز، بۇغداي، قوناق. . .“تىن ئۆزگىسى يادىڭغا
كەچمەيدۇ،
ئەقىل، كۆچنى خوراتتىڭ ئەسكى كەتمەن-”گۈپپۇ-
گۈپپاڭ“غا.
”ئوقۇيمەن!“ دەپ تىرەجەپ يىغلىسا سەن زورلىغاچ
تويغا،
يېشى ئون ئۈچ شۇ دىلپارەڭ—قىزنىڭ ئايلاندى چوكان-
غا.
ئوماق ئوغلۇڭ زامانى پەن كۆكىگە ئۆرلىمەكچىدى،
چىقاردىڭ مەكتىپىدىن، باقتى قوي—ئايلاندى چوپان-
غا.
ئايال-مەزلۇملىرىڭدىن قىزغىنىپ نۇر، ئاسقۇزۇپ
چۈمبەل،
”بۇگۈنكى ئۆپكە ئەلا. . .“ دەپ پۇچەك دان توشتى



www.uyghurkitap.com

دوپپاڭغا.
قېنى، ئېيت مىللىتىم، دائىم ئۆتەمدۇ [illegible]
شۇنداق،
ھەۋەس ئەيلەشتە كۆز چىمچىقلىتىپ ياتقانغا، قوپقان-
غا؟. . .

بىزغۇ جاھالەتنىڭ ئازغۇن سازلىق-پاتقاقلىقىدا ئۆمرىمىزنى زايە قىلدۇق، تارىخنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك توغرىسىدىكى نادىر ناۋالىرىنى قاشقاق سەزگۈمىز سىقىپ چىقاردى. تارىخ نەپەس ئالسا، بىز غەلىبە قىلدۇق دەپ كۆرەڭلەپ كەتتۇق. بىراق، بوغۇلغان قانۇنىيەتلەرنىڭ قىساس خەنجىرى كۆلەڭگىدەك غەم ھاپاشلىغان ”پەخىرلىك“تۇيغۇمىزنى لەرزىگە سالسا، تىترەپ تۇرۇپ توۋا قىلىپ ئارقىدىنلا تېنىۋالدۇق، چاڭقاقلىقىمىزنى جاھانغا جاكارلىدى.

باللار—بىز قىزغىن سۆيۈپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان، كىلەچەككە يەتكۈزۈپ بىرىلىدىغان ئۆچمەس مەشئەل. لېكىن بىز ئازغىنە پۇلنى دەپ چوڭ خاتالىقتا يول قويدۇق. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ قاناتلىرىغا دۇنيانىڭ ئېغىر تاشلىرىنى باغلاپ، غايە گۈلشەنىدىن مەجبۇرىي يۇلۇپ، كەلگۈسىنىڭ قان-يىرىڭ قاينىغان دوزىخىغا كۆلۈپ تۇرۇپ قاتمال تەبەسسۇم بىلەن ئىتتىردۇق.

بىزدە ئىستىقبال قايغۇسى ئەمەس، پۇل قايغۇ-

سى ئەۋج ئالدى. چاكىنا ئادەتنى ئالتۇن ھەل بىلەن بېزىدۇق. ئاياللارغا ھاياسىزلارچە مەپتۇن بولۇپ، تىرىكلىك ۋىجدانىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىدۇق. سۇخەنچىلىك قىلدۇق. سەممىيلىك ئەنقا قۇشتەك غايىب بولدى. بىر-بىرىمىزنىڭ كەينىدە گەپ توقۇشۇپ، ئۆسەكلەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردۇق. بەخت-تەلەينى، ھۆزۈر-ھالاۋەتنى داغقان پۈتى بوھتانلاردىن ئىزلىدۇق.

”رىقابەت، مەرىپەتنىڭ ئالىمى بۇ — باشقىچە ئالەم،

ئېلېكترلەشتى بۇ كەمدە قازان ھەتتا ئوچاقلارمۇ!
جاھان مىللەتلىرىنىڭ سەپ قاتارى بىزگىمۇ مەنسۇپ،
بۇ مەنسۇپلۇق ”بىلىش“تە! بىز بىلەلمەس دۆت-قاپاقلارمۇ؟

تۇنجۇققان، ئۈنسىز قايناۋاتقان روھىيەت قاتلىمىغا چۆككەن نادىر تەپەككۇرغا، ئاتەشلىك پەرۋازغا ئاپىرىن! بىز ئۆزلۈكىمىزنى مۇشۇنداق رەھىمسىزلەرچە ئوپېراتسىيە قىلىش بەدىلىگە يېڭىلىق يولىغا كىرەلەيمىز. ئۇخلاۋاتقان ئادەم چۈشىدىن قورقىدۇ، ئويغانغان ئادەم رېئاللىقتىن قورقمايدۇ.

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ)



# خۇراپات

(مۇخەممەس)

مۇھەممەتجان راشىدىن

بوزەك ئىمزەپ جاھاندىن بىزنى تاپقان خۇراپات،
تالاي ئەلدە شاللىنىپ، بىزگە ياققان خۇراپات،
نادانلىقنىڭ تونىنى بىزگە ياپقان خۇراپات،
گادايلىقنىڭ ئۇرۇقىنى بىزگە چاچقان خۇراپات،
يەخت! دېسەك، بېرەلمەي بەدەر قاچقان خۇراپات.

تىڭشاپ باقسام ۋەزىنى: خانىقادا يات، دەيدۇ،
كىيىپ ئۇزۇن پەرىجە، قوپماي تەسۋى تارت، دەيدۇ،
خوتۇنلارنى: يۈزۈڭگە قارا چۈمبەل ئارت، دەيدۇ،
ئۆمۈر بويى بازاردا ماتا، ناسۋال سات، دەيدۇ،
تۇگەل تۇتقان يولىدا ئەگىز ئاققان خۇراپات.

”تەقدىر“ دەيدۇ، باشلايدۇ بىزنى ئۇدۇل قەبرىگە،
ھەقىقەتنى تېگىشەر سالا قىلىپ سەۋرگە،
قول قوشتۇرۇپ تۇرماقنى ئۇدۇم قىلدۇق نەۋرىگە،
كۆنۈپ كەتتۇق شۇڭلاشقا تاغدەك جاپا-جەبرىگە،
بەدنىيەتلەر قولىدا بولدى قاپقان خۇراپات.

تىلاۋەتىنىڭ-ئىخلاسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۈكۈر، دەپ،
پەرەنجىنى پەزىلەت، ناشۈكۈرلەر كۇپۇر، دەپ.
كېلىۋەرسۇن بىز بىلەن ئاشۇ ئەسكى سوپۇر، دەپ،
ئايدا يۈرسە ئىنسانلار، ئۇخلاپ ياتقان خۇراپات.

شۇ ئىخلاسنى ئۇلۇغلاپ پېتىپ كەلدۇق پاتقاقتا،
بۇ دۇنيادا ئايلاندۇق ئەڭ ئالدىنقى ئەخمەقتا،
"يامان!" دېسە، جۈرئەت يوق كەچتە كىگىز قاقماق-
قا،
ئىسكەنجىگە كۆنمىسەك، باغلاپ سۆزلەر ئەخلاقتا،
جىمى ئىشنى بىر ئەپلەك دىنغا چاتقان خۇراپات.

ئامراق كېلۇر ئەزەلدىن جاپاسى يوق بىنەمگە،
ئىخلاسى يوق زاۋۇتقا، قىزىقىسمۇ گىلەمگە.
قويۇپ بەرسەك قايتماقچى ساپان بىلەن سۆرەمگە،
ئۇسسۇل ئويناپ ھارمىدى ئەجەب كونا سەنەمگە،
ياستۇقىدا قەدىمنىڭ خورەك تارتقان خۇراپات.

تىرىكىدە سۇرەتكە چوقۇنسا گۇناھ بولارمىش،
ئاخىرەتتە ئۇ بىزدىن ئۆزىگە جان سورارمىش،
يىرىك دېسەك زاغرىنى، تەڭرى شۇئان ئۇرارمىش،
ھوقۇش قونغان مەھەللە سۇ بولسىمۇ قۇرارمىش،



نادانلارغا بىھۇدە گۇناھ ئارتقان خۇراپات.

تۇرسا بىزگە بۇ ئالەم تۆت-بەش كۈنلۈك قونالغۇ،
ياسالمىساق بىر لامپا، ياكى دەزمال، ئۈنئالغۇ،
قاششاقلىقتا كۈن ئۆتسە، خەلقىمىزگە ئۇۋالغۇ؟
مارسلارغا ئۇچقانلار سالدى ئايغا تورالغۇ،
پۇتىمىزغا ئەزەلدىن پالتا چاپقان خۇراپات.

قاششاقلىقتا قالامدۇق، بىز ئۇنىڭدىن قاچمىساق،
ئەۋلادلارغا ئىلىم-پەن نۇرلىرىنى چاچمىساق؟
نەدە بىزگە باي بولۇش، پەنگە ئىشىك ئاچمىساق،
ئۆزى ئەسلا يوقالماس، ئۆزىمىزنى تارتمىساق،
بىزنى ئالداپ، بويىنىغا تومار ئاسقان خۇراپات.

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيىلىك1-ئوتتۇرا مەكتەپتە)



www.uyghurkitap.com

# ناشۈكۈر خىياللار

(نەسىر)

ئەخمەت ئىمىن

## جەڭگىۋار ناشۈكۈرلۈك

ئادەمدە ناشۈكۈرلۈك بولمىسا، زېرىكىش بولارمىدى؟

زېرىكىش بولمىسا، تېرىكىش بولارمىدى؟

تېرىكىش بولمىسا، ئىنتىلىش بولارمىدى؟

ئىنتىلىش بولمىسا، ئېلىشىش بولارمىدى؟

ئەي، ئىنساننى كۈرەشكە ئۈندىگەن ناشۈكۈرلۈك!

## شاكال ئىچىدىن ئاسمان قەھرىگىچە

سەن شاكالنى چوقۇلاپ يورۇقلۇققا چىقىۋېدىڭ، زېمىن ئايىغىڭدا پاياندار بولدى.

سەن قانىتىڭنى رۇسلاپ زېمىندىن كۆتۈرۈلۈۋېدىڭ، ئاسمان ساڭا كەڭ قۇچاق ئاچتى.

ئەي، كۆكتە دەۋران سۈرۈۋاتقان بۈركۈت!

ساما تەختىدىن ئورۇن ئېلىشىڭ شاكال قەسرىڭگە قانائەت قىلمىغانلىقىڭنىڭ مەھسۇلىدۇ-ھە!



## يۇقۇملۇق كۈلكە

ئۇ بىكاردىن-بىكار تىل-ئاھانەت ئىشىتىپ تۇرۇپ شۈكۈر قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن:

—بۇنىڭغا نېمىشقا شۈكۈر قىلىسەن؟ —دەپ سورىدىم. ئۇ:

—ھېلىمۇ شۈكۈر، ئۇ ئۇرغان بولسا، قانداق قىلاتتىم!؟ —دېدى.

بىر كۈنى ئۇ ناھەقتىن-ناھەق تاياق يەۋالدى ۋە يەنە شۈكۈر دېدى.

مەن ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم:

—ئەمدى تاياق يېگەنگىمۇ شۈكۈر قىلامسەن؟

ئۇ مەندىنمۇ ھەيران قالغان ھالدا جاۋاب بەردى:

—نېمىشقا شۈكۈر قىلمايدىكەنمەن؟ ئەگەر ئۇ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، قانداق قىلاتتىم؟

—ئەلۋەتتە، شۈكۈر دەيتتىڭ-دە، —دېدىم ئاچچىق بىلەن.

—ھە، مانا، —دېدى ئۇ مېنى گەپتە ئۇتۇۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، —خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ شۈكۈر دېگۈدەك ئەھۋالىم بار ئىكەن!

مەن ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ئاچچىق كۈلدۈم.

ئۇ مېنىڭ بۇ كۈلكەمگىمۇ شۈكۈر قىلغان بولسا كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـرەك، تاتلىق كۈلۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئىككىمىزنىڭ ئاچچىق، تاتلىق كۈلكىلىرى ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەندى. كۈلكە يۇقۇملۇق، دەپ توغرا ئېيتىلغانىكەن. خەقلەر بىزنىڭ كۈلكىمىزگە قاراپ تەڭ كۈلۈشكە باشلىدى.

## ئادەم ئاتىنىڭ شۈكرىسى

ئادەم ئەلەيھىسسالام خۇدا تەرىپىدىن جان ئاتا قىلىنغان ھامان چۈشكۈرۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ خۇداغا شۈكۈر ئېيتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا ئادەم بولۇپ يارالغانلىقىغا شۈكۈر قىلغانىدى.

خۇدا ئۇنىڭغا: ”يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشلىك ئۆزۈڭدىن“ دېدى.

ئۇ ئادەملىك بۇرچىنى تونۇدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بارچە ئەۋلادلىرى ئەلىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزلىرىنى ئادەم دەپ ئاتىدى ۋە نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىك بۇرچىنى تونۇپ، يارالمىشقا ئىگە بولدى.

پەقەت مەنلا شۇنداق قىلالمىدىم.

چۈنكى مەن ئادەم ئەلەيھىسسالام تونۇغان ئادەملىك بۇرچىنى ئۇنتۇپ، پەقەت ئۇ ئېيتقان شۈكۈرنىلا ئەستە تۇتۇۋالغانىدىم.



## جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ ساداسى

گۈزەل باھار كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى جۇلدۇر كېپەن بىر خوتۇن دالىغا چىقىپ ۋارقىرىدى:

— ئادەم ئاتا تۇپىدىن بىنا قىلىنغاندا يالىڭاچ ئىدى، ھاۋا ئانا ئادەم ئاتىنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغاندىمۇ ئوخشاشلا يالىڭاچ ئىدى. ئۇلار شۇ ھالىتىگە قانائەت قىلغان بولسا، بۇ چاغقىچە ھەممىمىز يالىڭاچ يۈرگەن بولماسمىدۇق!؟ ھەي، بىزنى كىيىم ۋەسۋەسىسىگە سالغان قانائەتسىزلىك!

ئۇ ئۆز ئاۋازىنىڭ ئەكس سادا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، لېكىن بۇ ئاۋاز قومغا سۇ سىڭگەندەك يوقاپ كەتتى.

باھاردا چىرايلىق ياسىنىۋالغان تەبىئەت ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويدى.

## دانا بىلەن سۆھبەت

— مەن دانادىن سورىدىم:

— شۈكۈرنىڭ مەنىسى نېمە؟

— شۈكۈرنىڭ مەنىسى — بولدى-بولدى. ئۇ پەقەت ئادەمنى ئىنتىلىشتىن توختىتىدۇ.

— ناشۈكۈرلۈكنىڭ مەنىسى نېمە؟

— ناشۈكۈرلۈكنىڭ مەنىسى — ياق، بولمىدى.

ئۇ ھامان ئىنساننى ئالغا سىلجىتىدۇ.

## رىقابەت قامچىسى

بوز ئات بەيگىدە باشقا ئاتلار بىلەن قاتارلىشىپ تەڭ چېپىپ كېتىۋاتاتتى، چەۋەنداز ئۇنى زەرب بىلەن قامچىلىدى. بوز ئات ئىگىسىگە ئاچچىق قىلىپ:

—ھېچقايسى ئاتتىن قالماي چېپىۋاتسام، ماڭا يەنە قامچا تېگىۋاتىدىغۇ، قولۇڭدىكى قانداق ناشۇكۇر قامچا ئۇ ئۆزىنى سورىمايدىغان؟ !—دېدى.

چەۋەنداز ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

—بىلىپ قوي، قولۇمدىكى قانائەت قامچىسى ئەمەس، رىقابەت قامچىسى.

## تىلەك

مەن بىرەيلەننى شۇكۇر-قانائەت بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلغانىدىم، ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ماڭا:

—ياق، بۇرادەر، ئىنساپ يوق مۇھىتتا شۇكۇر-قانائەت بولماسلىقى كېرەك،—دەپ جاۋاب بەردى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئويلىنىپ قالدىم ۋە ئىچ-ئىچىمدىن تولغىنىپ تۇرۇپ ھەممەيلەنگە ئىنساپ تىلىدىم.

شۇ چاغدا بۇ تىلىكىمگە قوشۇلدىمىكىن دەپ قالدىم، بۇلغانغان زېمىن-ئاسمانمۇ كۆزۈمگە خۇددى تولغىنىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.



## سۇنىڭ ئىقرارى

توختام سۇ ھالىتىمگە شۇكۇر قىلغانىدىم، ھورغا ئايلىنىپ كەتتىم.

ھور ھالىتىمگە شۇكۇر قىلغانىدىم يامغۇرغا ئايلىنىپ كەتتىم.

ئېرىقلاردا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقىنىمدىلا ئۆزۈمنىڭ ئەسلى ناشۇكۇرلۇقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

## باي ۋە گاداي

روھى گاداي باي—گاداي باي

روھى باي گاداي—باي گاداي.

## غۇرۇر

كەمبەغەل كىشى بىر نامەردنىڭ داستىخىنىغا نەزەر-گۆزىرىنى سالماي مېڭىۋىدى، مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

—بۇ، تەمەخورلۇقتىن شۇكرانىلىق ياخشى، دەۋاتقىنىڭمۇ؟

—ياق،—دېدى ئۇ كىشى،—بۇ، تەمەخورلۇقتىن غۇرۇر بىلەن ئاچ كەتكىنىم ياخشى دەۋاتقىنىم.

## ئاراملىق

بارچە مەخلۇقات كۆككە چىقسام دەپ ئارمان قىلىدۇ.

كۆكتە ياشاشنىڭ تەسلىكىنى پەقەت قۇشلار بې-

لىمىدۇ.

ئۇھ، ئارامىلىق بېرىدىغان زېمىن!

## شۈكۈر دېگەن نېمە؟

زاھىت: شۈكۈر — بۇ دۇنيادىن ھېچنېمە تەمە قىلمايدىغان مەۋجۇتلۇقۇم.

پەيلاسوپ: شۈكۈر — چارچىغان روھنىڭ تەسەللىسى.

شائىر: شۈكۈر — جۇشقۇن روھىمنى چۇشەيدىغان ئارقان.

## نېمە قىلساڭ بىر نېمە قىل

چامىڭ يەتمىسە بوپتۇ، شۇ ھالىڭغا شۈكۈر ئەيلە،

لېكىن ئىمكانىڭدەدۇر ھەر ئىشقا بىر تەۋەككۇل ئەيلە.

## توۋا

باي ئالدىدىكى شۇنچە ئىسىل تائامغا شۈكۈر قىلمىدى.

گاداي بىر بۇردا نانغىمۇ شۈكۈر قىلدى.

— توۋا، — دېدىم مەن، — شۈكۈر يوقسۇزلۇقنىڭلا مەھسۇلىمىدۇ؟!

## مۇرتەدنىڭ شۈكرىسى

مۇرتەد ھاڭغا غۇلاپ چۈشۈۋاتقاندا ياردىكى بىر دەرەخكە ئىلىنىپ قالدى ۋە دەرھاللا:



— شۈكۈر خۇدا، — دەۋەتتى.

ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغان بۇركۈت ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن ئەزەلدىن شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيتتىڭ، بۇ شۈكۈر ئېيتىشىڭ نېمىلىكتىن؟

— چۈنكى مەن ئازراق بولسىمۇ نىجادلىق تاپتىم، — دېدى مۇرتەد جاۋاب بېرىپ، — ئۇمىد بېغىشلىمىسا، مەن شۈكۈر ئېيتاتتىممۇ؟!

## ناشۈكۈر ئالەم، ناشۈكۈر ئادەم

زېمىن كېچىدىن زېرىكسە، ئاسمان كۈندۈزدىن زېرىكەر. ئەي، ناشۈكۈر ئالەم!

گاداي جاپادىن زېرىكسە، باي راھەتتىن زېرىكەر. ئەي، ناشۈكۈر ئادەم!

## ئاچ-زېرىن

ئاچلىقتىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان كىشى باينىڭ ئالدىدىكى تائامغا چاڭ سالدى. باي ئۇنىڭغا كايىپ تۇرۇپ:

— شۈكۈر-قانائەت بىلەن ياشا، ئەدەپلىك بول، — دېۋىدى، ئۇ دەرھاللا:

— جېدىغۇسىز ھالغا شۈكۈر قىلغىلى، ئاچلىقتا ئەدەپ ساقلىغىلى بولمايدۇ، تەقسىر — دەپ جاۋاب بەردى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئوقۇتقۇچىنىڭ بايقىشى

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس سۆزلەۋېتىپ مۇنداق سوئال قويدى:

—بىز بۈيۈك تەبىئەتنى ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان دەيمىز. قېنى، جاۋاب بېرىپ بېقىڭلارچۇ، تەبىئەتتىن زادى قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟

زەپىران چىراي ئوقۇغۇچى جاۋاب بەردى:

—تەبىئەت بەرگەن نەرسىنى ئېلىش كېرەك.

قىزىل يۈزلۈك ئوقۇغۇچى دېدى:

—تەبىئەتتىن ئالىمەن دېگەن نەرسىنى ئېلىش كېرەك. ئوقۇتقۇچى يەنە سوئال قويدى:

—جەمئىيەتنى ئىنسان ياراتقان دەيمىز. قېنى، دەپ بېقىڭلار، جەمئىيەتنىڭ زادى نېمىسى بولۇشىمىز كېرەك؟

—خىزمەتچىسى، —دېدى ئالدىنقى ئوقۇغۇچى.

—ياق، خوجىسى بولۇش كېرەك، —دېدى كېيىنكىسى.

ئوقۇتقۇچى كېيىنكىسىگە ھەممىدىن يۇقىرى نومۇر قويدى. ئوقۇتقۇچى نومۇرنى ھەقىقەتەن بىلىپ قويغانىكەن. كېيىنكى چاغلاردا ئالدىدىكى ئوقۇغۇچى ئاجىز، كېيىنكىسى كۈچلۈك بولۇپ ياشىدى.

## تىزگىن

مەن دادامدىن سورىدىم:



—بۇ دۇنيادا شۈكۈر بىلەن ياشاش كېرەكمۇ، ناشۈكۈرلۈك بىلەن؟

دادام گەپنى ئۇزاقتىن باشلاپ جاۋاب بەردى:

—بىر چاغلاردا ئاتلىق سەپەرگە ئاتلانغىلىۋاتقىنىمدا، دادام رەھمەتلىك ماڭا: "بالام، ھەرقانداق چاغدا يۈگەن قولۇڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن، تىزگىنسىز ئاتتا مەنزىلىڭگە يېتەلمەيسەن" دېۋىدى. دادامنىڭ ئېيتقىنى راست ئىكەن. ئاتنى تىزگىننى بەزدە تارتىپ، بەزىدە بوشىتىپ چاپمىساڭ بولمايدىكەن. مەن شۈكۈرلۈك بىلەن ناشۈكۈرلۈكنى تىزگىنگە ئوخشىتىمەن. خالىساڭ، ئۇ تىزگىننى چىڭىت شۈكۈرلۈك بىلەن؛ خالىساڭ، ئۇ تىزگىننى بوشات ناشۈكۈرلۈك بىلەن. مەقسەت ياشاشتىلا ئەمەس، بەلكى ئادەمدەك ياشاشتا.

## تىنىمسىزلىك

ئۇ تىنىمسىز ئادەم ئىدى، بىر ئارمىنىغا يەتسە، يەنە بىر ئارمىنىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشاتتى، ئېلىشاتتى. يىللار ئۆتتى، ئاخىر ئۇنىڭغا ئەجەل نۆۋىتى يېتىپ كەلدى.

ئەزرائىل ئۇنىڭغا:

—ئەمدى شۇ تىنىمسىزلىكىڭنى يەرلىكىڭگە ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئەكىرىپ كېتىدىغان بولدۇڭ، دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىركى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ياق، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇ تىنىمسىزلىكنى بالامغا قالدۇرۇپ قويدۇم.

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا)



# خالاستان*

## (چاتما نەسر)

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

### مۇقەددىمە

قۇياش ئاپرىدوت ئالەمگە ئاپىرىدە بولدى. ئۇ نۇرغۇن تۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئاتەش چېھرىدىن پۈتكۈل كائىناتقا نۇر سوۋغا قىلدى. يەرنىڭ مەغرىب ۋە مەشرىقىدىن تارتىپ جىمى جايلىرىغا تاغلار تۇغۇلدى. دەريا، دېڭىزلار كۆز يوردى. ئىنسانلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى تۇپراق يارالدى. قۇياش ھاياتلىققا نۇرغۇن زىرائەتلەرنى سېخىيلىق بىلەن بېرىۋەتتى. دۇنيادا يېڭى بىر ئېرا دەۋرى باشلاندى.

ئانا ماكانىمىزدىكى تاغلارنىڭ بىرى خانتەڭرى، يەنە بىرى ئالتاي، يەنە بىرى كوئىنلۇن، يەنە بىرى مۇقەددەس قارا قۇرۇم ئىدى. بۇ تاغلاردا ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. مەدەنىيەت، يېزىق ۋە

* خالاستان — زەرەپشان دەرياسىنىڭ بىر ئېقىنى، قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى دەريا نامى

ناخشا-مۇزىكا دۇنياغا كەلدى. غۇر-غۇر مەيىن شامال
بۇ نەرسىلەرنى ئالەمنىڭ يىراق-يىراق بۇلۇڭ-پۇچقاق-
لىرىغىچە ئېلىپ كەتتى. . . زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بى-
لەن يېزىلار شەھەرلەرگە، قىشلاقلار يېزىلارغا كۆچ-
تى. نۇرغۇن شەھەرلەر دۇنيانىڭ ياقۇت كۆزىگە ئاي-
لاندى. مەن بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى
ئۇلۇغ قارا قۇرۇم ئاتا تەرىپىدىن قۇرۇلغان قەدىمي
شەھەرگە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ شاراپىتى بىلەن قەدەم
تەشرىپ قىلدىم. ئۇ ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ، ياق كۈلۈپ
تۇرۇپ قۇچاق ئاچتى. ئۇ مېنىڭ ئەڭ گۈزەل جەننى-
تىم. . .

## بۇ يەر قاغىلىق

مەن كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپقا باقتىم. يېنىمدىلا
ئاق شايىغا يۆگەنگەن بىر پەرىشتە ماڭا كۈلۈپ باقتى.
مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ مېنىڭ بوينۇمغا ئېسى-
لىپ مېنى سۆيدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. كۆ-
زۈمنى ئاچسام، ئۇ قۇياش نۇرى بىلەن بىرگە زېمى-
نىڭ ئۈستىدە گويا يېڭى ئۈچۈرما بولغان كۆك كەپتەر
باچكىسىدەك ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا
يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ مېنىڭ قىپقىزىل يۈر-
ىكىمدىن ئۇخچۇپ چىقىۋاتقان ئوتلۇق سۆيگۈ ئىكەن.
مەن سۆيگۈمنى، مۇھەببىتىمنى بارلىق ياخشى نەر-
سىلەرگە ھەدىيە قىلىمەن.



مەن بازارغا چىقتىم. مېنىڭ خەلقىم خالتا-خۇر-
جۇنلىرىغا لىققىدە ئازاب توشقۇزۇپ كوچىلاردا ئۇ-
يان-بۇيان مېڭىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ سولغۇن چىراي-
لىرى شۇنداق پارلاق كۈندۈزدە قۇياش ئىلاھى ئاتا
قىلغان نۇردىن بەھىر ئالالماپتۇ. روھى يۇيۇپ-تاراپ
يەرلىكىگە قويۇلغان ئەرۋاھتەك چۈشكۈن. مەن بۇ
ئېچىنىشلىق تراگېدىيىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.
ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ كەتتىم. ئەتراپىمغا
نۇرغۇن ئادەملەر ئولاشتى. ئۇلار ماڭا قاراپ كۈلۈش-
تى. مېنىڭ ئەسەبىيلەشكەنلىكىمنى كۆرۈپ "ساراڭ"
بولۇپ قاپتۇ دېيىشتى. مەن يەنىمۇ قاتتىقراق تۇۋلى-
دىم، ۋارقىرىدىم. ئەتراپىمغا ئولىشىۋالغان ئادەملەر
ماڭا قاراپ "بۇ ساراڭنى چالما-كېسەك قىلىپ ھەيدى-
ۋېتەيلى، ئۇ شەھەرنىڭ كەيپىياتىنى بۇزدى" دەپ
ماڭا قارىتىپ چالما-كېسەكلەرنى ئاتتى. ئۈستۈۋېشىم
قانغا مىلىنىپ كەتتى. مەن ئاشۇ يەردە قىمىر قىلماي
تۇرۇۋەردىم، يۈرىكىمدىن ئۇخچۇپ چىققان ناخشام
يەنىمۇ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

قۇياش قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىغا قىزغۇچ شە-
پەق نۇرى چېچىپ ئاستا-ئاستا كۆزۈمدىن غايىب بول-
دى. مەن ھېلىقى يەردە يېتىپ قالدىم، ئۇ يەر مې-
نىڭ ئەمەسمۇ! مەن ئۆز يېرىمدە ئۆلۈپ كېتىشنى
خالايمەن. جەسىتىم تار كوچىدا قالسىمۇ، مېنى چال-

ما-كېسەك قىلغان ھېلىقى ئادەملەر ھامان بىر كۈنى مېنى ئۆز يېرىمگە دەپنە قىلىدۇ.

مەن قەشقەردىن خېلى يىراق ئاشۇ يۇرتىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرىمەن. ئۇ خالاستان دەرياسىنىڭ تامچە-تامچە زەمزەملىرى بىلەن چېچەن خوتۇن-قىزلىرىنى، كۆزلىرىدىن ئەقىل-پاراسەت ۋە باتۇرلۇق يېنىپ تۇرغان ئەر-يىگىتلىرىنى ئارمانىغا يەتكۈزىدۇ.

مەن مەسچىت مۇنارىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يىراقتىكى قارا قۇرۇمنى كۆردۈم.

## قارا قۇرۇم

ئۇ مۇقەددەس تاغ، مىڭلىغان دەريا، ئۆستەڭلەرنى ئاپىرىدە قىلغان ئىلاھ.

مەن تۇمانسىمان ئاپئاق بۇلۇتلار بىلەن بوي تالىشىپ مەغرۇر غادىيىپ تۇرغان ئۇ سەلتەنەت باغرىغا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، قۇياش كۆزۈمدىن غايىب بولدى. قاراڭغۇدا كۆرىدىغىنىمىز پەقەت قاراڭغۇلۇق. مەن بىر شامالغا ئەگىشىپ ئۇ تاغقا باردىم. ئۇ يەرگە باردىم-يۇ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ مىليونلىغان يۈرىكى بىلەن مىليونلىغان كۆزى بار ئىدى. ئۇ يۈرەكلەر يىغلايتتى، يۈرەكلەرگە ئەگىشىپ كۆزلەرمۇ يىغلايتتى. بۇ كۆزلەردىن ئاققان ياش خالاستان دەرياسىنىڭ سۈيى ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتا ئازابلىق ياش تۆكمىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنە شۇ نەچچە مىڭ ئەسىرلىك ئازابلارنى ئۆزىنىڭ تېرەن قاتلىمىغا يوشۇرغانىدى.

مەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇ يەردە تۇردۇم، كۆز ياشلاردىن ئوتلۇدۇم. مەن ئەتراپىمغا نەزەر تاشلاپ مەيۇسلىك ئىچىدە قارىدىم، ماڭا ئوخشاش ئادەملەر ياش ئىچمەكتە ئىدى.

بىز بۇ بۈيۈك ئاتا تاغنىڭ كۆز يېشىنى ئىچىدمىز، ئۇنىڭ كۆز يېشى بىزنىڭ ئازابىمىز.

## تەجەللىي ياشىغان ماكان

مەن بىر كوچا دوقمۇشىدا تەجەللىي ئۇستاز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن بالىلىق ھۆرمىتى بىلەن ئۇ پەرىشتىگە ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈردۈم. ئۇ دانىشمەن بوۋاي ماڭا ئىللىق جاۋاب ئورنىدا پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. بىز گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان يەردە ئەمەس، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر ئورمان ساھىلىغا بېرىپ مۇڭداشتۇق. بۇ كىشى ماڭا نېمە قىلىش كېرەكلىكى، ئارزۇ-ئىستەكلەرگە قايسى يول بىلەن يېتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەلىم بەردى. مەن دانىشمەنلەرنىڭ دانا سۆزلىرىنى ياشاش قىبلىنامەم قىلدىم، بۇ ئەقىل ئۈنچىلىرىنى يۈرىكىم بەتلىرىگە نەقىش قىلىپ ئويدۇم. تەجەللىي بىر قاتار ئەقىل مېۋىلىرىنى ماڭا بېرىپ كۆزۈمدىن شاپىدە

غايىب بولدى. مەن سۇغا تەشنا ئاۋۇ سارغايغان يوپۇرماقلارنىڭ سولغۇن هالىغا قاراپ ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم:

—مەن سىلەرگە سۇ ئەكىلىپ بېرىمەن!

ياڭراق ئاۋازىمنى ئاڭلىغان تەجەللىي بىر كۆك نۇردىن نامايان بولدى. ئۇ يۇمشاق قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

—ئوغلۇم، ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ!

—دېدى-دە، كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى.

## ياڭاق

بۇ يەردە ياڭاق كۆپ بولىدۇ. ياڭاقنى كۆپ ئىستېمال قىلغۇچىلار ئەقىللىق بولىدىكەن.

كۆپنى كۆرگەن پېشقەدەم مۇئەللىم نەۋرىسىنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىغا بىر قانچە تال ياڭاق سېلىپ بەردى. ئۇ گۆدەك بالا دەرۋازا ئالدىدىكى كونا قارىياغاچ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ياڭاق چېقىۋاتاتتى. بىر توپ ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ ياڭاقلىرىنى تارتىۋالدى، بالا يىغلىغىنىچە بوۋىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ داتلىدى:

—ئوغلۇم، ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى كۆپ بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ياخشى نەرسىلىرىمىزنى ئۆزىمىز دېگەندەك قەدىرلىيەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، خەقلەرنىڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سەن گۇناهنى ئۆ-



زۈڭدىن كۆر، ياڭاقلىرىڭنى مۇشۇ هويلىدا چېقىپ يېسەڭ باشقىلار كۆرمەيدۇ ئەمەسمۇ...

مەن ياشانغان مۇئەللىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. بىز ئۆزىمىزنى مەهكەم تۇتۇشىمىز، ئىشىمىزغا پۇختا بولۇشىمىز كېرەك ئىكەن. شۇنداق بولغاندا ياخشى ياشىيالايدىكەنمىزغۇ.

## ئالدامچىلىق

مەن كوچىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان سودا بازىرىدا ئايلىنىپ يۈردۈم.

ئۇ گويا ئادەم دېڭىزى ئىدى. ئادەملەر دەريادەك ئۇيان-بۇيان ئاقاتتى. مەن ئادەملەر توپلىشىۋالغان بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا توختىدىم، دۇكاندار ماللىرىنى هەدەپ كۆككە ئۇچۇرۇپ ماختايتتى.

—خالايىق، بۇ مۇقەددەس بەيتۇل هەرەمنىڭ مېلى، ئۇلۇغ خۇدا شاپائەت، بەخت-سائادەت ياغدۇرغان قىبلىگاهىمىزنىڭ مېلى!—ياشانغان ئۇ چالنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ چىقىۋاتاتتى. مەن رەختلەرگە زەن قويۇپ سەپسېلىپ چىقتىم. باشقا نۇرغۇن ئادەملەر، يىراقلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر، يېزىلاردىن كەلگەن دېهقانلار مىڭبىر جاپادا تاپقان پۇللىرىغا ئۇلۇغ ”هەرەم“نىڭ ئاشۇ ماللىرىدىن ئېلىپ كېتىشتى. مەن سودىگەردىن سورىدىم:

—تاغا، بۇ ماللار راست هەرەمنىڭمۇ؟

ئۇ گېپىمدىن ئاچچىقلاندى بولغاي، سۆزلەپلا كەتتى.

— ئۇكام، تەقى-تۇرقلىرىدىن قارىغاندا ئوقۇغاندەك قىلىسىلا، مەن ياشىنىپ قالغان موللا ئادەممەن، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. مانا مۇشۇ روزا-رامىزان كۈنلەردە مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ بېرىمەن، بۇ ماللار ھەرەمدە ئىشلەنگەن...

مەن بۇ ئادەم بىلەن گەپ تەگىشىشنى راۋا كۆرمەي، رەختلەردىكى china ”جوڭگو“ دېگەن خەتنى ئوقۇپ قويۇپلا ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم. شۇنداق، ئادەملەر بىر-بىرىنىڭ نادانلىقىنى بىلىشۋالدى. شۇڭا نادانلىقتىن پايدىلىنىپ مەقسەتلىرىگە يېتىشىۋاتىدۇ.

## مۇساپىرلار قەسرى

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ قەسىر ئەسلىدىن بىر باينىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسى بولۇپ، يېتىم-يېسىرلەرگە ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەنىدى. بۇ يەرنى ھەر يەرلەردىن كەلگەن چوڭ-كىچىك مۇساپىرلار ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ھەرەمخانىسى قىلىۋالغاندى. بىر كۈنى مەن ئۇ يەرگە باردىم. ئۇ يەردە دەھشەتلىك ئۇرۇش بولۇپ كەتكەنىدى. قىيا-چىيا، پىغانلىق ۋارقىراش-خارقىراشلار سارايىنى بىر ئالغاندى. مەن ئىككى چەت-ياقا يۇرتلۇقنىڭ قانغا مىلەن-



گەن ئۇستىۋېشىغا قاراپ ئاچچىق خورسىندىم. تۇۋا ئىلاھىم، ئۇلار نېمە تالىشىۋاتىدۇ، تالىشىدىغان نېمىسى باردۇ؟... مەن ئۇ بىر-بىرى بىلەن زەھەرلىك چايانىدەك ئېلىشىۋاتقان، قەدىمكى رىم قۇللىرىدەك مۇشتلىشىۋاتقان، ئەقىل-پاراسىتىنى يۇندا ئازگىلىغا تاشلاپ قويۇپ، دەلدۇش، ساراڭلارچە يۇرۇۋاتقان ئۇ بىر تىللىق دوستلىرىمغا غەزەپ كۆزلىرىمدە چەكچىيىپ قارىدىم. غەزەپ-نەپرىتىم ئىچىمگە سىغماي تۇۋلاپ كەتتىم. ”ھۇ، مۇناپىقلار، سىلەر مەڭگۈ مۇشۇنداق قەلەندەر بولۇپ ياشايسىلەر“، ئۇلارنى سۆكۈت باستى، ئۇلار جىمجىت ئولتۇراتتى.

## تونۇر كاۋىپى

ئىلاھىم كارامەت ياراتقان بۇ زېمىننىڭ جىمى يۇرتلىرىدا ئۆزگىچە تائاملارنى ئالاھىدە قەدىرلەشكە، ماختاشقا ئەرزىيدۇ. مەن بۇ يەرنىڭ تونۇر كاۋىپىغا ئالاھىدە قىزىقىپ قالدىم. ھەر كۈنى دېگۈدەك كاۋاپخانىغا بېرىپ، ئۇ تائامدىن ھۇزۇر-ھالاۋەت تاپىمەن.

بىر كۈنى كاۋاپچى ئاماق ئۇستىلىدىكى سۆڭەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بىر سۆڭەك زۇۋانغا كەلدى:

— ئۇستام، بىز سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالايلى، بىزنى بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئىتقا تاشلاپ بەرمەڭ، ئۇ بىزنى يەپ يەنە بىزگە خىرىس قىلىدىكەن. بىز جان

بەرگەن نەرسىنىڭ بىزگە قان، ئاپەت بېرىشىنى ياقتۇرمايمىز. خالىسىڭىز بىزنى ئاشۇ ياۋاش-يۇمشاق قويلارغا تاشلاپ بېرىڭ.

ئۇ ئىتقا ئوخشاش چىشلەشنى بىلمىسىمۇ قاۋاشنى بىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

كاۋاپچى سۆڭەكنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى-دە، سۆڭەكلەرنى يەنە ئىشىك ئالدىدا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئىتلارغا تاشلاپ بەردى.

## خالاستان

مەن بىر ئوتتۇنچى بىلەن بىللە جاڭگالغا باراتتىم. ئۇ قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئېشىكى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىر ناخشىنى جاراڭلىق باشلايتتى. بىراق ناخشىنىڭ ئاخىرىنى چىقارمايلا ئۇيقۇغا كېتەتتى.

مېنىڭ بىر بېلىقچى ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇ داۋاملىق بېلىق تۇتقىلى دەرياغا باراتتى، تورنى بىر قانچە قېتىم تاشلاپ قويۇپلا بېلىق چۈشمىسە قۇرۇق قول كېلەتتى.

يەنە بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى يۈگۈرۈشكە خۇشتار ئىدى. بىراق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەردە يېرىم يولدىلا توختاپ قالاتتى.

كۆرگەن، بىلگەن يەنە بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئۇنداق قىلىۋېتىمەن، بۇنداق قىلىۋېتىمەن، دەپ يوغان سۆزلەپ ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، لاتىپۇرۇش بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

مەن بۇ خالاستان دەرياسىنىڭ گۈزەل ساھىلىدا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— ئەي دەريا، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن قارا قۇرۇم قولىدىكى ئالتۇن يادىن ئېتىلىپ چىققان كۆمۈش ئوق بولىمەن، — دېدى دەريا.

— سېنىڭ نىشانىڭ قەيەر؟ — قايتا سورىدىم.

— مېنىڭ نىشانىم ئۇزۇن، — دېدى دەريا.

— سەن ئۇ يەرگە بارغۇچە ھېرىپ قالمامسەن؟

— مەن ئۇنىڭدىن يەنە سورىدىم.

— مەن ھېرىپ قېلىشنى ئويلىغان بولسام ئالتۇن يادىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. مەن ئوقتەك قىزىپ، پوقتەك سوۋۇيدىغانلاردىن ئەمەس! — دېدى دەريا.

مەن گەپ قىلالماي تۇرۇپلا قالدىم. ھەيۋەتلىك ئېقىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئېقىن ماڭا بىر روھ ۋە جاسارەت بېغىشلىدى.

1994-يىل 25-ئۆكتەبىر، قاغىلىق-يەكەن.

# بەخت تىلەش

(نەسىر)

تۇختىتۇمۇر روزىنىياز

## 1

پۇت-قولىنىڭ يىلىكى قۇرۇغان، كۆزلىرى خىرەلەشكەن، چىشلىرى كىرىشكەن، ئىمجان يۈرىكىنى تۇن چاشقانلىرى غاجاۋاتقان، ئالەمدەك كۆڭۈل-كۆكسىنى رەھىمسىز دەرد-ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلىغان مىسكىن دېھقان تالاي ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن ماغدۇرسىز قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى:

—ئەي تەڭرىم! كۆرۈپ تۇرۇپسەن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى، بىلىپ تۇرۇپسەن خىيالىمىزنى. . . شۇ تاپتا بىز ساڭا ئەگەشكۈچى ۋە چىن دىلىمىز بىلەن بىر ساڭا ئېتىقاد قىلغۇچى، بىزنىڭ شاپائەتچىمىز پەقەتلا سەن! لېكىن ھالىمىز خاراب، ئەھۋالىمىز نېچۈك؟ . . . بۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئەقىل كۆزى بىلەن قويمىدى قاراپ، شۇ ۋەجىدىن: بىزنىڭ بەخت-سائادىتىمىز ئۇ ئالەمدىمۇ ياكى بۇ ئالەمدىمۇ؟ —دەپ ئىلتىجا بىلەن سېنىڭدىن باقتىم سوراپ! . . . [illegible]



سادا كەلدى:

—ھەي ئىنسان! جاپاكەش دېھقان. . . مەن ساڭا، سېنىڭ ئارزۇيۇڭدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە بەخت-سائادەت ئاتا قىلدىم. بىراق سەن ئۆز بەختىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ئىنتىلمەي، يەندىلا مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىپ ئۆز-ئۆزۈڭگە جاپا قىلدىڭ. . . مەن ساڭا زېمىننى، زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتنى بويسۇندۇرۇپ بەردىم، پۈتكۈل جاھان تىلسىملىرىنىڭ ئاچقۇچىنى ساڭا تۇتقۇزدۇم. لېكىن سەن شۇ قىممەتلىك ئاچقۇچنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئېلىشنى خالىمىدىڭ، يەنىلا ماڭا تەلمۈردۈڭ، ماڭا ئىلتىجا قىلدىڭ. . . بىلىشىڭ كېرەككى، مەن ياراتقان مەۋجۇداتلارنىڭ سىرلىرىنى قانچە چۈشەنگەن كىشى مېنىمۇ شۇنچە چۈشىنەلەيدۇ ھەم ماڭا شۇنچە يېقىنلىشالايدۇ. مەن بەخت-سائادەتنى شۇنىڭغا ئاتا قىلىمەن، ئۇشبۇ ئالەمدە ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ بەخت يارىتالىغانلارغا ئۇ ئالەمدىمۇ، بۇ ئالەمدىمۇ جاپا قىلمەن! . . .

—مېنىڭ بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ ساڭا ئىبادەت قىلغىنىم، جاپا تارتىپ ئىشلەپ، ئىنسان ۋە جان-جانىۋارلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىگىنىمنىڭ ساۋابىچۇ؟ —دېدى دېھقان ئەڭ بىچارە ھالەتتە تىترەپ تۇ-



www.uyghurkitap.com

روپ.
—ساۋاب؟ ! . . . —تەڭرىدىن سادا كەلدى،—
مېنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بەندەم قىلغان ئىشىغا مەن-
پەئەت تەلەپ قىلمايدۇ، تەمەننانى كۆزىگە ئىلمايدۇ،
قىلچىلىك ئۆزىنى ئويلىماي، ئۆز قەۋمى ئۈچۈن خا-
لىس تۆھپە يارىتىش يولىدا جاپا چەكسىمۇ ھارمايدۇ.
بىلسەڭ، سەن چىن ساۋابنى ئۆز قېرىنداشلىرىڭنىڭ
كۆڭلىدىن ئىزدە!

تەڭرىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان دېھقان ئۇشبۇ زې-
مىننى، ئانا تۇپراقنى يېنىش-يېنىشلاپ سۆيۈپ تۇ-
روپ نىدا قىلدى:

—ئاھ، مېنىڭ بەختىم، سەن ۋە مېنىڭ خەل-
قىم!

2

سەللىسىنىڭ چوڭلۇقىدىن بېشى ئېگىلگەن،
مۆمىن بەندىلەرنىڭ نېمەتلىرىگە كۆڭۈل رىشتى مەھ-
كەم چىگىلگەن، ئىخلاسمەنلىرىنىڭ خەير-ساخاۋىتى-
دىن پۇت-قوللىرى ئۈزۈن كېرىلگەن ئىشان ئاخۇنۇم
جايىنامازدا تەمكىن ئولتۇرۇپ، تولۇق ئىشەنچ بىلەن
تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى:

—ئەي تەڭرىم! ئۇشبۇ ئۆتىگەن ناماز، قىلغان
ئىبادىتىمنى مەقبۇل قىلغايسەن، بىناماز بەندىلەرنىڭ
دىلىغا ئىمان، باي-غوجىلىرىمنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ



بەرگەيسەن. . . پادىشاھىمىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، ئۆمرىنى تۇتماي، ۋاجىپ-

بۇزغان پاسىق بەندىلىرىڭگە مەڭگۈ لەنەت قىلغاي-
سەن، ماڭا ئوخشاش سېنىڭ پەرز-ۋاجىپلىرىڭغا تو-
لۇق ئەمەل قىلغان، مازار-ماشايىخلارنى تاشلىمىغان
سادىق بەندەڭگە بۇ ئالەمدە غېنىيلىقنى، ئۇ ئالەمدە
سەككىز جەننەتنى ئاتا قىلغايسەن! مېنى ھۆرمەت ۋە
ئىززەتلىمىگەن، سۆزلىرىمنى قۇۋۋەتلىمىگەن، ئىند-
ساپ ۋە ئىمانىنى يوقاتقان شىرىكبۇللا بەندىلىرىڭگە
ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا جاپا قىلغايسەن! . . .

—بولدى بەس! —تۇيۇقسىز تەڭرىدىن كۈچلۈك
سادا كەلدى، —ھەي ئىنسان، قاياقتا كەتتى سەندىكى
ئىمان! . . . سەن ئۆزۈڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولساڭ
ئىدىڭ، ئۆز قەۋمىڭگە تىنچ-ئامانلىق تىلىگەن بولات-
تىڭ، ئۆز قېرىنداشلىرىڭنىڭ قەلبىگە ئىمان، كۆڭ-
لىگە تەۋپىق-ھىدايەت، دىلىغا ئىلىم-مەرىپەت، ھازىر
ۋە كەلگۈسىگە بەخت-سائادەت تىلەر ئىدىڭ ھەم شۇ-
نىڭغا يېتەكلەر ئىدىڭ. ئەپسۇس سەن ئۇنداق قىلمى-
دىڭ. . . بەندىلىرىمگە ئازاب-ئوقۇبەت تىلىدىڭ، بىل-
سەڭ سەن مۇسۇلمانچىلىقتا نىيەت ئەلا، ئەمەل بى-
رىنچى! يەنە شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قويايكى، ھەر
كىشى ئۆز قەۋمىنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ھۆرلۈكى
ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمەي، ئۆزى ئۇ-
چۇنلا ياشايدىكەن، ئول كىشىنىڭ ئۇ ئالەمدىكى جايى

دوزاخ بولىدۇ.
تەڭرىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان ئىشان ئاخۇنۇم-
نىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى، گازىردەك كۆزلە-
رى بولسا غۇۋا تورلاشتى، ئاخىرىدا ئۇ تۇيۇقسىز
ھۆڭرەپ (يىغلاپ) تاشلىدى-دە، زار-زار قاقشاپ تۇ-
رۇپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى:
—ئەي ھەممىگە قۇدرەتلىك تەڭرىم! مېنى كە-
چۈرگىن، دىلىمدىكى شەيتان ۋەسۋەسىسىنى ھەم تە-
مەخورلۇق چىرىغىنى تۈگەل ئۆچۈرگىن، مەن قايتى-
دىن ئادەم بولاي، ماڭا يول كۆرسەتكىن! . . .
ئۇنداق بولسا شۇنى بىلىۋال،—تەڭرىدىن دەر-
ھال سادا كەلدى،— بەندىلىرىمنىڭ ۋەزىپىسى، ھەر
قانداق شارائىتتا ئىناق ئۆتۈش ۋە بىر-بىرىنىڭ
بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئۆزئارا
بىر-بىرىسگە پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بىر-بىرسىگە
كۆيۈنۈش، جاپا-ھالاۋەتتە دائىم بىرگە بولۇش. . .
ئەگەر قايسى بىر خەلق ئۆز ئارا بىرلىكىنى يوقىتىدى-
كەن، مەن ئۇنىڭغا زۇلۇم ۋە كۈلپەت ئاتا قى-
لىمەن! . . .
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىشان ئاخۇنۇمنىڭ كۆز
ئالدىغا باشقا بىر دۇنيا نامايان بولدى-دە، ئىختىيار-
سىز ھالدا زېمىننى، ئانا تۇپراقنى سۆيۈپ تۇرۇپ
ئۈنسىز نىدا قىلدى:



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

—ئاھ، مېنىڭ بەختىم، سەن ۋە مېنىڭ خەل-
قىم!

3

بىر نەچچە پىۋا بوتۇلكىسى قالايمىقان تىزىلغان
كىچىككىنە شىرە ئۈستىگە ماغدۇرسىز ئىككى قولى
بىلەن ئاران ئېسىلغان غېرىب بىر ئەپەندى زامان
غەۋغالىرىدىن يامانلاپ، پىۋا بوتۇلكىسىنىڭ بويىنىنى
مەھكەم قامالاپ، كۆزلىرى ياشلانغان، خۇداغا تاش-
لانغان ھالدا ھەسرەتلىك نىدا قىلدى:
—ئاھ تەڭرى! بۇ تەڭسىز جاھانغا مېنى نېمىش-
قىمۇ ياراتقانسەن؟ ! ئەقلىمنى بىلىم نۇرلىرى بىلەن
يۇغۇرۇپ، قەلبىمنى ۋىجدان سۇلىرى بىلەن سۇغۇ-
رۇپ، كۆڭلۈمنى ۋەتەن-خەلق مۇھەببىتى بىلەن تول-
دۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھالاكىتىگە خۇشاللىق بىلەن ئىند-
تىلىۋاتقان نادان مىللىتىمگە نېمىشقىمۇ قاراتقانسەن؟
نېمىشقا مەن مۇشۇنداق نادان مىللەتنىڭ پۇشتى بو-
لۇپ قالغاندىمەن؟ ! . . .
—رەنجىمە ئىنسان، رەنجىمە،—زىيالىينىڭ
نىداسىدىن تاقىتى تۈگىگەن كەرەملىك تەڭرىدىن دەر-
ھال سادا كەلدى،—ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تۈزە، ئۆزۈڭدى-
كى ئىللەتلەرنىمۇ كۆرۈشكە يارىتىلغان سىنىڭدىكى
كۆز. سەن بىر مىللەتنىڭ پۇشتى ئىكەنسەن، دېمەك
ئۇ مىللەت ساڭا ئاتا-ئاناڭدەك ئۆز. . . ۋەتەن ۋە مىل-

لەتنىڭ غەم-قايغۇسى مەۋج ئۇرسا ئېڭىمدا، ئادەملىك
غۇرۇر، غەيرەت ھەم شىجائەت توختاۋسىز دولقۇنلى-
سۇن قېنىمدا... ئۆلۈمدىن قورقماي مىللەت ئۈچۈن
كۆرسەتسەڭ ھىممەت، ئەۋلادىڭ تېپىپ نۇسرەت،
ھەق-ئادالەت پارلىغاي ئوتتەك تېنىمدا!...

تەڭرىنىڭ ساداسىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن زىيالىي ئېغىر قەدەملىرىنى جاسارەت بىلەن يۆتكەپ قاۋاقخانا ئالدىغا چىقتى ۋە ئۆزىنى "مەرھابا ئوغلۇم!" دەپ كۈتۈرۈپ تۇرغان ئانا تۇپراقنى كۆر-دى-دە، دەرھال تىزلىنىپ چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆ-يۈپ تۇرۇپ نىدا قىلدى:

— ئاھ! مېنىڭ بەختىم، سەن ۋە مېنىڭ خەلقىم!

4

دەۋر ئاتا قىلغان ھەشەمەتلىك بەخت-سائادەتتىن يېرىم مەست بولغان مۆھتەرەم باشلىق خۇدا بەردى ئاستا-ئاستا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يۈرەك-باغرى قاتتىق سىيرىلىپ، ئىچ-ئىچىگە ئۇلۇغ بىر تىنىپ، نېمىشقىدۇر بۈگۈن ئۇلۇغ تەڭرىنى ئۆ-زىگە ئەڭ يېقىن بىلىپ، ئىلتىجا قىلدى مۇنداق ئۈن سېلىپ:

— ئەي تەڭرى، ئۆزۈڭ پاك ئىلاھ بولغاچقا تى-لەيمەن شۇنى كۆزۈم ياشلىق، بەكمۇ لايىق كېلەتتى



ماڭا شاھلىق! ئايىغىمغا باش قويۇپ خىزمىتىمنى
قىلىسكەن جىمى باشلىق!...
— مەقسىتىڭ ماڭا ئايان ھەي ھاماقەت! —
تۈيۈقسىز كەلگەن تەڭرىنىڭ ساداسى، باشلىق خۇدا
بەردىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — بەرگەن ئىدىم بىر
چاغ ساڭا ئەقىل-پاراسەت، ئەپسۇس سەن يۈرگۈزدۈڭ
ئۆز قەۋمىڭگە جەبىر-جاھالەت، دىلىڭدىن ئۆچتى ۋە-
تەن-خەلقىڭگە يۈكسەك ساداقەت... شۇنداق قىلساڭ
باسىدۇ سېنى نەس ھەم پالاكەت، شۇندىمۇ بولمىسا
سەندە ئۆز خەلقىڭگە مېھرى-مۇھەببەت، ئاخىر كۈتۈ-
ۋالىدۇ سېنى ئەڭ چوڭ ھالاكەت!...
تەڭرىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان باشلىق خۇدا بەر-
دىنىڭ كېلەڭسىز بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى، ئە-
قىل، ھوشى بولسا — شەيتان بۇلغىۋەتكەن ۋىجدانىنى
سۆزسىز سوراقلاپ تارىخنىڭ ھەقىقەت دارىغا بوغۇپلا
ئاستى... بۇنىڭغا ئىگراپ تاشلىغان باشلىق خۇدا
بەردى زۇۋانىنى يەنە بىر قېتىم تەلمۈرۈپ ئاچتى:
— ئەي تەڭرى شەپقەتلىك پەرۋەردىگار! مەن ئا-
دەم بولاي، ماڭا بىر سۆز قالدۇرۇپ قوي يادىكار!
... تەڭرىدىن مۇنداق سادا كەلدى:
— ئادەم ئۈچۈن ئادەمدەك ياشاش تەستۇر، ئادەم-
دەك ياشىمىغانلارنىڭ كۆڭلى پەستۇر، ئاۋام خەلقە-
نىڭ نەپرىتىگە قالساڭ، ئاقىۋىتىڭ نەستۇر!

تەگرىنىڭ ئۇشبۇ ساداسىدىن قاتتىق بىر شۇركەنگەن باشلىق خۇدابەردى كۆزىنى ئېچىۋىدى، ئۇزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن قەدىمكى بىر يۇرتنى كۆردى ۋە دەرھال تىزلىنىپ، ئانا تۇپراقنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئىدا قىلدى:

— ئاھ. . . مېنىڭ بەختىم، سەن ۋە مېنىڭ خەلقىم!

5

كەرەملىك ئاللا مۇبارەك نەزەرىنى زېمىنگە ئاغدۇرغانىدى، ئۇزىنىڭ بىر توپ بەندىسىنىڭ زار-زار يىغلىشىپ، ئاللىكىملەرگە تەلمۈرۈپ، تىلەمچىلىك قىلىۋاتانلىقىنى كۆردى ۋە تەئەججۈپ بىلەن ئۇلاردىن سورىدى:

— ئەي بەندىلىرىم! سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ مەن ئەسلى تىلەمچىلىك قىلىشنى نەھيي قىلغانمۇ؟!

ئۇلار دەرھال جاۋاب بېرىشتى:

— بىزنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشىمىز پەقەت جان بېقىش ئۈچۈن.

تەگرى سورىدى:

— سىلەر كىمدىن سەدىقە تىلەۋاتىسىلەر؟

ئۇلار جاۋاب بەردى:

— ئادەمدىن!



تەگرى سورىدى:

— سىلەرمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟

ئۇلار ئۇندىمەي جىم تۇرۇۋشتى.

تەگرى خىتاب قىلدى:

— ئەي ئەزىز بەندىلىرىم! ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار خار قىلماڭلار ئۇنداق. . . قولۇڭلاردىكى ئالتۇن تاۋاق، ھەم بايلىقىڭلار ئەمەسمۇ ئانا تۇپراق؟!

ئۇلار تەگرىنىڭ ئۇشبۇ ساداسىدىن تولىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا يەرگە قارىغانىدى، ئۆزىنىڭ تاپىنى ئاستىدا يەنجىلىپ تۇرغان ئۆزگە تەئەللۇق غايەت زور بەختنى كۆردى. . .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# نورۇز ھەققىدە رىۋايەت

—زېمىن قىز بىلەن نورۇز يىگىتنىڭ
مۇھەببەت ھېكايىسى
(نەسىر)

دىلنۇر ئابلىز

بۇ رىۋايەتنى ماڭا مومام ئېيتىپ بەرگەنىدى،
مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي. بۇ بىر تەۋەررۈك بو-
لۇپ قالغۇسى.

ئاللا ئىگەم ئۈزۈن زامانلار ئىلگىرى زېمىن
قىزنى ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلىنىش ۋە ئۇنىڭ
تۈگىمەس نېمەتلىرى بىلەن پۈتكۈل ئالەمگە ئۆز قۇد-
رىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ياراتقانىكەن. بۇ قىز
گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، لاتاپەتتە يېگانە ئىكەن. ئۇ-
نىڭ بىر جىلۋىسى ئالەمنى ئاجايىپ بىر سېھىر بىلەن
پەردازلاپ بېزەۋېتىدىكەن ھەم ھەر جاننى ياشارتىپ،
يۈرەكلەرنى قانداقتۇر بىر لەززەت ئىلكىدە يايرىتىپ،
ئۇخلىغان ھېسلارنى ئويغىتىدىغان پەرىشتە ئىكەن.



لېكىن زېمىن قىز باشقىلارغا زوق بېرىپ جانلىرىنى
يايراتقىنى بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى يايرىتىدىغان جۈپتى
بولمىغاچ، بارا-بارا جۇدەپ ئاخىر قۇرۇق ئۇستىخان
بولۇپ، چاچلىرىمۇ ئاقىرىپ، چىرايلىرى سارغى-
يىپ، يۈرىكىمۇ مۇزلاپ، تېنى سوۋۇپ خار تۇپراققا
ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئاللا ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئېچى-
نىپ، ئۇنىڭ باغرىنى ئىللىتىپ، قايتىدىن ھوشىغا
كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ھارارەتلىك ئاتەش قۇياشنى
يارىتىپتۇ. قۇياش ئاتەش نۇرلىرىنى زېمىن قىزغا
ئايماي سېپىپتۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئىللىماپتۇ، ھەتتا
قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. قۇياشمۇ نۇر چېچىپ كەچلىرى
ھاردۇقتىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئاللا يەنە ئاينى، يۇل-
تۇزلارنى يارىتىپتۇ. ئاينىڭ جۇلالىق نۇرلىرىمۇ،
شوخ يۇلتۇزلارنىڭ چاقچاقلىرىمۇ ئۇنىڭ توڭلىغان،
تولماي قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولغان دىلىنى يورۇتال-
ماپتۇ، ئويغىتالماپتۇ.

ئاللانىڭ بۇ ئىشتىن بېشى قېتىپتۇ. ئاخىر ئۇنى
باشقا بىر يول بىلەن ئويغاتماقچى بولۇپتۇ-دە، تەبىئەت-
نىڭ كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن ۋاقىت-سائەتلىرىدە
نورۇز ئىسىملىك بىر قاۋۇل مەردانىنى ئاپىرىدە قىپ-
تۇ. ئۇ روھتىن تۆرەلگەن مۇھەببەت مۇئەككىلى ئى-
كەن.

رىۋايەت دېيىشىچە، رىۋايەتلەردە مۆجىزىلەر كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈز بېرىدىكەن، نورۇز يىگىت يارىلىپ تۇنجى قېتىم زېمىن قىزنىڭ ھۇزۇرىغا مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن يېتىپ كېلىشى ھامان زېمىن قىز بىر شېرىن مۇھەببەت شەپىسىدىن قاتتىق تەشنالىقتا ئويغىنىپتۇ ۋە نورۇز يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق-بىقارار بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىراشلا ياسىنىشقا باشلاپتۇ. ئۆز قەلبىنى قارلىغاچلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى بىلەن ئىزھار قىپتۇ. نورۇزمۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئاشىق بولۇپتۇ. ئۇلار شۇنداق يۇغۇرۇلۇپتۇكى، ھاي-ھاي! زېمىن قىزنىڭ توڭلىغان ۋۇجۇدى ئىللىپ، باغرىدا نورۇزنىڭ ئىللىق مېھرى ئېقىپتۇ. زېمىن باغرىدا چوغلۇق، قىزىل گۈللەر ئېچىلىپ ئۇلارنىڭ مۇھەببەت شەربىتىدىن قىزارغان ئاتەش رەڭ لېۋىنى نامايان قىپتۇ.

زېمىن قىزنىڭ نورۇزنىڭ بويلىرىغا چىرماشقان سۇمبۇل چاچلىرى بوستانلار ئارقىلىق، تولغان كۆكسى چوققىلار ئارقىلىق، يۇمشاق باغرى چىمەنلەر ئارقىلىق، كۈرمىڭ خىل ناز-كەرەشمىلىك جىلۋىدار يۈزى گۈلزارلار ئارقىلىق نامايان بولۇپ، جاھانغا مەغرۇرانە ھالدا جۇلالىق ھۆسنىنى ئېچىپ بېقىپتۇ.

ئۇ يار ۋەسلىدىن مەستخۇشلۇق ئىلكىدە تولغىنىپ، تومۇرىدا ئاققان سۇلار كۆۋەجەپ پەلەككە دولقۇن ئېتىپتۇ. كۆك ئۇلارغا قاراپ ھاياجاندا ئىككى



تامچە ياش تۆكۈپتۇ. بۇ ياش ئەمەس، كۆكنىڭ ئۇلارغا سوۋغا قىلغان بىر جۈپ گۆھىرى ئىكەن. ئۇلار رەھمەتلەر بىلەن ئۇنى بويىنىغا ئېسىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يۈكسەك مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتتىن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ ئالەمگە تېخىمۇ گۈزەل تۇس بەخش ئېتىپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى ۋىسال تېپىپ، ئاشۇنداق شېرىن مۇھەببەت شارابىغا قېنىشىپ بىللە ئۆتۈپ بىر پەسىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ، زېمىن قىز تېخىمۇ تولۇپ، ياشناپ ۋايىغا يېتىپتۇ. يەنە بىر پەسىل كەپتۇ. زېمىن قىز تېخىمۇ ۋايىغا يېتىپ، باغرىدىكى ئالما، ئانار، نەشپۈت، ئۈزۈملەر شىرنە يىغىپ پىشىپتۇ. ئاشىقلارنىڭ ۋىسال پەيتى كارامىتىدە ھوسۇللاردىن تاغ ياسىلىپ، پۈتكۈل جانلىق شادلىق ناۋاسىغا چۈشۈشۈپتۇ. بىراق ھەر ئاشىقنىڭ ھىجران پەسلى بولىدىكەن. ئاللا ھەم باقىي ئالەمنىڭ ھەم پانىي ئالەمنىڭ تەڭرىسى بولغاچ، نورۇزسىز باھارى كۈلمەي، ھايات گۈللىرىنى ياشنىتالمىغان باقىي ئالەمدىكى جانلىقلارنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى، باھارغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نورۇز يىگىتنى ھەر يىلى بىر پەسىل باقىي ئالەمنى گۈللەش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپتۇ. ئۇلار ھۆشقىتىپ ياش تۆكۈشۈپ ئايرىلىپتۇ. زېمىن قىز ھىجران ئازابىغا چىدىماي چاچلىرىنى يۇ-

لۇپ، نالە قىلىپ يىغلاپتۇ. نورۇز يىگىتمۇ ئەلەم بىلەن ئازابلىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە كېتىپتۇ...

زېمىن قىزنىڭ بارا-بارا ھايات گۈللىرى سولۇپ، سارغىيىپ ھەتتا تۆكۈلۈپ، ئىللىق باغرى ھىجران دەھشىتىدىن قايتا مۇزلاپ، بىھوشلىنىپ يەنە قېتىپ قاپتۇ، ھۆسنىمۇ يوقىلىپتۇ.

شۇندىن بېرى، ھەر يىلى زېمىن قىز كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكىنىدە، نورۇز كەلگىنىدىلا ئاندىن ھوشىغا كېلىپ ئۆز ھۆسنىگە تولۇپ، پانىي ئالەمدىكى پۈتكۈل جانلىقنى مانا مۇشۇنداق ۋىسال شەربىتى بىلەن كۈلدۈرىدىكەن. نورۇز كەتكىنىدە تەبىئەتنىڭ زىمىستان كۈنى ھاسىل بولۇپ، ئىللىق يۈرەكلەرنى مۇزلىتىدىكەن...

رىۋايىتىمنى ئاڭلىدىڭلار، نورۇز كېلىپ زېمىن قىز ئۆز ھۆسنىگە تولۇپ توڭلىغان قەلبى، مۇزلىغان تېنى ئىللىغىنىدا بىزنىڭمۇ قەلبىمىز باشقىدىن ئىللىپ، سۆيگۈ ئوتلىرىمىز يېلىنجاپ جانانلىرىمىزنى كۈتىمىز، سۆيگۈ شەربىتى ئىچىشىمىز.

... مانا نورۇز كەلدى، نورۇز بىلەن زېمىن قىز دىدارلاشقان خاسىيەتلىك كۈنمۇ كەلدى. ئۇلارنىڭ يۈرەك-باغرى ۋىسال قۇچىقىدا مەست بولغان بۇ شېرىن مىنۇتتىن بىزمۇ جانانلىرىمىز بىلەن لەززەت ئالماقتىمىز، شۇ تاپتا زامان ئاشىقلىرىنىڭ قۇچاقلى-



رىمۇ بوش ئەمەس...

ئەنە نورۇز يىگىت كېلىش بىلەنلا ساھىبجامال يارىغا بىتاقەت بولغان يۈرىكىدىن سۆيگۈ ئۈنچىلىرىنى چاچتى:

— مەن كەلدىم، مەن كەلدىم، تېزراق ياسان گۈزىلىم، تېزراق تاران، ئىشىكىڭنى ئاچ، ئىللىق باغرىڭنى ئاچ...

— ئېھ زامان ئاشىقلىرى، شۇ تاپتا سىلەرمۇ يارىڭلارنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاۋاتقانسىلەر...

(ئاپتور: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

# ئادەم مەڭگۈ تۈنۈگۈنكى كۈندە ياشاۋەرمەسلىكى كېرەك

ياپونىيىنىڭ دېچۈەن مۇفۇ زامانىسىدا، كۆيتەن چېڭجىز ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر قېتىم ئەڭ يېڭى پاسوندىكى پىچاقتىن بىرنى سېتىۋاپتۇ-دە، كۆڭلىدە ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى بەزىبىن لۇڭخۇ دېگەن كىشىگە كۆرسىتىپ ماختىنىپتۇ. لېكىن لۇڭخۇ ئۇنىڭغا: "سىز نېمىشقا بۇ پىچاقنى ئالدىڭىز؟" دەپتۇ-دە، يېنىدىن ئۆزىنىڭ پىچىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ، ھەم "سىزنىڭ بۇنداق پىچىقىڭىزنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەن" دەپتۇ.

چېڭجىز ئۇنىڭ گېپىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ-دە، لۇڭخۇنىڭ پىچىقىغا ئوخشايدىغان پىچاقتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى لۇڭخۇغا كۆرسىتىپتۇ. لېكىن لۇڭخۇ: "ئۆتكەن قېتىم مەن سىزگە كۆرسەتكەن پىچاق ھازىر ئەسقاتماس بولۇپ قالدى" دەپتۇ-دە، يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندە، لۇڭخۇ چېڭجىرغا مۇنداق دەپتۇ: "بۈگۈنكى جەمئىيەتتە قارال-ماھارىتىنىلا بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، سىز تارىخىي كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇڭ."

تۆتىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە، لۇڭخۇ دەپتۇكى: "خەلقئارا ئومۇمىي قانۇن تولىمۇ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىكەن، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى قوللىنىۋاتىدۇ، مەنمۇ ئاشۇ قانۇننى تەتقىق قىلىۋاتىمەن."

دېمەك ئادەتتىكى كىشىلەردە ھازىرقى ھالەتكە شۈكۈر قىلىدىغان ئادەت بار. لېكىن، دەۋر ئېقىمى ئىزچىل تۈردە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، سىزنىڭ مەڭگۈ تۈنۈگۈنكى كۈندە ياشىشىڭىزغا باقمايدۇ، ھەر بىر كىشى كۈندىن-كۈنگە بىلىمىنى يېڭىلىشى، يېڭى شەيئىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشى لازىم.

(ئىدرىس بارات تەييارلىغان)



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلار ھازىرلىغان 12 خىل سۈپەت

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ
چىقىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، كىشىلەر ”كىشىنى مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان
ئىندىۋىدۇئاللىق ياكى ئىندىۋىدۇئاللىق گۇرۇپپىسى“
دېگەن نېمىنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشەن-
مەكتە. كىشىلەر يەنە شۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەكتىكى،
دەل مۇشۇ كىشىلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بەزى-
لەرنى ئۆز كەسپى ساھەسىدە نوچىلارغا ئايلاندۇردى،
يەنە بەزىلەر بولسا، ئەنە شۇنداق خاراكتېر ئالاھىدى-
لىكىنىڭ بىر خىلى ياكى بىرنەچچە خىلى كەمچىل
بولغانلىقتىن، جان تىكىپ كۆرەش قىلىپمۇ مۇۋەپپە-
قىيەتكە ئېرىشەلمەي، پوچىلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى.

مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئالىملىرى يەنى ئەنە شۇ
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلارنىڭ قانداق قىلىپ مۇ-
ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىگە قىزىققان پسىخولوگلار
ۋە قىلمىششۇناسلار—نۇرغۇن جەھەتتىن تەكشۈرۈش
ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلارنىڭ



ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ماتېرىياللىرىنى توپلاپ ۋە
تۈرلەرگە ئايرىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ھەربىر
مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ خاراكتېرىدە تەبىئىي
ھالدا كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى 12 خىل سۈپەتنىڭ
ھازىرلانغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچە
جەھەتتە ئىپادىسى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئى-
كەنلىكىنى بايقىدى.

(1) ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش، كىشىلىك جەم-
ئىيەت، قىسقىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرى
توغرىسىدا ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك ساۋاتقا ئىگە بول-
غان. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك
ئىشلار توغرىسىدا توغرا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھۆكۈم
چىقىرالىغان.

(2) ئۇلار مەلۇم بىر ساھەگە ئائىت كەسپىي
بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ كامالەتكە يەتكەن. يىللىق
مائاشى ئالتە خانىلىق سانغا يەتكەن بىر مۇتەخەسسىس
مۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئىشلەتكەن ئۇسكۇنىلەرنىڭ نېمە
ئۈچۈن شۇنداق ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلىشىم مېنىڭ
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرىمنىڭ بىر قىسمى.“

(3) ئۇلار ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئۆزىنىڭ ئەقىل-
پاراسىتىگە ۋە ئىقتىدارىغا تايانغان، بۇ تەرەپ ئىككى
تەركىبىي قىسمىنى يەنى ئۆز-ئۆزىگە نىشان تۇرغۇ-
زۇش ئىقتىدارىنى ۋە ئىرادە كۈچىنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ.

(4) ئۇلار ياخشى ئەقلىي سەۋىيىگە ئىگە. بۇ-نىڭدا ئىرسىيەت ئامىلىنىڭ تەسىرى بار، ئەلۋەتتە. لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار كېيىنكى تەربىيىلە-نىشكە ۋە تىرىشچانلىققا تايانغان، چۈنكى، ئەقلىي قۇۋۋەتنى هاسىل قىلىدىغان تۆت ئامىلنىڭ ھەممىسى كېيىنكى چېنىقىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ياخشىلى-نىپ ۋە كۈچىيىپ بارىدۇ. بۇ تۆت ئامىل مۇنۇلار: ئىنتايىن يۇقىرى ئەقىل دەرىجىسى؛ مول سۆز بايلى-قى؛ ياخشى ئوقۇش ماھارىتى؛ ياخشى ئىپادىلەش ماھارىتى.

(5) ئۇلار مەلۇم خىزمەتنى ئورۇنداشتا ئىنتا-يىن يۈكسەك ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇ، ياخشى تەشكىل-لەش ئىقتىدارىنى، ئۇنۇملۇك ئىشلەش ئادىتىنى، جاپالىق ئىشلەش ۋە ئىجتىھات بىلەن تىرىشىشنى خا-لايدىغان روھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(6) رەھبەرلىك ئىقتىدارى. بۇ ئىقتىدار يال-غۇز قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرۇشنىلا ئەمەس، بەل-كى تېخىمۇ مۇھىمى قانداق قىلىپ قول ئاستىدىكى-لەرنى رىغبەتلەندۈرۈشنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

(7) ئىنتايىن كۈچلۈك ئىجادىي كۈچ. ئىجادىي كۈچنىڭ ئىككى كېلىش مەنبەسى بار: بىرى، شەخ-سىي قابىلىيەت — بىلىم زاپىسى؛ يەنە بىرى، كۆزى-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىش ئىقتىدارى ۋە ياخشى بولغان بىۋاستە سېزىم ئىقتىدارى.

(8) ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى كۈچلۈك ھەق-ناھەق تۇيغۇسىغا ئىگە. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئېتىقادى بار، ئەخلاق تۇيغۇسى ناھايىتى كۈچلۈك.

(9) ئۆزگىچە بولغان ئىشەنچ. ئۆزگىچە ئىشەنچى كامىل كىشىلەر بىر ئېنىق نىشانغا قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ئۆزگىچە ئىشەنچنىڭ كامىل بولۇشى بىر تۈرلۈك ئەقلىي سۈپەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنى قارىغۇلارچە قارامىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلمايدۇ، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلغۇزىدۇ.

(10) ئاغزاكى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ياخشى ئىقتىدار. بۇ خىل ئىقتىدار مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى-لارنى ئوڭۇشلۇق ئىشلەش ۋە تۇرمۇشتا ئۇنۇملۇك ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

(11) كۆيۈمچانلىق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلار-غا ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ، ئۇلار ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈنلا شادلىنىپ، قايغۇرۇپ يۈرمەستىن، بەلكى باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى بەخت ھېسابلايدۇ.

(12) مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئومۇمەن تەلەيلىك كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلار شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، بۇنداق تەلەينىڭ ئوڭدىن كېلىشى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 11 خىل سۈپەتنىڭ ئىنئامى: مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتلەرنى بايقاش ھەم ئۇنى تېزلىكتە تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.



# مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ 15 تۈرلۈك "ئالتۇن تېئورېمىسى"

سىز ئۆمۈر بويى كۆزلىگەن تۈرلۈك ئىشلىرىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، تۆۋەندىكى 15 ماددىغا ئەمەل قىلىڭ:

1. "ئېنىق نىشان". ئۇنى بېكىتسىڭىز، سىزنى ھەيران-سەيرانلىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كۆڭلىڭىزنى ياخشى نەتىجە بېرىدىغان ئۆمۈرلۈك ئىشقا قارىتىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

2. "ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچ". ئۇنى تۇرغۇزسىڭىز، سىزنىڭ "نامراتمەن، كېسەلچانمەن، ياشىنىپ قالدىم، تەنقىدكە ئۇچرارمەنمۇ، مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولارمەنمۇ، ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ" دەيدىغان ئالتە تۈرلۈك ھەسرەت ۋە قورقۇشنى يېڭىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

3. "پۇل ئامانەت قويۇش ئادىتى". ئۇنى يېتىلدۈرسىڭىز، سىزنىڭ كىرىمىڭىزنى سىستېمىلىق كونترول قىلىدۇ.

4. "ئالغا ئىنتىلىش روھى ۋە رەھبەرلىك ئىق-

تىدارى“. سىزدە مۇشۇنداق روھ ۋە ئىقتىدار بولسا، ئۇ سىزگە ئۆزىڭىز شۇغۇللانغان ئىشلاردا بىر ئەگەشكۈچى ئەمەس، بەلكى سەركەردە بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ سەركەردىلىك ئىقتىدارىڭىزنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ياردەملىشىپ، سىزنى پەيدىنپەي ئۆز ئىشلىرىڭىزنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىرىدۇ.

5. ”تەسەۋۋۇر كۈچى“. ئۇ سىزنىڭ ئىدىيىڭىزنى غىدىقلاپ، سىزدە يېڭى ئوي-پىكىر، يېڭى پىلانلارنى پەيدا قىلىدۇ ھەم سىزنىڭ ”ئېنىق نىشان“ىڭىزغا يېتىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇ سىزگە قانداق قىلىپ كونا، ھەممىگە ئايان بولغان ئۇقۇمدىن يېڭى مۇددىئا بەرپا قىلىشنى، شۇنداقلا كونا ئىدىيىدىن يېڭى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تۈگىمەس-پۈتمەس بىلىم كانىدۇر.

6. ”تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق“. ئۇ، سىز بىلەن ئۇچراشقانلىكى كىشىلەرنى سىز توغرىسىدا ۋە سىزنىڭ ئوي-خىياللىرىڭىز توغرىسىدا ناھايىتى زور قىزىقىش پەيدا قىلىپ، سىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ”قىزغىنلىق“ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ ئاساسى، ھالبۇكى سىز ئۇنىڭغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىز



بىلەن ھەمكارلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيسىز.

7. ”ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى“ ئۇ، ”تەڭپۇڭلۇقنىڭ چاقى“، سىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ قىزغىنلىقىڭىزنى تىزگىنلىيەلەيسىز ھەم ئۆز قىزغىنلىقىڭىزنى ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان نىشانغا قارىتالايسىز، ئۇ سىزگە ”تەقدىرنىڭ خوجايىنى، روھىي دۇنيانىڭ كاپىتانى“ بولۇشنى ئۆگىتىدۇ.

8. ”جاپاغا، دەردكە چىداپ ئىشلەش، ھەق جوداسى قىلماسلىق“. ئۇ سىزگە قانداق قىلىپ ”ھاسىلاتنى كۆپەيتىش پرىنسىپى“دىن پايدىلىنىشنى، ئۆزىڭىز تەمىنلىگەن مۇلازىمەتتىن نەچچە باراۋەر ئارتۇق مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر سىز ”جاپاغا، دەردكە چىداپ ئىشلەش، ھەق تەلەپ قىلماسلىق“ ئادىتىنى يېتىلدۈرمەي، ”ئالغان ھەققە چۇشلۇقلا ئىش قىلىمەن“ دەپ يۈرسىڭىز، مەڭگۈ ئۆزىڭىز شۇغۇللانغان ئاشۇ كەسىپنىڭ رەھبىرى بولالمايسىز.

9. ”كىشىنى جەلپ قىلىدىغان مىجەز“. ئۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پىشاڭىنىڭ تايانچ نۇقتىسى. سىز ئۆز تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ ”قوپارغۇ“سىنى مۇشۇ تايانچ نۇقتىغا قويۇشىڭىز كېرەك. ئاندىن كېيىن ئەقىل-پاراسىتىڭىز شۇنىڭغا ماسلىشىپ كەلسە، دۇچ كەلگەن ھەر قانداق توسالغۇلارنى يېڭەلەيسىز. مانا مۇشۇ دەرس بىر كېچىدىلا بىر مۇنچە سەركەردىلەرنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرپا قىلالايدۇ. ئۇ سىزگە قانداق قىلىپ مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتىشنى ئۆگىتىدۇ، شۇنداق قىلسىڭىز، سىز ھەر قانداق مۇھىتقا ياكى ھەر قانداق ئادەمگە ماسلىشالايسىز، مۇشۇ ئاساستا، سىز ئاسانلا بىر رەھبەر بولۇپ قالىسىز.

10. ”توغرا ئىدىيە“. ئۇ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مۇھىم ئۇل تېشى. ئۇ سىزگە قانداق قىلىپ ”خەۋەر ۋە ماتېرىياللار“ ئىچىدىن ”پاكىت“نى تېپىشنى، قانداق قىلىپ ئايان بولغان پاكىتلارنى ”مۇھىم“ ۋە ”مۇھىم ئەمەس“ دېگەن ئىككى خىلغا ئايرىشنى؛ قايسىسىنىڭ ”مۇھىم“ پاكىت ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرۇشنى؛ قانداق قىلىپ ”پاكىت“لار ئىچىدىن ئېنىق خىزمەت پىلانى تۇرغۇزۇشنى ئۆگىتىدۇ.

11. ”يەكدىللىك“. ئۇ سىزگە قانداق قىلىپ دىققەت نەزەرىڭىزنى بىر ئاساسىي مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇ ئاساسىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى، قانداق قىلىپ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى، ئۇلارنىڭ بىلىمىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ پىلانىڭىزنى ۋە نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

12. ”ھەمكارلىق روھى“. ئۇ سىزگە ”بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش“نىڭ قىممىتىنى كۆرسىتە-



دۇ، باشقىلار بىلەن ئازارسىز ھەمكارلىشىشنى ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈركىلىش، ھەسەتخورلۇق، جېدەل-ماجىرا، زوقلىنىش ۋە ئاچكۆزلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىپ، ئۆز ئىشلىرىڭىزنى روناق تاپقۇزۇشنى ئۆگىنىۋالىسىز.

13. ”مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى“. ئۇ سىزگە قانداق قىلىپ ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرى ۋە مەغلۇبىيىتىنى پۇتىڭىز ئاستىدا ئۇل تاش قىلىشنى ھەمدە ”مەغلۇبىيەت“ بىلەن ”ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىق“نىڭ پەرقىنى ئايرىشنى ئۆگىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ سىزگە قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن تەجرىبە-ساۋاق ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ.

14. ”باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش“. ئۇ سىزگە قانداق قىلىپ ئاداۋەت تۇپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان بالايى-قازا ئاقىۋەتلىرىدىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىدۇ. ”ئىچى تارلىق قىلىش“ بىلىم كىتابىنى يېپىپ قويۇپ، مۇقاۋىسىغا ”تامام بولدى، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم“ دەپ يېزىپ قويغانغا باراۋەر. ئىچى تارلىق ئەسلىدىكى دوستلارنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ، ياخشى پۇرسەتلەرنى قولىڭىزدىن كەتكۈزىدۇ، كاللىڭىزنى گۇمان، ئىشەنمەسلىك ۋە ئاداۋەت بىلەن ئايلاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

15. "ئالتۇن تېئورېمىنى يولغا قويۇش" سىزگە ئىنسانلار قىلمىشىغا ئائىت ئۇلۇغ قانۇنىيەتلەرنى قانداق تەتبىق قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇنى ئىگىلىسىڭىز، سىز باشقىلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە ياردەملىشىشىگە ئاسانلا ئېرىشەلەيسىز. "ئالتۇن تېئورېما پەلسەپىسى" ئۆزىگە ئۇل قىلغان مۇشۇ قانۇننى چۈشەنمەسلىك مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، شۇنداقلا ئاشۇ كىشىلەرنى ئۆمۈرۋايەتلىك نادامەت، نامراتلىق ۋە چۈشكۈنلۈككە مۇپتىلا قىلىدۇ.



# 13 خىل ئېسىل پەزىلەت

1. نەپسىنى يىغىش. غىزانى بەك تويغىچە يېمە، ھاراقنى مەست بولغۇچە ئىچمە.

2. كەمسۆز بولۇش. قىلغان گېپىڭ ئۆزگىگىمۇ، ئۆزەڭگىمۇ پايدىلىق بولسۇن، پايدىسىز پاراڭدىن ھەقىقىي تۇردە تىلىڭنى تارت.

3. تۇرمۇش تەرتىپلىك بولۇش. ھەر بىر نەرسىنى مۇئەييەن بىر جايغا قوي، ھەر بىر كۈندىلىك ئىشنى مۇئەييەن ۋاقىتتا قىلىپ بول.

4. بەلنى چىڭ باغلاش. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جەزمەن قىل، قىلىمەن دەپ بەل باغلىغان ئىشتىن يالتىيىپ قالما.

5. تېجەشلىك بولۇش. ۋاقىتنى زايە قىلما، ھەر سائەت، ھەر چارەكتە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىل، زۆرۈرىيىتى يوق بارلىق ھەرىكەتلەرنى تاشلا.

6. سەمىمىي بولۇش. كىشىلەرنى ئالدىما، ئىدىيىدە ئادىل، پاك بول، گەپ-سۆزىمۇ شۇنداق.

7. تىرىشىپ ئۆگىنىش. مەڭگۈ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ پايدىلىق ئىشلارنى قىل، ۋاقىتنى زايە قىلما.

8. ئادىل بولۇش. ئۆزگىگە زىيان سېلىپ، ئۆزۈڭ پايدا ئالىدىغان ئىشنى قىلما، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان، سەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەتنى ئورۇنلاشنى ئۇنتۇپ قالما.

9. ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك. ھەر قانداق ئىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلان، باشقىلار ساڭا تېگىشلىك جازا بەرسە، سەن ئۇنىڭغا سەۋرى-تاقەت قىل.

10. پاكىز بولۇش. بەدىنىڭنى، كىيىمىڭنى ۋە تۇرار جايىڭنى پاكىز تۇت.

11. تەمكىن بولۇش. كىچىككىنە ئىشلار ياكى خالىي بولغىلى بولمايدىغان ئاددىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ئالاقىزادە بولۇپ كەتمە.

12. ھايالىق بولۇش. سالامەتلىكىڭنى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنى بېقىپ قاتارغا قېتىشنى نەزەردە تۇتۇپ، جىنسىي ئىشلاردا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپ، سالامەتلىكىڭگە زەخىم يەتكۈزمە ياكى ئۆزۈڭنىڭ ياكى ئۆزگىنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى ياكى نام شەرىپىنى بۇزما.

13. كەمتەر بولۇش. ئەيسا پەيغەمبەرنى ۋە سوقراتنى دورا.

يۇقىرىقى 13 خىل ئېسىل پەزىلەت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى



بولغان فرانكلىنىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە يەكۈنلەپ چىققان تەجرىبىسى. فرانكلىن ئۆمۈر بويى ئۆز-ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، ھەتتا 13 خىل ئېسىل پەزىلەتنى ئۆزىنىڭ قىلمىش مىزانى قىلىپ، ئاشۇلارنى بىر-بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىگە تەلەپ قىلىپ قويغان.

ھاياتتا، كىشىگە ئەڭ ياخشى ياردەم شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ. فرانكلىن مۇنداق دەپ قارىغان؛ بۇ 13 خىل ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشۈم ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە ياردەم قىلغانلىقىم بولىدۇ. ئۇ ئۆز تەرجىمىھالىدا مۇنداق يازغانىدى: "مېنىڭ مەقسىتىم بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. لېكىن، دىققەت نەزەرىمنى چېچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى دەرھال ھەممىسىگە تەڭلا تۇتۇش قىلماي، بەلكى ئەڭ ياخشىسى بىر مەزگىل ئىچىدە زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر خىل ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشۈم كېرەك. بۇ خىل ئېسىل پەزىلەتكە ئادەتلەنگەندىن كېيىن، ئۇلاپلا يەنە بىر خىلنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشىم لازىم، تاكى 13 خىل ئېسىل پەزىلەتكە ئادەتلەنگىنىمگە قەدەر شۇنداق قىلىشىم كېرەك. ئاۋۋال ئېرىشكەن بەزى ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ باشقا ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ، شۇڭا مەن ئۇلارنى بىر

تەرتىپ بويىچە قاتارغا تىزىپ چىقتىم.»
يۇقىرىقىلار فرانكلىن ئۆزى ئۈچۈن بېكىتكەن 13 خىل ئېسىل پەزىلەت ۋە ئۇنىڭ قوشقان ئىزاھى.

(يۇقىرىقى ماقالىلارنى ئىدرىس بارات تەييارلىغان).



# 15 پۇل توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆز

پۇل گۇناھتىن دېرەك بېرەمدۇ ياكى خۇشاللىقتىن دېرەك بېرەمدۇ؟ پۇل ھەققىدە دۇنيادىكى ھەر خىل كىشىلەر ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىپ كەلدى. مەيلى نېمىلا دېگەن بىلەن، پۇل يەنىلا مۇھىم. قېنى ئەمدى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ پۇل توغرىسىدىكى تەبىرلىرىدىنى ئاڭلاپ باقايلى:

(1) پۇللا بولسا، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بارغىلى بولىدۇكى، پەقەت بىرلا جايغا، يەنى جەننەتكە بارغىلى بولمايدۇ؛ پۇللا بولسا، ئالىمەن دېگەن ھەر قانداق نەرسىنى سېتىۋالالايسەن، شۇغىنىسى خۇشاللىقنى سېتىۋالالمايسەن.

(2) دوستۇڭدىن پۇل سورىماقچى بولغىنىڭدا، شۇنى ئويدان ئويلىغىنكى، ساڭا پۇل لازىممۇ ياكى دوستمۇ؟

(3) يانچۇقىدا پۇلى بار ئادەم نامرات بولۇشى ناتايىن، پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئادەملا نامراتتۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(4) قانائەت پەقەت سىنىڭ پۇل تېپىش ئىقتىدارىڭ بىلەن كۆڭۈلدىكى ئارزۇيۇڭ توغرا تاناسىپ بولغاندىلا هاسىل بولىدۇ.

(5) بىر ئادەم توساتتىن باي بولۇپ كەتكەندە ياكى بىراقلا بىرمۇنچە پۇل زىيان تارتقاندا، ئۇنىڭ پەزىلىتى ئەڭ جىددىي سىناققا دۇچ كېلىدۇ.

(6) بەزىلەر پۇلنى جېنىدىن ئەزىز بىلىپ، پۇلنى دەپ هەر قانداق ئىشتىن باش تارتماي، گۇناھ ئىشلارنى، يامان ئىشلارنى قىلىدۇ. پۇل ئەكسىچە ئۇنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، كىشىلەر تەرىپىدىن ”گۇناھ مەنبەسى“ دەپ ئاتىلىدۇ.

(7) پۇل—ناهايىتى ياخشى مالاي، بىراق ناهايىتى ئەسكى خوجايىن.

(8) ئىلگىرى، ئايالLAR پۇل ئۈچۈن ئەرگە تېگەتتى؛ هازىر، ئاياللار پۇل ئۈچۈن ئەردىن ئاجرىشىدىغان بولدى.

(9) هەممەيلەن ۋاقىت—پۇل دېمەكتۇر دېيىشىدۇ. شۇنداقلا دوستلار ئارا بىر-بىرىدىن پۇل ئايىماسلىق مەردلىكى ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ. لېكىن گەپ پۇل سوراشقا بېرىپ يەتكەندە، ئۇ دوستۇڭ ساڭا ۋاقىت بېرىپ تۇرۇشنى خالايدۇ.

(10) پۇلنى خۇدا دەپ بىلگەن كىشى ئاخىر چۈشىدە ئالۋاستىنى كۆرۈپ قارا باسىدۇ.



(11) پۇل ياكى سېنى ئۆز تۇرمۇشۇڭ بىلەن تېخىمۇ زىچ باغلايدۇ، ياكى سېنى ئۆز تۇرمۇشۇڭدىن ئايرىۋېتىدۇ.

(12) پۇلنى قانچىكى كۆزگە ئىلمىغان كىشى پۇلغا شۇنچە ئاچكۆز كېلىدۇ.

(13) پۇل گوياكى ئوغۇتقا ئوخشايدۇ، ئۇنى چېچىپ تۇرمىساڭ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئەسلا كۆرەلمەيسەن.

(14) ئەگەر سەن بارلىق دوستلىرىڭنى رەنجىتەي دېسەڭ، ئەڭ ياخشى چارە: ئۇلاردىن پۇل سورا، ئاندىن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇۋال.

(15) ئاتا ئانىنىڭ بالىسىغا بېرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى پۇل ئەمەس، بەلكى مۇهەببەت.

(ئىدرىس بارات تەييارلىغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ پرىنسىپى

قىممەتلىك ماللارنى توپلىغىن، ئاندىن سودا بىلەن شۇغۇللان؛ ئەدەب-قائىدىلەرنى ياخشى ئۆگەنگىن، كېيىن كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقىن؛ باش قاتۇرۇپ پۇختا ئويلان، ئاندىن كېيىن ھەرىكەتكە كىرىشكىن، مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ پرىنسىپى.

مەرتىۋىسى يۇقىرىلار بىلەن ئارىلاشقاندا، ھەرگىز خۇشامەت قىلما؛ مەرتىۋىسى تۆۋەنلەر بىلەن ئارىلاشقاندا، ھەرگىز ھاكاۋۇرلۇق قىلما، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن يارامىلىق ئادەم بولالايسەن.

بىرەيلەن سورىدىكى: ”ئالىيجانابلار ئەخلاق-ئىلىم جەھەتتە تاكامۇللاشسىلا كۇپايىغۇ، يەنە نېمىشقا ئۆز ئارا ئالاقە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ؟“ ئاقىل جاۋاب بەردىكى: ”ئاسمان-زېمىن بىر-بىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ، كائىناتنى بەرپا قىلدى؛ كىشىلەر ئەخلاق بىلەن ئالاقە قىلىپ، تۆھپىلەرنى بەرپا قىلدى. نېمىشقا ئالاقە قىلىشنى چەكلەپ، تاكامۇللىشىش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالىدىكەنمىز؟“



# زامانىمىزدىكى بىر دادىنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى

1992-يىلى ئامېرىكىدا كەڭ بازار تاپقان «تۇرمۇشىڭىزغا كىچىككىنە مەسلىھەت» ناملىق كىتابتا: دادا بولغۇچى خ. جېكسون راۋنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا تۇرغان ئوغلىغا بەرگەن 511 تۇرلۇك نەسىھىتى بايان قىلىنىدۇ، بۇ ماقالىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى گېرمانىيىنىڭ «رەڭدار» ناملىق رەسىملىك ژۇرنىلىدىن ئۇنىڭ بەزى ماددىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ كىتابخانلارغا سۇندى، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ماشىنىنىڭ ئەڭ ئەرزىنىنى سېتىۋال؛ ئۆيىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سېتىۋال— ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭ يار بەرگەن ئەھۋالدا.

2. دوستلۇرۇڭنى تاشلىۋەتمە.

3. قىز دوست تاللىغاندا قاتتىق ئېھتىياتچان بول، چۈنكى ئۇ سېنىڭ بۇندىن كېيىن بەختلىك بولۇش-بولماسلىقىڭدا 90 پرسەنت رول ئوينايدۇ.

4. ھەر كۈنى 30 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ پىيا-

دە يول يۈر.

5. بىرەر دوستۇڭغا بىرەر مەخپىيەتلىكىڭنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال تەكرار ئويلان.

6. ئىش ھەققىڭنى بېرىدىغان كىشىنىڭ ھەرگىز يامان گېپىنى قىلما.

7. ئەبەدىي ھۆل يەرگە دەسسىمەيدىغان ئادەملەردىن كۆپ ئېھتىيات قىل.

8. بالىلىرىڭ ئادىللىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ئېسىل پەزىلەت ئۈستىدە ئويلانغىنىدا دەرھال سېنى ئېسىگە ئالالايدىغان بولسۇن.

9. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى راستچىللىق، گۈزەللىك، پاكلىقنى پەرق ئېتىشنى بىلىۋال.

10. ئۆزۈڭنى ۋە باشقىلارنى كەچۈرۈشنى بىلىۋال.

11. بىر يىل ۋاقتىڭنى سەرپ قىلىپ، بىرەر پارچە كلاسسىك ئەسەرنى ئوقۇپ چىق.

12. جىددىي قۇتۇلدۇرۇش چارىلىرىنى ئۆگىنىۋال.

13. بىرەر كىشى سېنى ئۆز قوينىغا ئالاي دېگىنىدە، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويما.

14. ھەر كۈنى ئالتە ئىستاكان سۇ ئىچىپ تۇر.

15. سېنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەرنىڭ غېمىنى يېيىشنى بىلىۋال.



16. ھەر قانچە زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭمۇ، ھېيت-بايراملاردا ئامال قىلىپ ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن بىرگە بول. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ خىل ئەسلىمە بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىدۇ.

17. سىرتقا ساياھەتكە چىققىنىڭدا، ھەميانىڭغا ئىسىم-فامىلەڭ، تېلېفون نومۇرىڭ، دوستلىرىڭنىڭ تېلېفون نومۇرى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىڭ پۈتۈلگەن بىرەر كارتوشكا سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇما.

18. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىنىڭدە، تىنچ ئولتۇرۇپ ئۆزۈڭنى بېسىۋالالىغىنىڭ-بېسىۋالالمىغىنىڭ ئۈستىدە، سالامەتلىكىڭ ئۈستىدە ۋە قىزغىنلىقىڭنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان-تۇرمىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆر.

19. ھەر يىلى باھاردا بىرەر تۈپتىن جىرىم تىكىپ قوي.

20. ئېسىڭدە بولسۇنكى، نىكاھ ئاساسىنىڭ ياخشى بولۇشى مۇنداق ئىككى تەرەپكە باغلىق: (1) ياخشى ھەمراھ تېپىش؛ (2) ئۆزى ياخشى ئادەم بولۇش.

21. تۇغقانلىرىڭ، ئائىلەڭ ۋە بالىلىرىڭنى ئەيىبلىمەكچى بولغىنىڭدا، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىش ئېسىڭدە بولسۇن.

22. ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىڭگە ئېلىپ پۇشاي-

www.uyghurkitap.com

مان يېمەكچى بولغىنىڭدا، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىڭدى-
كى ئىشلارنى ئويلاشقا جۈرئەت قىل.

23. ئۆزۈڭچە بىرەر بۈيۈك ئەقىل تاپتىم دەپ قارىغىنىڭدا، ئۇنى ھەرگىز باشقا پارچە-پۇرات ئىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتما.

24. ھېسسىياتىڭنى بېسىۋېلىشقا ماھىر بول.

25. ئائىلە ئاساسىڭنى ھەر كۈنى ئاز-تولا ئەمەلىي ئىش قىلىش يولى بىلەن مۇستەھكەملە ۋە ياخشىلاپ بار.

26. كىشىلەرنى قارىسىغا تەنقىد قىلما، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا.

27. بىرەر جۈملە دوستانە سۆزنىڭ ياكى بىرەر ياخشى ئىشنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قارىما.

28. باشقىلارغا ياخشى گەپ قىلغىنىڭدا، بالدىلىرىڭمۇ ئۇنى ئاڭلىسۇن.

29. بىلىشىڭ كېرەككى، بەخت بايلىقتا، ھوقۇقتا ۋە چىراي-شەكىلگە ئەمەس، ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلىشىڭگە باغلىق.

30. كىشىلەر بىلەن تۇنجى كۆرۈشكىنىڭدە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول بېرىپ، ئىسىم فامىلەڭنى ئېيتىپ بەر، قارشى تەرەپ سېنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولسۇن.

31. كارىۋىتىڭنىڭ بېشىغا خاتىرە ۋە قەلەم قويۇپ قوي، ياخشى ئەقىل-چارە كۆپ ھاللاردا سەۋەر سائەت ئۈچتە كاللاڭغا كېلىدۇ.

32. جاپالىق ئىشلەش بەدىلىگە ئارزۇ قىلغان نەرسەڭگە ئېرىشكىنىڭدە، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگىنىۋال.

33. تۇغۇلغان كۈنىڭدە بىرەر ئىش قىلىشنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ قوي.

34. مۇھەببەت ئاساسىڭ بولمىسا توي قىلما.

# ئۆزۈڭ ياسىغان تۇرمىنى ئۆزۈڭ بۇز

بەزىلەر ئوتتۇرا ياشقا كىرە-كىرمەيلا روھسىزلىنىپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ.

بەزىلەر كەسپىي جەھەتتە نەتىجە قازانغان ھامان، شۇ نەتىجىنىڭ ئاسارىتىدە چىرمىلىپ قېلىپ، بىلىم ئېلىش يولىدىكى قىزىقىشلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

بەزىلەر يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنى ئۇزلۇكسىز ئالدايدۇ، نەتىجىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت ئەقىل-پاراسەت بولىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

كىشىلەر ئۆزىگە ئۆزى تۇرمە ياسايدۇ، يەنە ئۆزى ئۇنىڭغا گۇندىپاي بولىدۇ.

ئۆزۈڭ ياسىغان تۇرمىنى ئۆزۈڭ بۇزىشىڭ كېرەك. ئۆزىنى ئالدىماسلىق تولىمۇ پايدىلىق. ئەگەر سەن ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرساڭ، غايەت زور ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ بولىدىغان قىزغىنلىق — سېنىڭ ئەڭ سادىق ھەمراھىڭ بولىدۇ.

كىشىلەر ئۆزىنى كىچىككىنە مەنمەنچىلىكتىن



ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىشلارغا ئاتىغۇەتكەندىلا، تۇرمۇش ئاندىن مەنىلىك بولىدۇ. بىر ناردىشىاۋ مۇنداق دېگەنىدى: ”ئۆزۈڭ ئۇلۇغ دەپ بىلگەن ئىش ئۈچۈن كۈرەش قىل، مانا بۇ ھاياتنىڭ ھەقىقىي لەززىتىدۇر، سەن ھەرگىز تەلۋە ھەم شەخسىيەتچى، چۇپەي، گۆش ئۈستىخان بولۇپ قالمىغىن“

# ھىندىرا گەندىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

يەتتە خىل نەرسە بىزنى ھالەك قىلىدۇ:

ئەخلاق كۆز قارىشى بولمىغان سىياسى؛ جاۋابكارلىقى يوق راھەت-پاراغەت؛ ھارامدىن كەلگەن مال-دۇنيا؛ ھەق-ناھەق كۆز قارىشى يوق بىلىم؛ ئەخلاقسىز ئوقەت؛ ئىنسان تەبىئىتى بولمىغان پەن؛ قۇربانسىز چوقۇنۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىشىلىك تۇرمۇشتىكى 12 خىل كاتتا بايلىق

1. ئاكتىپ روھىي پوزىتسىيە. ئىچكى دۇنياسى ھەتتا شەخس ئۆزى تامامەن تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان بىردىنبىر نەرسە. شۇڭا ئاكتىپ روھىي پوزىتسىيە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى 12 خىل كاتتا بايلىقنىڭ بېشىغا قويۇلىدۇ.

2. ئوبدان بەدەن. ئوبدان بەدەن ”ساغلاملىق ئېڭى“دىن كېلىدۇ. نورمال بولغان ئاكتىپ روھىي پوزىتسىيىنى ساقلاش كېسەللىكلەردىن خالىي بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ھېسابلىنىدۇ.

3. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىناقلىق. باشقىلارغا سەممىي ساداقەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى جەزمەن غايەت زور ئۈنۈمگە مۇۋەپپەق بولىدۇ.

4. ۋەھىمىدىن خالاس بولۇش. ئاساسىي ۋەھىمە يەتتە خىل بولىدۇ. نامراتلىق، تەنقىد، كېسەللىك، مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇش، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇش، قېرىپ كېتىش، ئۆلۈپ قېلىش، ۋەھىمىگە قۇل بولۇپ قالغان كىشى باياشاتمۇ بولالمايدۇ، ئەركىنمۇ بولالمايدۇ.



5. كەلگۈسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۈمىدى. ئۈمىد جىمى ئىچكى دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى ھالەتتىكى باشلامچىسى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر خۇشاللىقىنىڭ ئاساسى.

6. ئەقىدىنىڭ سىغىمچانلىقى. ئەقىدە بىر خىل كۈچ-قۇدرەت ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئىدىيىنىڭ ئادەتتىكى چېگرىسىنى مەنىۋى جەھەتتىكى تەڭ قىممەتلىك نەرسىگە ئالماشتۇرالايدۇ.

7. ئۆزىنىڭ بەخت-سائادىتىدىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئارزۇسى. مۇشۇنداق سەنئەتنى ئىگىلىيەلمىگەن كىشى بەخت-سائادەت يولىنى تاپالمىغان بولىدۇ، چۈنكى بەخت-سائادەت ئاساسلىقى بەخت-سائادىتىنى باشقىلار بىلەن تەڭ كۆرۈشتىن كېلىدۇ.

8. چىن ئىشتىياق باغلىغان خىزمەت مەشغۇلاتى. چىن كۆڭلىدىن قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان خىزمەتكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە ئۇنى ئورۇنلاشقا كۈچىنى ئاتىغان ئادەمدىنمۇ باي-باياشات ھېسابلىنالايدىغان ھېچقانداق ئادەم بولمايدۇ.

9. بارلىق شەيئىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن ئىچكى دۇنيا. ئىچكى دۇنياسىنى كەڭ ئېچىۋېتەلىگەن كىشىلا ھەقىقىي تەربىيە كۆرگەن كىشى ھېسابلىنىدۇ.

10. ئۆزىنى ئىدارە قىلىش. ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولالمىغان كىشى ئەتراپىدىكى ھەرقانداق شەيئىنىڭ خوجايىنى بولالىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.

11. ئادەمنى چۈشىنىش ئىقتىدارى. ئادەمنى چۈشىنىش جىمىكى دوستلۇقنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىنىڭ ئاساسى.

12. ئىقتىسادىي كاپالەت (پۇل). بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق دېگەنلىك پۇل مۇھىم ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس. ئالدىدا ئېيتىلغان 11 خىل كاتتا بايلىققا كىشىلەر ئېرىشىش ئارزۇسىدا بولسىلا جەزمەن ئېرىشەلەيدۇ. ھالبۇكى، يۇقىرىقى 11 خىل بايلىققا ئېرىشكەن كىشىنى 12-بايلىق —پۇل ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ.



## كىشىلىك تۇرمۇشتىكى "تۆت تەمە قىلماسلىق"

ئېينىشتېيىنىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ كۈنلەرنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز.

ئېينىشتېيىن تۇرمۇشىدا "تۆت تەمە قىلماسلىق"نى، يەنى "باشقىلاردىن ياردەم تەمە قىلماسلىق، نام-شۆھرەت تەمە قىلماسلىق، پايدا-مەنپەئەت تەمە قىلماسلىق، ئالقىش تەمە قىلماسلىق"نى ئۆزىگە دەستۇر قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى خۇشال-خۇرام ئۆتكەن.

ئېينىشتېيىن يەنە تېخى ئۆزىنىڭ خىزمەتتىن، ئىسكىرىپكىدىن، يەلكەنلىك قېيىقتىن ئالغان ھۇزۇر-ھالاۋىتىنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى بارلىق مەئىشەتلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## قىزىقارلىق ئۇزۇندىلەر

بىر ۋە يۈز: ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ سەۋەبى بىرلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

بولىدۇ؛ ئارقىغا چېكىنىشنىڭ سەۋەبى يۈز بولىدۇ. تالاي ئادەملەر ئۆزىنىڭ يارامسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يۈز سەۋەب ئىزدەشكە پۈتۈن كۈن ۋاقتىنى سەرپ قىلىدۇ-يۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قەيسەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا بىرەر سەۋەبمۇ ئىزدىمەيدۇ.

ئاقىل ۋە ئەخمىقانە ئىش: ئاقىلنىڭ تۇرمۇشى مەنىسىز بولغاندا، ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىدۇ.

بەزىدە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز: رەقىبىڭ ھەرقانچە چۈشەندۈرسەڭمۇ بەرىبىر ئىشەنمەيدۇ، دوستۇڭغا چۈشەندۈرۈش كەتمەيدۇ.

داڭلىق ھاراق، كاستۇم ۋە كىتاب: تەيۋەننىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە كاتتا بايلار ئائىلىسىدىكى ئالاھىدىلىك شۇكى، چەت ئەل ھارىقى كاستۇمدىن تولا؛ كاستۇم مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھۆسن خەت ۋە رەسىملىرىدىن تولا؛ مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھۆسن خەت ۋە رەسىملىرى كىتابتىن تولا؛ ئوقۇلغان كىتابتىن ئوقۇلمىغان كىتاب تولا.

## ھەر خىل پەن ئالىملىرىنىڭ ئادەم ھەققىدىكى تەبىرى

بىئولوگ: ئادەم — ھۈجەيرىلەرنىڭ جۇغ-



لانمىسى.

ئاسترونوم: ئادەم — سامانيولىنىڭ بالىسى.

خىمىك: ئادەم — كاربون ئاتومىنىڭ مەھسۇلى.

ئەدىب: ئادەم — نومۇسنى بىلىدىغان ياكى نومۇسقا موھتاج بولغان بىردىنبىر ھايۋان.

ئىنسانشۇناس: ئادەم — بەدەن ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاستا-ئاستا توپلىنىشى يەنى ئۆرە تۇرالايدىغان ئىككى پۇت، ئۆتكۈر كۆز، ئىشچان ئىككى قول ۋە تەرەققىي قىلغان چوڭ مېڭىدىن ئىبارەت.

ئارخېئولوگ: ئادەم — مەدەنىيەتنىڭ توپلىغۇچىسى، شەھەرنىڭ قۇرغۇچىسى، ساپال بۇيۇملارنىڭ ئىجادچىسى، زىرائەتلەرنىڭ تېرىغۇچىسى، خەت يېزىشنىڭ ئىختىراچىسى.

پسىخولوگ: ئادەم — مۇرەككەپ ۋە خاسىيەتلىك چوڭ مېڭىنىڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئابستراكتلىق ئىقتىدارى بار، ئۇنداق ئىقتىدارى ئۇنىڭ باشقا ھايۋان ئەجدادلىرىدىن ۋارىسلىق قىلغان تەبىئىي خۇسۇسىيەت ۋە ھېسسىي تۇيغۇسىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

# سەۋر-تاقەت قىلىش=غوم ساقلاش، ئەپۇ قىلىش=قورساقنى كەڭ تۇتۇش

بىر ئۆينىڭ تېمىغا ”سەۋر-تاقەت قىلىش ھەممە- دىن ئۈستۈن تۇرغانلىقتۇر“ دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكا ئېسىلغانلىقىنى كۆردۈم.

روشەنكى، بۇ قەدىمكىلەردىن قالغان نەسىھەت.

مېنىڭ قارىشىمچە، سەۋر-تاقەت قىلىش بىلەن ئەپۇ قىلىشنى سېلىشتۇرغاندا، زامانىمىزدىكى كىشى- لىك مۇناسىۋەت ئەپۇ قىلىشقا تېخىمۇ موھتاج. كى- شىلەرنى ئەپۇ قىلىشقا، كىشىلەرنى چۈشىنىشكە ما- ھىر بولۇش مەدەنىيىتى سەۋر-تاقەت قىلىش مەدەنى- يىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاقىلانە، تېخىمۇ ئوچۇق-يو- رۇق جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى ھېسابلىنىدۇ.

سەۋر-تاقەت قىلىش بىلەن ئەپۇ قىلىش گەرچە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر خىل يول قويۇش ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىسى ئوخشاش ئەمەس:

سەۋر-تاقەت قىلىش كۆپ ھاللاردا قورساقتا غوم



ساقلاش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، پۇرسەت تاپسىلا، غە- زەپ-نەپرىتىنى بىلدۈرۈپ، خەقتىن دەردىنى ئېلىۋې- لىش كويىدا بولىدۇ؛ ئەپۇ قىلىش كۆپ ھاللاردا قورساقنى كەڭ تۇتۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، باشقى- لارنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرىنى ياكى ياخشى نىيەت بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ ياكى كۈلۈپ ئۆتكۈ- زۈۋېتىدۇ.

يولداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، يەنىلا ئەپۇ قىلىش—ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقتۇر.

# كىم ئەڭ چوڭ

كۆك ئاسمان كەڭ زېمىنغا نەزەر تاشلاپ دېدى:

”مەن ئەڭ ئېگىز!“

كەڭ زېمىن پۈتكۈل كائىناتقا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ دېدى:

”مەن ئەڭ كەڭ!“

دېڭىز-ئوكيان پۈتكۈل كائىناتقا تىكىلىپ قاراپ دېدى:

”مەن ئەڭ چوڭقۇر!“

تەڭرى يۈي خۇاڭ[1]ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ دېدى:

”ئاسمان-زېمىن مېنىڭ ئىلكىمدە، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكى بارچە ئىشلار، پۈتكۈل كائىنات مېنىڭ ئىلكىمدە، ھېچكىمنىڭ ھوقۇقى مېنىڭ ھوقۇقۇمدىن چوڭ ئەمەس!“

ئاسماندىكى، زېمىندىكى بارچە جىسىملار ۋە جانلىقلار سۈكۈتكە چۆكۈپ، خىيالغا پاتتى.

”سىلەر مەيلى قانچە ئېگىز بولۇڭلار، قانچە كەڭ بولۇڭلار، قانچە چوڭقۇر بولۇڭلار، ھوقۇقۇڭلار ھەر قانچە چوڭ بولسۇن، ھەممىڭلار ماڭا بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك، مەن بولمىسام، ئاسمان-زېمىن ۋە دېڭىز-ئوكيانلاردا يوشۇرۇنغان قىممەتلىك بايلىقلار ۋە ھەقىقەتلەر بايقالمايدۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالغا باسالمايدۇ، ھەقىقەت سەپسەتىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، سەپسەتە ھەقىقەتنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋېلىشى مۇمكىن، ئۇ ھالدا سىلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدە بەخت يارىتالمايسىلەر، سىلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان ئاپەتلىرىڭلارمۇ كونترول قىلىنمايدۇ! تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، جەمئىيەتتىكى

---

① تەڭرى يۈي خۇاڭ: «داۋجياۋ» دىنى چوقۇنىدىغان، مەرتىۋىسى ئەڭ ئۈستۈن، ھوقۇقى ئەڭ چوڭ ئاسمان ئىلاھى—ت



www.uyghurkitap.com

ئادەملەر يەنىلا بۇرۇنقىدەك خام گۆش يېيىشى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېپىنىشى مۇمكىن!“

داۋلى گەپ باشلىۋېدى، ئاسمان-زېمىن ۋە دېڭىز-ئوكيان ھاڭۋېقىپ قالدى، بىر-بىرىگە قاراشقىنچە، لام-جىم دېيەلمىدى.

تەڭرى يۈي خۇاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز-ئۆزىگە دېدى:

”داۋلىنىڭ سۆزى ھەقىقەتەن راست، مېنىڭ ھوقۇقۇم ھەرقانچە چوڭ بولغىنى بىلەن، يەنىلا داۋلى (يوللۇق) سۆزلىشىم كېرەك-تە!“

## تېيىلىش ۋە ئۆرلەش

ئىنساننىڭ ھاياتىدا، ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك ھەرىكەت بولۇشى مۇمكىن، بىرى تېيىلىش، يەنە بىرى ئۆرلەشتىن ئىبارەت.

قارىماققا، تېيىلىش ئاساندەك، ئۆرلەش تەستەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. تېيىلىپ ماڭغان ئادەملەر تېزلا چارچايدۇ، شۇڭا ئومۇمەن بالدۇرلا كىشىلىك ھاياتنىڭ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بىر ئادەمنىڭ 80 ياشقىچە تېيىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.

بىراق، ئادەم 90 ياشقا كىرگىچە ئۆرلىيەلەيدۇ، بەلكى قارىماققا ئۇ يەنىلا روھلۇق، تېتىك كۆرۈنىدۇ.

## ياۋا توڭگۇز پەلسەپىسى

قەھرىتان سوغۇق بولغان قىش كۈنلىرىدە، بىر توپ ياۋا توڭگۇز بىر يەرگە قىستىلىشىپ ئىسسىنىشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى تىكەن ئۇلارنى بىر-بىرىدىن يىراقلىشىشقا مەجبۇر قىلدى؛ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ئۇلارنى يەنە بىر يەرگە تىقىلىشقا مەجبۇر قىلدى، تىكەن ئازابى يەنە ئۇلارنى ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشۇنداق بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىش ئارقىلىق، ئۇلار ئاخىر ئۆزئارا ئارىلىق ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى نۇقتىسىنى تېپىپ چىقتى—يەنى، ئەڭ يېقىن ئارىلىق ئاستىدا ئەڭ چوڭ ئىسسىقلىققا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

ئىنسانلار ئارىسىدا، بىكارچىلىق ۋە زېرىكىش كىشىلەرنى بىر-بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، لېكىن كىشىنى بىزار قىلىدىغان خۇيلار ۋە چىداش تەس بولغان كەمچىلىكلەر يەنە ئۇلارنى بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇردى. . . ئاخىر كىشىلەرمۇ ئەڭ



ياخشى ئارىلىقنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزئارا ئەدەب-قائىدە بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان بولدى.

## هارۋا ئىتتىرىش

ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېتىۋېتىپ، بىر دۆڭنىڭ قاپتىلىدا ئوتۇن بېسىلغان هارۋىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر يىگىتكە ئۇچراپ قالدىم.

—بۇرادەر، مالال كۆرمەي هارۋىنى دۆڭگە ئىتتىرىشىپ بەرگەن بولسىڭىز، —دېدى يىگىت ماڭا.

مەن ماقۇل بولدۇم.

يىگىت هارۋىنى سۆرەشكە باشلىغىنىدا ئىتتىرەي دەۋېتىپ، تۇرۇپلا كاللامغا: ”هارۋىنى ئۆزى يالغۇز سۆرەپ چىقالارمۇ“ دېگەن خىيال كېلىپ قالدى.

يىگىت هارۋىنى كۈچەپ تارتىۋاتاتتى. مەن كەينىدىن ماڭغاچ: ”قېنى، هە! يەنە كۈچەڭ!“ دەپ ۋارقىرىدىم. هارۋا ناهايىتى تەستە ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ناۋادا هارۋا ئارقىسىغا يېنىپ كەتسە بار كۈچۈم بىلەن ئالدىغا ئىتتىرىمەن، دەپ ئويلىدىم.

يىگىت هارۋىنى تەستە تارتىپ، ئاخىر دۆڭگە چىقتى ۋە توختاپ ماڭا كەينى-كەينىدىن رەھمەت ئېيتىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

مەن كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەرزىمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ھارۋىنى ئۆزىڭىز تارتىپ چىقاردىڭىز، — دېدىم.

— بۇنچە ئېگىز دۆڭدىن ئۆزۈم تارتىپ چىقىرالايمەنمۇ؟ — دېدى يىگىت ئىشەنمەي.

— راست، مەن پەقەت ھارۋىغا ئەگىشىپلا ماڭدىم، ئىتتىرمىدىم، — دېدىم مەن، — ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك.

ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك! شۇنداق، ئۆزىمىزگە ئىشىنىشىمىز، بولۇپمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۆز-ئۆزىمىزگە مەدەت بېرىشىمىز كېرەك.

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن)



# كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆمۈرۋايەت ئەسقاتىدىغان ئالتە پەلسەپىۋى مىزان

1. ئۆزىگە ئىشىنىش. ئۆزىگە ئىشىنىش كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك، چۈنكى ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالىغان ئادەملا ئاندىن كىشىلىك تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل خەتەرلىك ئەھۋاللارغا پىسەنت قىلماي ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلالايدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت قەلبىدە ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىش ئۇچقۇنىنى يالقۇنجىتىشىنىڭ سىرى پەرزەنتىڭىزنىڭ ئىقتىدار-تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان تەرىپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئاندىن ئاشۇ ساھەگە ئاستا-ئاستا يېتەكلەشتە.

2. ئىشتىياق باغلاش. ئىشتىياق بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. پەرزەنت ئۈچۈن، ئىشتىياق دېگەن پەزىلەتنى مەجبۇرى تېڭىش كەتمەيدۇ، تالاي-تالاي باللار تۇغۇلۇشتىلا ئىشتىياققا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەمما بۇنداق ئىشتىياق مايسىسى چوڭىيىپ ياراملىق ماتېرد-

يال بولالىشى ناتايىن، چۈنكى ئۇ ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ، ئاسانلا كەمسىتىلىدۇ، مەسخىرە قىلىنىدۇ ۋە قايتا-قايتا مەغلۇبىيەتلەر تۈپەيلى نابۇت قىلىۋېتىلىدۇ.

3. ھېسداشلىق. بالىلار كۈچۈك ياكى ئاسلانلارنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىسا ياكى كۆرسە ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ سالىدۇ. بالىلاردا تۇغما ھالەتتە باشقا ھايۋان-جانىۋارلارنىڭ ئازابىنى ھېس قىلىش ئالاھىدىلىكى بولغان بولىدۇ. بۇنداق خاراكتېر-مىجەز ئۆمۈرۋايەت داۋاملىشىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن، مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە تاماملىنىشىمۇ مۇمكىن؛ بۇنداق بولۇشى پۈتۈنلەي بالىلار ياشىغان ئائىلىۋى شارائىت باشقىلارغا ھەققىي يوسۇندا كۆيۈنۈش-كۆيۈنمەسلىكى ۋە ھېسداشلىق قىلىش-قىلماسلىقىغا، بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بەختسىز ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە قۇربان بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغان-تۇرمىغانلىقىغا باغلىق.

4. كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە كەسىپكە بېرىلىش. بۇ ئىككى سۆز گەرچە يېڭى بارلىققا كەلگەن سۆز بولمىسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۇلارنى قويۇپ بەرمەي مەھكەم تۇتۇۋېلىشى زۆرۈر. دۇنيادا نۇرغۇن-نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلار بار، ئۇلارنىڭ ھەننىۋاسى كىشىلەرنىڭ بەزى شەيئىلەرگە قەتئىي ئىشەنچ-ئەقىدىسى بولمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.



كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە كەسىپكە بېرىلىش پەزىلىتىنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك، بۇ جەھەتتە سىز قايتا-قايتا، توختىماي تەلەپ قىلىشىڭىز كېرەك.

5. ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇش. ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن، ئەھۋالغا قاراپ ماسلىشىش ئىقتىدارى ئىنتايىن مۇھىم ساپاسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز ۋايىغا يەتكۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغانسىلا، ئاندىن مەنىۋى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى يېڭەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن خالاس بولالايدىغان تۇرلۇك پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

6. مەڭگۈ ئۈمىد بىلەن ياشاش. بۇنداق مىجەز-خاراكتېرنى كىشىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن بەك ئېھتىياجلىق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنداق مىجەز-خاراكتېرغا ئىگە بولغان كىشىلەر قاراڭغۇ-زۇلمەتلىك يىللاردا يورۇقلۇق ئامىللىرىنى كۆرەلەيدۇ، ئۇلار ھەرقانداق قىيىن مەسىلىنىڭمۇ ئاخىر جاۋابى بولىدىغانلىقىغا، ھەرقانداق سىناقنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ژۇرنال ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

—ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان چىقىرىلغانلىقىغا بېغىشلاپ

ئەخمەت ئىمىن

مەنمۇ بىر مۇھەررىر، ئۆز ۋاقتىدا «تارىم غۇنچىلىرى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىقلاردا ژۇرنالىستلىق قىلغان. ناۋادا ماڭا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىرلىك قىلىش توغرا كېلىپ قالسا، سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك مۇشۇنداق بىر ژۇرنالنى خەلق بۇگۇنكىدەك قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ژۇرنال قىلىپ ئىشلىيەلەيتتىممىكىن، تاڭ. ژۇرنالىستلىق ئاسان ئىش ئەمەس، بولۇپمۇ سىياسىي ژۇرناللارنى ئومۇمىي خەلقنى ئەتراپىغا يىغالىغۇدەك قىلىپ ئىشلەش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس. بۇ مۇھەررىرلەردىن ناھايىتى زور سەزگۈرلۈك، ئاجايىپ دىت تەلەپ قىلىدۇ. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ رەڭگارەڭ سەھى-



پىلىرىنى كۆرگەندە، مۇھەررىرلەرنىڭ ئۆزگىچە [illegible] تالانتىنى بايقاپ كېلىۋاتىمەن.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دېگەن بۇ تېما، ئەلۋەتتە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىش ۋە ھەمدەملىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەزكۇر ژۇرنال بۇ مەزمۇنلارنى يورۇتۇشتا، ھەر بىر مىللەت ئەزاسىغا ئۆز-ئۆزىنى، ئۆز ھوقۇقىنى، مەنپەئىتىنى تونۇتۇش جەھەتلەردە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. «مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار»، «مىللەت خەزىنىسى»، «مىللەتلەر مۇنبىرى»، «دۇنيا مىللەتلىرى» سەھىپىلىرىدىكى ئوقۇرمەنلەر كاللىسىدا تەبىئىي سېلىشتۇرما پەيدا قىلىدىغان ئاجايىپ يېڭىلىقلار، «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» دىن ياڭراۋاتقان چۇقان، ھەسرەت، ھېسداشلىق ۋە ئىنتىلىش روھى. . . مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت غايەت زور چىنارنىڭ گۈزەل شاخلىرى بولغان مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىنى، جۈملىدىن بىزنىڭ رېئاللىقىمىزنى يورۇتۇشتا ۋاسىتىلىك رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن بۇ ژۇرنالنىڭ قاشقىسىغا يېزىلغان ”بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز، ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن“ دېگەن بۇ باياناتقا قايىللىق

نەزەرىم بىلەن پات-پات قاراپ قويىمەن. بۇنىڭدا بىر قارىسىڭىز، تۆۋەنچىلىكمۇ بار، يەنە بىر قارىسىڭىز، ئۆزىگە زور ئىشىنىشمۇ بار. بىر تەرەپلىمە ھالدىكى تۆۋەنچىلىكمۇ، يوغانچىلىقمۇ كىشىنى خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئىككى خاراكتېرنىڭ بىر ۋۇجۇدتىكى مۇجەسسەم ھالىتى ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە سۆيۈندۈرىدۇ. «گۈلدەستە» دە ئېلان قىلىنىۋاتقان تاڭسىق-تاڭسىق ئەسەرلەرنى ژۇرنالنىڭ بايامقىدەك ئۆزگىچە مىجەزىنىڭ غەلىبىسىمىكىن، دېگۈم كېلىدۇ.

ژۇرنالدىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىنى ئويغا سالالىسا، ياڭراق ساداسى بىلەن ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، يەنە ئۇنى ئۆز نۆۋىتىدە «ئوقۇرمەنلەر ساداسى» دا مەيدانغا ئاتالىسا، "كۆلكە خۇرۇچلىرى" بىلەن چارچىغان ئەسەبلەرنى تەڭشەپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھەزىلچىلىك سورۇنىغا تارتىپ، ئۇلار بىلەن سەممىمىي چاقچاقلىشىپ ئۆتەلىسە، قانداق مۇھەررىر پۇخادىن چىقمايدۇ، دەيسىز! مەن «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب» سەھىپىسىنى كۆرگەندە، تازا ئەستايىدىل دەرس سۆزلەۋېتىپ، تۇرۇپلا ئىككى ئېغىز يۇمۇرلۇق گېپى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى روھلاندۇرۇۋېتىدىغان ئوقۇتقۇچىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن.



50 سان چىقىرىش بىر ژۇرنال ئۈچۈن ھېچقانچە ئۇزۇن مۇساپە ئەمەس. دېمەك، بۇ ژۇرنال تېخى ياش. ژۇرنالنىڭ شۇنچە ياش تۇرۇپ 80 نەچچە مىڭ ئوقۇرمەنگە ئىگە بولالىشى (بۇ سان ژۇرنالنى بىر-بىرىدىن ئۆتنە ئېلىپ ئوقۇيدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئەلۋەتتە) ئوڭاي ئىش ئەمەس. بۇ بىرىنچىدىن، يەنىلا ژۇرنال سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن بولغان بولسا، ئىككىنچىدىن، مۇھەررىرلەرنىڭ تارقىتىش يولىنى تىرىشىپ راۋانلاشتۇرغانلىقىدىن بولغان. شەھەرمۇ شەھەر، يېزىمۇ يېزا يۈرۈپ ژۇرنالنى چۈشەندۈرۈش، تەشۋىق قىلىش ھەم ئوقۇرمەنلىرىنى چۈشىنىش، بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىگە ياقىدىغان ژۇرنال ئۇسلۇبى يېتىلدۈرۈش پەقەت ئۆزىنى كەسىپكە بېغىشلاش روھىغا ئىگە بولغان ژۇرنالىستلارغىلا خاس ئىش. بۇ جەھەتتە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دىكى كەسىپداشلىرىم ياخشى ئۈلگە ياراتتى. ئاخىر نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى تاللىدى. مەن كەسىپداشلىق سالاھىيىتىم بىلەن بۇ ژۇرنالدىكى مۇھەررىرلەرنى بۇ نەتىجىلىرى بىلەن تەبرىكلەيمەن ھەم ئاپتورلۇق سالاھىيىتىم بىلەن شۇنىمۇ دەپ قويغۇم كېلىدۇكى، مەنمۇ سىلەرنى تاللىدىم، ئاغىنىلەر، سىلەرنى!

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا)

# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ۋە مەن

— ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئەخەت ھاشىم

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر قۇش تۇخۇمدىن چىققان بولسىمۇ، تېخى ئۇۋىسىدىن چىقمىغان، قىپقىزىل ئەتلىمە گۆش چېغىدا ئەلۋەتتە ھېچكىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىنۇت-سېكۇنتلاپ چوڭىيىپ، قانات-قۇيرۇقلىرى يېتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، گۈزەللىكنى نامايان قىلغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالىدۇ. . . خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن دوستىمىز، سىردىشىمىز، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدىغان مەملىكەت دەرىجىلىك قوش ئايلىق ژۇرنال



ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىمۇ بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن چاغلاردا كىشىلەرنى ئۆزىگە بۈگۈنكىدەك كۈچلۈك جەلپ قىلىپ كېتەلمىگەن، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق بىر ژۇرنالنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنىمۇ ئانچە بىلىپ كېتەلمىگەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر ئۇنىڭ نامىغا قاراپلا ئانچە كۆڭۈلشمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مانا ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، نەچچە باھار، نەچچە قىشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ژۇرنال ھازىرغىچە 50 سان چىقىرىلىپ ئىسلاھاتنىڭ شىددەتلىك قاينامىلىرىدا تاۋلىنىپ، قانات-قۇيرۇقلىرى يېتىلىپ گۈزەل ھۆسنىگە تولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈپ، ئۇلارنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە تارتتى. ھالا بۈگۈنگە كېلىپ بۇ ژۇرنال بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل رىشتى تەبىئىي يوسۇندا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. . .

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، 1991-يىلى باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئىدرىس بارات ئۇشتۇمتۇت ئىشخانىمىزغا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى ۋە بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن دىۋانغا ئولتۇرۇپ:

—ژۇرنىلىمىزنى ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىمىز، تاپشۇ-
رۇپ ئېلىۋاتامسىلەر، كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ-قانداق؟—
دەپ سورىدى.

—ژۇرنال ئەۋەتكىنىڭلەرگە رەھمەت، —دېدىم
مەن ۋە خىجىل بولۇپ قوشۇپ قويدۇم، —مەن ژۇر-
نالدىكى ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئوقۇپ چى-
قالمىغان بولسامۇ، ھەرھالدا كۆپ قىسىم ماقالى-
لەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، يېقىندىن بۇيان چىقى-
ۋاتقان ماقالىلەر خېلى ياخشى.

باشقا يولداشلارمۇ بۇ ژۇرنال ھەققىدىكى قاراش-
لىرىنى ئېيتىشتى. مەن:

—ژۇرنالنىڭ ئۆزى نەدە بولدى؟—دەپ سورى-
دىم.

—تېخىچە خەۋىرىڭىز يوقكەن-دە!—دېدى ئىد-
رىس بارات كۈلۈپ كېتىپ، —مۇشۇ سىلەرنىڭ نەش-
رىياتتا. نېرىقى بىنادىن بىر ئېغىز ئىشخانىنى ۋاقىت-
لىق ئارىيەت ئېلىپ تۇرغان، شۇ يەردە ئىشلەۋاتى-
مىز. مېنىڭ بۇ ژۇرنالغا يۆتكىلىپ كەلگىنىمگىمۇ
ئانچە ئۇزۇن بولمىدى، ھازىرچە شارائىتىمىزنى ياخ-
شى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، تەھرىر كۈچىمىزمۇ ئا-
جىزراق، لېكىن بۇلار ۋاقىتلىق ئەھۋال، چوقۇم
ئاستا-ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

شۇ ئەسنادا ئارىمىزدىن كىمدۇر بىرەيلەن ژۇر-



نالنىڭ نامىنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېمەي، باش-
قىچىرەك بىر نېمە دەپ ئۆزگەرتكەن بولسا ياخشى
بولاتتى، دېگەن گەپنى قىلىپ قالدى.

—ئىلگىرى باشقىلارمۇ مۇشۇنداق پىكىرلەرنى
قىلغان، —دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئىدرىس با-
رات، —بەلكى مەنمۇ شۇنداق قارىغان. راست گەپنى
قىلغاندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن بۇ سۆزنىڭ
ئۆزىدە ھېچقانداق مەسىلە يوق. مەزمۇنىمۇ ياخشى،
لېكىن بۇ سۆزنىڭ قۇلاققا غەيرىيرەك ئاڭلىنىدىغان
بولۇپ قالغانلىقىغا پۈتۈنلەي لەنىتى ”تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ“ ۋە چېكىدىن ئاشقان سول سىياسەتلەرنىڭ
يۈرگۈزۈلۈشى سەۋەب بولغان. ئۇلار ئاغزىدا ”مىللەت-
لەر ئىتتىپاقى“ دەپ ناھايىتى چىرايلىق گەپ قىلىسى-
مۇ، ئەمەلىيەتتە پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسى-
تىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇنى بۇرمىلىدى. تەبى-
ئىي نەرسىنى سۈنئىي نەرسىگە، شەكىللىۋازلىق، يا-
سالمىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇڭا كۆپ كىشىلەر-
نىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنداق شە-
كىللىۋازلىقتىن بىزار بولغىنى راست. ھازىر ئەھۋال
ئۆزگەردى، ھەممە ئىشلار ئىزىغا چۈشۈۋاتىدۇ، ژۇر-
نالنى سۈپەتلىك، جانلىق، رەڭدار چىقارساق، راست
گەپنى كۆپرەك قىلساق، ئىشنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ.
مېنىڭچە گەپ ئىسمىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزمۇنىدا، قانداق دېدىم؟

—ئەلۋەتتە شۇنداق.

پارىڭىمىز مۇشۇ تەرىقىدە داۋام قىلدى. يولداش ئىدرىس بارات يولداشلارنىڭ كۆپرەك ياردەم بېرىشىنى، بولۇپمۇ ژۇرنالغا كۆپرەك ئەسەر يېزىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىزمۇ كۈچىمىزنىڭ بارىچە ياردەمدە بولىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق.

—ژۇرنىلىمىزغا ئەسەرنى قانچە كۆپ يېزىپ بەرسەڭلار بىزگە شۇنچە كۆپ ياردەم قىلغان بولىسىلەر، —دېدى ئۇ ناھايىتى سەمىمىي ھالدا، —ھازىر ئۆز ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بەك كەم بولۇۋاتىدۇ. تەرجىمىگىلا يۆلىنىۋېلىش ياخشى چارە ئەمەس.

—بىراق مېنى ئەسەر يېزىپ بەر دېسىڭىز ھېكايە، مەسەل دېگەندەك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىلا يېزىپ بېرەلەيمەن، بۇلار ژۇرنىلىڭلارغا مۇۋاپىق كېلەرمۇ؟ —دېدىم.

—مېنىڭ سىلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنىممۇ دەل شۇ خىلدىكى ئەسەرلەر، — دېدى ئىدرىس بارات ۋە نېمىلەرنىدۇر ئويلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قارىغاندا بەزى يولداشلار ژۇرنىلىمىزنىڭ نامىغا قاراپلا «مىللەتلەر ئىتتىپاق»ى سىياسىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەردىن باشقا نەرسىنى باسمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.



توغرا، ژۇرنىلىمىز مىللەتلەر ئىشلىرىغا ئائىت سىياسەت خاراكتېرلىك ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى بېسىدۇ، ئەلۋەتتە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقىنى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلىدۇ، لېكىن بۇنى نوقۇل ھالدا، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىلا بېسىش ئۇسۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى خىلمۇخىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى بېسىش، جانلىق شەكىل، قىزىقارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر، بىلىم ۋە روھىي ئوزۇقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىمىز، ھازىر ژۇرنىلىمىزدا ئون نەچچە سەھىپە بار، قايسى سەھىپىگە ئەسەر يېزىشنى خالىساڭلار شۇنىڭغا يېزىۋېرىڭلار، ئەلۋەتتە قارشى ئالىمىز.

مۇشۇنداق ئىختىيارىي پاراڭلىشىش نەتىجىسىدە بىزدە ژۇرنال توغرىسىدا يېڭىچە تونۇش ھاسىل بولدى. ئىدرىس بارات ئاخىرىدا قەتئىي ئىشەنچ بىلەن:

—ھازىرچە ژۇرنىلىمىزنى ناھايىتى سۈپەتلىك، سەۋىيىلىك، ياخشى چىقىرىپ كېتىشتە بىر ئاز قىيىنىلىمىز، ھەقىقەتەن بەزى كونكرېت قىيىنچىلىقلارمۇ بار. لېكىن ئىشەنچىمىز كامىلكى، بۇ قىيىنچىلىقلاردىن ئۇزۇنغا قالماي قۇتۇلۇپ كېتىمىز، نېمە ئۈچۈن دېسەڭلار، كەينىمىزدە تاغدەك يۆلەنچۈكىمىز

بار يەنى ژۇرنىلىمىزنى خەلق ئاممىسى ۋە يۇقىرىدىن
تارتىپ تۆۋەنگىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت
ئورۇنلىرى، رەھبەرلەر ناھايىتى قىزغىن قوللاۋاتى-
دۇ. نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىپ بەردى. بۇ بىزگە
قىلىنغان غايەت زور غەمخورلۇق، كۈچلۈك مەدەت
ئەمەسمۇ! ؟ بارلىق كۈچىمىز بىلەن تىرىشىپ ياخشى
ئىشلىسەك، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ژۇرنىلىمىزنى سۈ-
پەتلىك، قىزىقارلىق چىقىرىپ كىتابخانلارنىڭ يېقىن
دوستىغا، سىردىشىغا ئايلاندۇرمايدىغان بولساق، ئو-
قۇرمەنلىرىمىز ئالدىدا، تەشكىل ئالدىدا يۈز كېلەل-
مەيمىز. بولدى، مەن بۇ يەردە كۆپ گەپ قىلماي،
قالغىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرەرسىلەر، — دېدى ۋە كۈ-
لۈپ ئورنىدىن تۇردى. . . .

مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن بۆلۈمىمىزدىكى بەزى
يولداشلار ژۇرنالغا ئوبدان ماقالىلەرنى، ھېكايە، نە-
سىر، شېئىر قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ
بەردى. مەنمۇ تۇنجى قېتىم «ئالتۇننىڭ كارامە-
تى»، «قۇياش ۋە زېمىن» سەرلەۋھىلىك ئىككى
مەسەل يېزىپ بەردىم. ئۇنى ئېلان قىلالامدۇ-يوق،
تازا ئىشەنچىم يوق ئىدى. لېكىن ئۇلار مېنىڭ ئويلى-
غىنىمنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان
قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ژۇرنالغا ناھايىتى ياخ-
شى ئىلمىي ماقالىلەردىن سىرت، يەنە ھېكايە، نە-



سىر، يۇمۇر دېگەندەك ھەر خىل ژانىردىكى مەزمۇن-
لۇق، ئىخچام، قىزىقارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بې-
سىلىپ تۇردى. مەندىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارمۇ
ئۆزگەردى، بۇ ژۇرنالغا پات-پاتلا ئەسەر يېزىپ تۇرى-
دىغان بولدۇم. تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارمۇ نې-
مىلەرنى يېزىش، قانداق يېزىش ھەققىدە قىممەتلىك
مەسلىھەت-تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇردى. مەن تېخىمۇ
ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىش ئۈچۈن تىرىشتىم. شۇنداق
قىلىپ، بۇ ژۇرنالغا ھازىرغىچە ئون نەچچە پارچە
مەسەل ۋە «مىللىي ھېسسىيات ۋە مىللىي غۇرۇر
ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز»، «پۇل تېپىۋاتقانلارغا
ۋە تاپقان پۇلىنى خەجلەۋاتقانلارغا بىر نەزەر» قاتارلىق
ئەسەرلەرنى يېزىپ بەردىم. ئاڭلىشىمچە بۇ ئەسەرلەر
توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسىمۇ ياخشى
بولۇپتۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»
ژۇرنىلىدىكى تەھرىر خادىملار ماڭا زور مەدەت، ئىل-
ھاملارنى بەردى. ئۇلارنىڭ ئىلھامى، ياردىمى بولمى-
غان بولسا، بۇنچىلىك ئەسەرلەرنى يېزىشىممۇ ناتايىن
ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر مەن بۇ ژۇر-
نالنىڭ يېقىن دوستى، قىزغىن ئاپتورلىرىدىن بىرى
بولۇپ قالدىم.

ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇ ژۇرنال پارتىيە 11-نۆ-

ۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىنكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش راسا
چوڭقۇرلىشىۋاتقان، مىللەتلەر ئىشلىرى يېڭىدىن-يې-
ڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىۋاتقان، كەڭ ئوقۇرمەنلى-
رىمىز تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر، بىلىمگە ۋە مەنىۋى ئو-
زۇققا تەشنا بولۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتلەردە دۇنياغا
كەلگەنىدى. دەرۋەقە بىر ژۇرنالنىڭ ياخشى ياكى نا-
چار چىقىشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ھىمايىسى،
ئالقىشىغا ئېرىشىش-ئېرىشەلمەسلىكى ئاساسلىقى شۇ
ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەر سۈپىتىنىڭ ياخ-
شى ياكى ناچارلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر ژۇرنالدا
ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەر ئاممىنىڭ جانىجان مەن-
پەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئاممىنىڭ قەلبىدىكى
نەرسىلەر بولسا، ياكى ئاممىا ئويلاۋاتقان، دېمەكچى
بولغان گەپلەرنى دەپ بەرگەن بولسا، ئامما ئۇنى قىز-
غىن ھىمايە قىلىدۇ ۋە ژۇرنالمۇ ئۇلارنىڭ يېقىن
دوستىغا ئايلىنالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئەلۋەت-
تە ئامما ھىمايە قىلمايدۇ ۋە قوللىمايدۇ. بۇنىڭ
ئۈچۈن، تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملار پارتىيە سىيا-
سىتىنى ئوبدان بىلگەن، ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم.
مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»
ژۇرنىلىدىكى خادىملار سىياسەتنى ئوبدان چۈشەنگەچ-
كە، ئىگىلىگەچكە، نىشانى ئېنىق بولدى، ئالدى-ئار-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىغا قاراپ تەمتىرەپ ئولتۇرمىدى، كەلگەن ماقالە،
ئەسەرلەرگە توغرا، ئوبيېكتىپ قارىدى، دادىل بولا-
دى. شۇنىڭ ئۈچۈن ژۇرنال بىزنى مول بىلىم، يې-
ڭى-يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، تەشنالىقىمىزنى
قاندۇرۇپ كەلمەكتە. بىز ئادەتتە باشقا گېزىت-ژۇر-
نال ياكى كىتابلاردا ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدىغان، پارتى-
يە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي سىياسەت، مىل-
لەتلەر خىزمىتى ۋە مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى مۇ-
ھىم ماقالە، يوليورۇقلىرىنى، ئاز سانلىق مىللەت
خەلقىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك ۋە
ۋەكىللىك قىلىدىغان مەزمۇنلار بايان قىلىنغان سەز-
خىل ماقالىلەرنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش،
ئورتاق بېيىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ
ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ مائارىپ،
پەن-مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە باشقا ساھەلىرىدىكى ئىش-
لىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ياخشى
تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى، مۇھىم ئۇچۇر-
لارنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يۈز بېرىۋات-
قان غايەت زور ئۆزگىرىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى
شۇنىڭدەك يەنە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە
ئەھۋالى، ئېتنىك مەنبەسى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت مۇشۇ ژۇرنالدىنلا كۆ-
رۈپ بىلىپ كېلىۋاتىمىز. قىسقىسى، ئىزدىنىش رو-

ھىنغا ئىگە بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى كۈندىن-كۈنگە
يېڭىلىنىپ رەڭدارلىشىپ بارماقتا. «مىللەتلەر مۇن-
بىرى»، «ئىقتىساد روجىكى»، «مىللەتلەر مائارى-
پى»، «مىللەت ۋە ئۆرپ-ئادەت»، «ئىسلاھات ۋە
تەرەققىيات»، «مىللەت خەزىنىسى»، «كۆلكە خۇ-
رۇچلىرى»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»،
«دۇنيا مىللەتلىرى»، «گۈلدەستە»، «گۈزەل سەن-
ئەت گۈلزارى» قاتارلىق بىر-بىرىدىن مەزمۇنلۇق،
قىزىقارلىق سەھىپىلەر كىشىلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك
جەلپ قىلىۋالدى. بولۇپمۇ تۇنجى قېتىم مۇشۇ ژۇرنال-
دا تەسىس قىلىنغان «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سە-
ھىپىسى ۋە ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان «زەئىپ تەن،
چۈشكۈن روھ»، «ئەندىشە ئىچىدە تۇغۇلغان سوئال-
لار»، «بەخت تىلەش»، «بىزمۇ شۇنداق ئانىمۇ؟»
، «ئاتا كەممۇ، لاتاكەم؟» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر
ئۆزىنى مەن ئۇيغۇر دەپ يۈرگەن ھەر بىر ۋىجدان
ئىگىسىنى مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى
ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالماقتا، قاتتىق غەپلەت ئۇي-
قۇسىدىن ئويغىتىپ ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتماقتا...
مۇشۇ كۈنلەردە مەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋات-
قان ۋە ئامما ئىچىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىۋاتقان
سىياسىي، نەزەرىيىۋى، ئىلمىي ماقالىلەرنى، مىللە-
تىمىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا، ئېلىمىز ۋە دۇنيا



مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرى، كەشپى-
يات-ئىختىرالىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى بايان قىلىن-
غان سەۋىيىلىك ماقالىلەرنى، ئاممباب تىلدا ئىخچام
يېزىلغان يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە ھېكايە، نەسىر،
شېئىر، قىزىقارلىق يۇمۇر، چاقچاقلارنى ئوقۇپ ھا-
ياجىنىمنى باسالماي قېلىۋاتىمەن. دېمەك باش مۇ-
ھەررىر ئىدرىس باراتنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگى-
رى بىزگە ئېيتقان ئۈمىد-ئارزۇلىرى بۈگۈن ئەمەل-
يەتتە تولۇق ئىسپاتلانغاندى. مانا ھازىر بۇ ژۇرنال
دۇنياغا كېلىش، ئۆسۈپ يېتىلىش، مۇكەممەللىشىش
جەريانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ
ئايرىلماس دوستىغا، سىردىشىغا ئايلاندى.
بۇ ژۇرنال نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەت-
لەرگە ئېرىشەلىدى؟ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياردىمى، قول-
لاپ-قۇۋۋەتلىشى، تەشكىل ۋە رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن
كۆڭۈل بۆلۈشىدىن باشقا يەنە ئاساسلىقى ژۇرنال تەھ-
رىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلى-
شىپ، جاپا-مۇشەققەت، ھېرىپ-چارچاشتىن قورق-
ماي ئىشلىگەنلىكى، ئىزدەنگەنلىكى، يېڭىلىق يارات-
قانلىقى، ھېسابسىز قان-تەر ئاققۇزغانلىقىدىن بولدى
دەپ قارايمەن. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق خادىملارغا سەمىمىي سالا-
مىمنى يوللايمەن ۋە ئۇلارنى چىن كۆڭلۈمدىن قۇتلۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لايمەن! «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، 50 سانىڭغا مۇبارەك بولسۇن! جاپالىق ئەگرى-توقاي 50 قەدەمنى شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان ئىكەنسەن، يەنە يۈز، مىڭ، ئون مىڭ قەدەمنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك باسالايدىغانلىقىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل. كەلگۈسى قەدىمىڭگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق، شان-شەرەپلەر يار بولسۇن!

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئالىي مۇھەررىر)



# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى— مىللەتلەرنىڭ گۈلىستانى

—ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 50 سان چىقىرىلغانلىقىغا بېغىشلايمەن

ئابدۇكېرىم راخمان

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال—«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، چاۋشيەن، قازاق قاتارلىق بەش مىللەت تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان، مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ۋە نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى 50 سانغا توشقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينايدىغان بۈيۈك رولىنى تولۇق جەزملەشتۈرۈش ۋە خۇلاسىلەش مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئىجادكارلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول

ئوينايدۇ. دەرۋەقە، شۇنداق. ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر
ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ھېرىسمەن ئوقۇرمەنلىرىگە
ئايانكى، مەزكۇر ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلى-
قى، ئۇنىۋېرساللىقى، ھەرقايسى كۆزنەكلىرىنىڭ
جەلپكارلىقى ۋە مەزمۇندارلىقى، سىياسىي نىشانىنىڭ
مۇقىملىقى ۋە ھەققانىيلىقى، ئۆزىگىمۇ ۋە ئۆزگىگىمۇ
بولغان مەنپەئەتدارلىقى، ھەم ھېكمەتلىك، ھەم ئىب-
رەتلىك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقى. . . دەك ئالا-
ھىدىلىكلىرى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ گۈ-
لىستانى ۋە كۆزنىكى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇ سەۋە-
تىن، بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچىسىنىڭ سانى يىلسېرى
كۆپىيىپ، تىراژى ۋە نوپۇزى شۇ تېپتىكى بەش خىل
ژۇرنال ئىچىدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەك-
تە. بۇ نەتىجە ئەلۋەتتە بۇ ژۇرنالغا يېتەكچىلىك قى-
لىۋاتقان دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
پارتگورۇپپىسىغا، ژۇرنال ئەتراپىغا ئۇيۇشقان نەچچە
ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت
كىتابخانلىرىغا، شۇنداقلا ئۆزىنى ژۇرنالچىلىق ئىش-
لىرىغا بېغىشلاپ ئۈن-تىنسىز ھالدا جانپىدالىق بى-
لەن ئىشلەۋاتقان ژۇرنالىستلارغا مەنسۇپ.

پېقىرمۇ ھەم مەزكۇر ژۇرنالنىڭ قىزغىن ئو-
قۇرمەنلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر
ژۇرنال ھەققىدە دۆلەتنىڭ ئىچى-سىرتىدا قوزغالغان



ئەجابىي ئىنكاسلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىمەن.

بۇ يىل 6-ئايدا ۋېنگرىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا
مەڭگۈلۈك ئالتايشۇناسلىق كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان
39-نۆۋەتلىك ئىلمىي كونفېرېنسىيىدىن قايتىش سە-
پىرىمدە موسكۋادا ئولتۇرۇشلۇق جۇڭگو مۇھاجىرى
شېرىپجان ئەھمەتوۋنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرۇپ قال-
دىم. شېرىپجان 1953-يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستى-
تۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن موسكۋا كۆمۈركان
ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن تۇنجى قارارلىق
ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كې-
يىن سابىق س. س. س. ر كۆمۈركان مىنىستىرلى-
قىنىڭ تەتقىقات مەركىزىدە ئالىي ئىنژېنېر بولۇپ
خىزمەت قىلغان. ئۇ گەرچە چەت ئەلدە ئولتۇراقلى-
شىپ قالغان بولسىمۇ، ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئىس-
تىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا ئىنتايىن
كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئۇ ماڭا كۆرۈش پۇرسىتىگە ئې-
رىشكەن ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىت-ژۇرناللار ھەققىدى-
كى قاراشلىرىنى سۆزلەۋېتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپا-
قى» ژۇرنىلىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ كۆرىدىغانلىقىنى
ئېيتتى. مەن شېرىپجان ئاكىدىن بۇ ژۇرنالغا نېمە
ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— چۈنكى مەن ئەسلىدە شىنجاڭلىق ئۇيغۇر.
سلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە ئېيتقاندا ئاز سانلىق مىل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لەت زىيالىيسىمەن. شۇڭلاشقا جۇڭگودىكى مىللەتلەر
مۇناسىۋىتىگە ئائىت سىياسەتلەرنى، ھەرقايسى مىل-
لەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى بىلىشكە قىزىقى-
مەن. بۇ ژۇرنالدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر-
نىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كاپالەتكە ئېرىش-
تۈرگۈچى سىياسىي تەدبىرلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلى-
يەت جەھەتتىن خېلى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان
ماقالىلەر بار ئىكەن، بولۇپمۇ ژۇرنالنىڭ «مىللىتىم
ھەققىدە پاراڭ» دېگەن كۆزنىكىدە مىللەتنىڭ مەنىۋى
ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ماقالىلەر،
مىللەت ۋۇجۇدىدىكى غەيرىي سۈپەتلىك ئۆسمىلەر ئې-
چىپ تاشلانغان تەقرىزلەر ئېلان قىلىنىپ بىزنى قايتا
ئويلىنىشقا ئۈندىدى. بۈگۈنكى دۇنيا يەنىلا مىللىي
زىددىيەت ۋە رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا مىللىي
مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلىش ئاساسىدا مىللەتلەر-
نىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق گۈللىنىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈش—دۇنيا تەقەززا بولۇۋاتقان قىزىق
نۇقتىلارنىڭ بىرى. بۇنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە
قىلىش ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ھەر-
قايسى دۆلەت ۋە رايونلار ئۆزلىرىنىڭ توغرا مىللىي
سىياسىتىنى بەلگىلىشى كېرەك. سۇبيېكتىپ جەھەت-
تىن ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ رىقابەت ئېڭى-
نى كۈچەيتىپ، ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقلارنى رەھىم-



سىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغانلىقى بى-
لەن بىللە يەنە ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ،
مىللىي غۇرۇر ۋە شىجائەت تىكلەشكە ئەھمىيەت بې-
رىش كېرەك. مۇشۇ جەھەتلەردە مەزكۇر ژۇرنال
خېلى ئەتراپلىق خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ،—دېدى.

دەرھەقىقەت، مەزكۇر ژۇرنالدىكى «مىللىتىم
ھەققىدە پاراڭ» كۆزنىكى بۇ ژۇرنالنىڭ كەڭ جاما-
ئەتچىلىكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كېلىۋاتقان جانلىق
ئۆزگىچە سەھىپىلىرىدىن بىرى. بۇ ھالنى نۆۋەتتە
ئۇيغۇرلارمۇ دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ
تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىلغار تەرەپلىرىنى
قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەرەق-
قىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈش ئېڭى
تۇرغۇزۇش يولىدا ئىزدىنىۋاتقانلىقىنىڭ كونكرېت
بەلگىسى دېيىش مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، مىل-
لىي ئاڭ بارلىق ئاڭ كاتېگورىيىلىرى ئىچىدە ھەر
بىر كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ پائالىيىتى-
دە ھەممىدىن روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان چوڭقۇر
يىلتىزلىق ئاڭ كاتېگورىيىسىدۇر. بۇ مىللىي ئاڭ
كاتېگورىيە سىستېمىسىنى قانداق قىلىپ ئىنتېرناتى-
سىئوناللىق روھ ئاساسىدا يېڭىلاش، ئەنئەنىۋى مىل-
لىي ئاڭنىڭ قاتمال رامكىلىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ
دۇنياغا يۈزلىنىش، ئىسلاھات ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ

تەلىپى، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسىنى
ئۆستۈرۈشنىڭ تەدبىرى. بۇ ئەلۋەتتە «مىللەتلەر ئىت-
تىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي تەشۋىقات نىشانى بى-
لەن بىردەكلىككە ئىگە.

ھەر قېتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ
مۇشۇ كۆزنىكىدىن بەھرە ئېلىۋاتقان ۋاقتىمدا، مىل-
لىتىم ئارىسىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلە-
سەم ھەم ھاياجان، ھەم ئاچچىق تۇيغۇ قەلبىمنى
لەرزىگە سالىدۇ.

ھاياجانلىنىدىغىنىم، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ
دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مېلودىيە-
سىگە ئاھاڭداش بولۇۋاتقان يېڭىچە بىر مەدەنىيەت
ئېڭىنىڭ تەدرىجىي (گەرچە قەدىمى ئاستا بولسىمۇ)
تۇرغۇزۇلۇۋاتقانلىقى، ھەددىدىن ئاشقان مىللىي پو-
چىلىققا ئوت ئېچىپ، «ئا Q» چىلىق روھىنىڭ ئۇي-
غۇرلار ۋۇجۇدىدىكى چەمبەرسىمان ئىزلىرىنى تازى-
لاش ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلىقى، خېلى زور بىر تۈر-
كۈم ياش قىرانلىرىمىز دەۋرنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈ-
رۈشكە رازىمەنلىك بىلەن ئىلىم-مەرىپەت كەمىرىنى
چىڭ باغلاپ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى
ئىستىقبالى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىلىم-پەن
چوڭقۇرلۇقىغا قەدەم بېسىۋاتقانلىقى، ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ تارىخى، ئەنئەنىۋى ئۆدۈملىرىنى ئىبرەت قى-



لىپ، چۈشكۈنلۈك، تەسەللىچىلىك، پانىي دۇنياچى-
لىق، قانائەتكويلۇق، روھىي دىۋانىلىق، ھەشەمەت-
خورلۇق، تۇراقسىزلىق، مەھكۇملۇق، ھەسەتخور-
لۇق، ئاچكۆزلۈك، چاكىنا سىپاگەرچىلىك، تەلۋى-
لىك، غۇرۇرسىزلىق قاتارلىق ئۇزاق مۇددەتلىك بې-
كىنمە ئاتموسفېرا يېتىشتۈرگەن تېز تارقىلىشچان
كېسەل مىكروبلىرىغا قارشى ئىممۇنىتېت ئوكۇلى
ئۇرۇۋاتقانلىقى ۋە باشقىلار.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ كۆپ ياخشى نىيەتلىك كى-
شىلىرىمىز ئۇيغۇر جەمئىيىتى تۇرۇۋاتقان نېگىزلىك
ھالەتنى، بۇ ئاساسىي مېلودىيىنى تېخىچە تولۇق
ھېس قىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. «دۇنيا زىددىيەتلەر
بىرلىكىدىكى زىددىيەتلەر جېڭى» (جالالىددىن رو-
مى) ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتىدۇ. ئەكسى-
چە، ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۆزلىرىگە مىللەت چۈم-
پەردىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆز تەقدىرلىرىدىن ۋايسى-
ماقتا. بەزىدە ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى
پەش قىلىپ، دونكىخوتتەك شامال تۈگمىنىگە قارشى
ئۇرۇش ئېلان قىلسا، بەزىدە ”ئۇيغۇردەك نادان، قا-
لاق مىللەت دۇنيادا تېپىلمايدۇ“، ”قوي گۆشى يې-
گەچكە شۇنداق“ دېگەنگە ئوخشاش بىمەنە سەپسەتىلە-
رى بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خۇنۇك-
لەشتۈرمەكتە ۋە ھاقارەتلىمەكتە. مېنىڭچە، بۇ قا-

راشلارنىڭ ھەر ئىككى تىپى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس. چۈنكى يەككە ئادەم بىلەن تارىخىي يوسۇندا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىق ھېسابلىنىدىغان مىللەت ئۇقۇمى ھەرگىز تەڭ ئەمەس. شۇڭلاشقا ئادەملەرنى ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىشقا بولىدۇكى، بىر پۈتۈن مىللەتنى ياخشى ياكى يامان دەپ رەتكە تۇرغۇزۇشقا، يەككە ئادەملەرنىڭ نۇقسانلىرىنى مىللەتنىڭ نۇقسانى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ.

سېلىشتۇرمىلىق مىسال:

80-يىللارنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇرلاردىن مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، ماگىستىر ياكى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر، ئالىي مەكتەپلەردە دوتسېنت ۋە پروفېسسور بولۇپ باھالانغانلار يوق ئىدى. 15 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 200دىن ئارتۇق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلار 50 كە يېقىن، ئاكادېمىك ۋە دوكتور ئاشتى ئۇنۋانى ئالغانلار بەش ئەتراپىدا. دۆلەت راسخوتى ياكى شەخسىي راسخوتى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدىن (30 نەچچە



دۆلەتتە) ئوقۇۋاتقان ۋە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى جاپاغا چىداش روھى ۋە يۇكسەك تىرىشچانلىقى بىلەن چەت ئەللىك ئىلمىي خادىملارنىڭ قوللىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا.

28 يېشىدا لېنىنگرادتا تىببىي پەنلەر بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىقتىدارلىق ئالىم خالمۇرات، داۋالاش ساھەسىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك كەشپىياتى بىلەن دۇنيا تىببىي ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئالىملارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرى مائاش، يۇقىرى تەمىنات بىلەن ئىشلىتىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئانا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزگە يۇرتتىكى ”مەئىشەت“لىك ھاياتتىن خانتەڭرى ۋادىسىنىڭ توپا-چاڭلىرىنى ئەۋزەل كۆردى. يۇكسەك ئىرادە ۋە شىجائەت بۇ ياش ئالىمغا شان-شەرەپ ھەدىيە قىلدى. ئۇ ھازىر شىنجاڭدىكى ئەڭ ياش پروفېسسور، مەملىكەت بويىچە ئۆلگىلىك ئون ياشنىڭ بىرى، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس. ياپونىيىدە ئوقۇپ جۇغراپىيە كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن تاشپولات، ئانا مەكتىپى شىنجاڭ ئۇنىۋېر-

سىتېتىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 35 يېشىدا
پروفېسسور، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس،
شىنجاڭدىكى 1-تۈركۈم ئۈلگىلىك ياشنىڭ بىرى،
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ
مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدى-
رى بولۇش قاتارلىق ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن شەرەپ-
مۇكاپاتلار ئالدىدا قانائەتلىنىپ ئۆزىنى بوشاشتۇرۇپ
قويماي، يەنە ياپونىيىلىك داڭلىق جۇغراپىيە ئالىملى-
رىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇلار بىلەن ھەمكارلى-
شىپ، «تەكلىماكان جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈش ۋە
خەرىتىلەشتۈرۈش» تەك خەلقئارا تەتقىقات تېمىسىنى
بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىمەكتە.

فىزىكا ساھەسىدە دوكتور ئاشتى كۆرەش ئىبرا-
ھىم، خىمىيە پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاشتى زەپەر
ئابلىز، تارىخ پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاشتى نەبىجان
تۇرسۇن، فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئالتايشۇناس
دوكتور لېتىپ توختى، تۈركولوگ دوكتور ياسىن
ھوشۇر، ئابدۇرېشىت ياقۇپ قاتارلىق ئونلىغان ياش
ئالىملار بۆسۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى-
نىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق زىيالىيلىرى بولماسلىق-
تەك بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەم
يېڭى، ھەم ئىجادىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسىپداشلىرىنىڭ



دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ، ھېچ بولمىغاندىمۇ بەزى-
لەر ئېيتىپ يۈرگەندەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنداق "دۆت،
نادان، ساپاسىز" مىللەت ئەمەسلىكىنى ئەمەلىي پا-
كىتلار بىلەن ئىسپاتلىدى.

مەن بىۋاسىتە كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان مۇنداق
بىر تەسىراتىمنى ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سېلىشنى لايىق
كۆردۈم. بىزنىڭ چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇ-
چىلىرىمىز تۇرمۇش شارائىتى گەرچە ئىنتايىن قىيىن
بولسىمۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىنتايىن روھ-
لۇق ۋە ئۈمىدلىك ئوقۇۋېتىپتۇ. مەن بۇ يىل ۋېنگرى-
يىگە قىلغان ئىلمىي سەپىرىمدە بۇداپېشتتا ئوقۇۋات-
قان ئون نەچچە ئۇيغۇر ستۇدېنت بىلەن بىرقانچە كۈن
بىللە بولدۇم. بۇداپېشتتەك يۇقىرى ئىستېماللىق
غەرب شەھىرىدە بىر ئادەمنىڭ بىر ئايلىق تۆۋەن سە-
ۋىيىدە غىزالىنىش راسخوتى 200 ئامېرىكا دوللىرى-
دىن كەم ئەمەس ئىكەن. بىراق بىزنىڭ بۇ ئۈمىدۋار
ئەۋلادلىرىمىز ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتىدىن بېرىلىدىغان
100 ئامېرىكا دوللىرى تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا تايى-
نىپ، ئىنتايىن تېجەشلىك بىلەن خاتىرجەم ھالدا
تىرىشىپ ئوقۇپ، كۆپىنچىسى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار
قاتارىدا ئەڭ نوپۇزلۇق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا تاللىنىپ،
ئۆتكۈر پەنلەر ساھەسىدە ئوقۇۋېتىپتۇ. ئەمدىلا 17
ياشقا كىرگەن دىلرابا ئابدۇلئەھەت بۇداپېشتتا ئوقۇ-

ۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆتكەن يىلى بۇداپېشت شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئارا ئۆتكۈزۈلگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماجار تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، 500 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن مۇكاپاتلىنىپتۇ.

موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات-ژۇرنالىستلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان پەخرىدىن ھېسامىدىن ئوقۇش تارىخىدا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسىدىن ئايرىلماي بەش يىلنى ئۆتكۈزگەن ۋە بەش يىل ئۇدا ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇ ژۇرنالىستلىق كەسپىنى تاماملاپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغاندىن تاشقىرى، ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىدا قوشۇمچە ئوقۇپ، باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەمدىلا 23 ياشقا تولغان پەخرىدىننىڭ بۇنداق تىرىشچانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى دوكتورلۇق ئوقۇشقا ھەقسىز تەكلىپ قىلغان.

روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تارىخى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن نەبىجان تۇرسۇننىڭ ئاكادېمىيىدىكى تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ ئالتە يىلدىن بېرى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۈكسەك



www.uyghurkitap.com

مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ۋەتەن خەلقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھەر كۈنى كۇتۇپخانىدا ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلەپ ۋە ئۆگىنىپ، نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇ ئوقۇۋاتقان ئىنستىتۇتنىڭ باشلىقى نىكولاي باسلوۋ بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، ئۇ ھاياجان بىلەن: ”بىزدە نەچچە يۈزلىگەن چەت ئەللىك ئاسپىرانتلار ئوقۇغان ۋە ئىشلىگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەبىجاندەك ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىرى ئاز. مەن تارىخىي كىتابلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ”جەسۇر، جەڭگىۋار مىللەت شەرىپىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان. مۇشۇنداق بىر روھ بىر مىللەتنىڭ نەبىجاندەك ھازىرقى زامان پەرزەنتلىرىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. ئەگەر نەبىجاندەك تىرىشچان ھەم ئەقىلدان بالىلىرىڭلار بولسا، بىز يەنە بىرقانچە دوكتور تەربىيىلەپ بېرىشكە ھەتتا ئوقۇش راسخوتىنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىشقا تەييارمىز“ دېدى. موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تاللاپ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، نەبىجان بۇ يىلدىن باشلاپ ”دوكتور ئاشتى“ بولۇپ ئوقۇۋېتىپتۇ.

تۇرمۇشتىكى كەمتەرلىكى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن تۈركولوگىيە ئىلمى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ئابدۇرشىت ياقۇپ ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تۈركولوگىيە ئالىمى پروفېسسور

گېنىڭ شىمەن ئەپەندىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئارقا-ئارقىدىن چەت ئەل ئاكادېمىيىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش ھەققىدىكى تەكلىپنامىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ ئۆزى گېرمانىيىدىن سېتىۋالغان ئەڭ زامانىۋى كومپيۇتېر بىلەن قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان «مانى ۋەسىقىلىرى»نى رەتلەپ تەتقىق قىلىپ، خەنزۇ تىلىدا 300 مىڭ خەتلىك كېلىدىغان يۇقىرى ئىلمىي قىممەتلىك ئەسەرنى ئىشلەپ چىقتى. گېرمانىيە، گوللاندىيە، ياپونىيە، شىۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم ساھەلىرى ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئالاھىدە قىزىقماقتا. ئۇ ھازىر گېرمانىيە ۋە ياپونىيىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شۇ دۆلەتلەردە ئالتە ئايلىق مۇددەت بىلەن تۈركولوگىيىدىن لېكسىيە ئوقۇشقا يۈرۈپ كەتتى.

زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئەمەلىي ۋە تەسىرلىك مىساللار ھەقىقەتەن كۆپ. بۇ، مۇقەررەركى ئاساسلىق تەرەپ. ئەگەر بىز مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ئاساسىي تەرەپنى، تەدرىجىي بېيىۋاتقان ئىجابىي ئامىللارنى كۆرمەي، ھە دېسىلا ”بىز تۈگەشتۇق!“ دەپ ئۆزىمىزدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ۋايساپ-قاقشاپ ۋە قېيداپ يۈرسەك، ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى يوقاتساق، ئۇ ھالدا



ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تېڭىرقاپ، بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنىپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق ”ئەبگا“غا ئايلىنىمىز! چۈنكى ”ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ“. دەرۋەقە، بۇنداق قاقشاش ۋە قېيداشقا سەۋەب بولۇۋاتقان تارىخىي، ئىجتىمائىي مەنبەلەرنىمۇ چەتكە قاقمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى نىيەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ قەلبىنى ئازابلاۋاتقان، تەدرىجىي شەكىللىنىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپ قېنىنى، ۋۇجۇدىنى چىرىتىۋاتقان بەزى ئەجەللىك نۇقسان ۋە سەۋەنلىكلىرىمىز ھەم بار. بۇ نۇقسانلارنى ئىخچاملاپ، خۇددى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى ئېيتقاندەك ”ئومۇمىي ساپا جەھەتتىكى نىسبەتەن تۆۋەنلىك“ دېسەك ئارتۇق كەتمەس. بىز بۇنداق نۇقسانلارنى پەقەت مىللىي ئاڭ نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك ۋە مىللەتنى ھەقىقىي سۆيۈشتەك .سەمىمىيەت ئۆلچىمى ئاساسىدا ئۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي يىلتىزىنى قازالىساق، ئاندىن بۇ مەنىۋى كېسەلگە شىپا تاپالايمىز.

مەن ھەر يىلى دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئەڭ زىچ ماكانلاشقان قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ تۇرىمەن. تارىختا ”مەدەنىيەت بۆشۈكى“، ”مەدەنىيەت ئوچىقى“ دەپ نام-شەرىپى تارقالغان مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالەمگە مەشھۇر پەخىرلىك ئوغلانلارنى يې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىشتۇرگەن بۇ ئەزىزانە تۇپراقنىڭ بۇگۈنكى مەنىۋى قىياپىتى كىشىدە ئەجەبلىنىش، خورسىنىش ھېسلىرىنى قوزغايدۇ. . . «شەرق بويىچە ئەڭ كاتتا بازار» دەپ نام ئالغان قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى زىيارەت قىلسىڭىز، سەرەڭگە قېپىدەك رەت-رەت بولۇپ كەتكەن نەچچە مىڭلىغان دۇكانلاردا خېرىدار چاقىرىپ سودا قىلىۋاتقان دۇكان خوجايىنلىرىنىڭ 80—90%تى 15 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى سەبىي باللار ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. تېخى ئالدىغا ئۆزىدىن چوڭ تەۋەڭنى ئېسىۋېلىپ كوچا ئارىلاپ «تاماكا، سەرەڭگە!» دەپ توۋلاپ يۈرگەن بالا «تىجارەتچىلەر»چۇ؟ ئۇلار يوقسىزلىقتىن ئوقۇيالمىغانمۇ ياكى كەلگۈسىدىن نائۈمىد ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئۇلارغا قىلغان «شاپائىتى»مۇ؟ بەزى ئۇچۇر-مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەشقەردە ئۆتكەن يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش نىسبىتى 50% ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ كەتكەن، مەن بۇ مەسىلىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ بەزى ئاتا-ئانىلار بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، «باشلانغۇچ مەكتەپتىن كېيىن باللىرىمىزنى ئوقۇتۇشتىن توختىتىپ، قانداقلا ئىشقا سالساق كۆنىدىكەن، شۇنداق قىلىپ 17—18 ياشقىچە ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى تاللىۋالىدىكەن. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇتساق



پەقەت ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىشتىن باشقا چارە يوق ئىكەن. ئالىي مەكتەپكە ناۋادا كىرەلمەي قالسا، ئۇنداق باللار ھېچ ئىشقا مەيلى يوق ئاقنانچى بولۇپ قالىدىكەن. ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسا، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تېپىش قىيىن تۇرسا، ئۇنىڭدىن كۆرە ئون نەچچە ياش—قايماقتەك يۇمشاق ۋاقتىدا بىرەر ھۈنەر ياكى سودا يولىنى ئۆگەتكىنىمىز تۈزۈك» دېيىشىدۇ. شۇنداق، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىمىزدا «ئوقۇش= كادىر بولۇش» ئۇقۇمى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكىدەك ئاۋۋال ئوقۇپ، مۇئەييەن پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇش، ئاندىن ئىش تۈرىنى تاللاش، قىسقىسى مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن بولۇش ئېڭى تېخى بىزدە تۇرغۇزۇلمىغان. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن دەۋر تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغان. ئاتاقلىق پەيلاسوپ مەۋلانا جالالىددىن رۇمى «كىمكى دۇنيانىڭ غېمىنى يېمەي، ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلىسا، بىر ئۆزى ئۈچۈنلا كۆيۈپ-پىشسا، ئۇ ئىنسان ئەمەس، بەلكى ھايۋاندۇر» دېگەن. دەرۋەقە، ئېرىشكەنگىلا قانائەت قىلىش—مەنىۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ بىرلىكتە قەدەم تاشلاش—ھەقىقىي ھاياتلىق.» ھەرقانداق مەسىلىنى ئىجابىي نۇقتىدىن، ئۈمىدۋارلىق نۇق-

تىسىدىن چۈشىنىش كىشىگە روھىي ئازادلىق ئېلىپ
كېلىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان روھ ئەقىلمۇ
ئەمەس. بەلكى ئۇ بىرلىكنى ئالاھىدىلىككە قوشۇش،
ئالاھىدىلىكنى بىرلىكتە كۆرۈش ئىشتىياقىدۇر.
بىر كۈنى قەشقەردىكى بىرچوڭ كوچىدا كېتىۋې-
تىپ مۇنداق بىر ئەھۋالغا يولۇقتۇم. 20 ياشلار
ئەتراپىدىكى ئۈچ-تۆت بالا چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا
تۇرنىلاردەك سەپ بولۇشۇپ، ھېچنېمىدىن پەرۋاسىز
ھالدا بىر-بىرىگە ۋارقىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن بىر كىرا ماشىنىسى ئۈزۈلدۈرمەي سىگ-
نال بېرىپ يول بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. بۇ
”ئەزىمەت“لەر ماشىنا سىگنالىغا قەتئىي پىسەنت
قىلماي ماشىنىغا قاراپ قويۇپ، شوپۇرنى مەسخىرە
قىلىپ، ماشىنا بىلەن يول تالىشىۋاتاتتى. يۇرۇشكە
ئىلاجىسىز قالغان شوپۇر بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى
يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا، بۇ ”ئەزىمەت“لەر-
دىن بىرى ماشىنىنىڭ ئالدى ياپقۇچىغا شاپىلاق بىلەن
بىرنى ئۇردى. بۇنداق يولسىزلىققا چىدىمىغان شوپۇر
كابىنكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ: ”بۇ نېمە قىلغى-
نىڭلار؟ پىيادىلەر يولىدا يۈرمەي نېمىشقا چوڭ يول-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋالىسىلەر؟“ دېيىشىگە،
”ۋەي كاپىر! بۇ يول بىزنىڭ، ماشىنام بار دەپ
تېخى بىزگە ئۇدۇق-بۇدۇق دەيسىنا؟!“ دەپ قەستەن


جېدەل چىقارماقچى بولۇپ ماشىنىنى ئورۇۋالدى. بۇ
جەرياننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچقا، كارىم
بولماي كېتىشنى ۋىجدانىم راۋا كۆرمەي، ئۇلارنىڭ
يېنىغا بېرىپ سۇلھى-سالا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.
”ئۇكىلار! ئۇنداق يولسىزلىق قىلماڭلار، بۇ شوپۇردا
نېمە گۇناھ؟“ دېيىشىمگە ئۇلار ماڭا گۆلىيىپ: ”ۋاي
ئاكا، سىلىدەك پورداقچىلارنىڭ دەستىدىن بىز مۇشۇ
كۈنگە قېلىۋاتىمىز. سالاچىلىق قىلماي يولىلىرىغا
ماڭسىلا!“ دېيىشتى. ناۋادا قاتناش ساقچىلىرى پەيدا
بولمىغان بولسا، بۇ يەردە يەنە قانچىلىك ”تاماشا“
بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم.
نادانلىق ئېغىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان بۇنداق
ئەخمىقانە نوچىلىقنى ئۇرۇمچىدىمۇ پات-پات ئۇچرى-
تىپ تۇرىمەن. كىم يولسىزلىق قىلسا، ئۇ قايسى
مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورتاق قارشى تۇ-
رۇش ھەممىمىز ئۈچۈن ئەقەللىي ساۋاتقۇ؟ ئۆزىنى
ئۆزى چۈشەنگەن ۋە ۋىجدانى بىلەن ئۆزىنى كونترول
قىلالىغان كىشىلا ئىنسانىي پەزىلەتكە ئېرىشەلەيدۇ،
ئىنسانىي پەزىلەتتى بولغان كىشى ئىنسانىي ئەركىن-
لىكتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەرقانداق ئىنساندا ئۆ-
زىنىڭ قارار ئىرادىسى بىلەن ئىستىقبالىغا قاراپ ئىن-
تىلىش روھى بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە،
ھەممىدىن ۋايساپ-قاقشاپ، ھەممىدىن قېيىداپ يۈر-

سەك، ئۆز ئورنىمىز ۋە بۇرچىمىزنى بىلمىسەك،
ئالەم گوياكى مەنىسىز بىر زىندان بولۇپ تۇيۇلىدۇ.
مەن دوستلارنىڭ بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشىدا نوپۇز-
لۇق بىر گېزىتنىڭ پېشقەدەم مۇخبىرىدىن مۇنداق
بىر ئۇچۇرنى ئاڭلىدىم: مەلۇم شەھەردە ئىچىلغان
كادىرلار يىغىنىدا بىر باشلىق ئاشكارا ھالدا مىللىي
سىياسەتكە خىلاپ كېلىدىغان نۇتۇق سۆزلەپتىمىش،
مەن ھەيران قېلىپ بۇ مۇخبىرغا "خاتالىق ئېنىق
تۇرسا، سىلەر نېمىشقا گەپ قىلمىدىڭلار؟" دېسەم،
ئۇ "بەللى ئەپەندى سىلە ۋەزىيەتنىڭ ئارقىدا قاپلا،
باشلىقنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىشقا كىمنىڭ ھەد-
دى؟" دەيدۇ. ئويلىنىپ قالدىم. ھېچبولمىغاندا پار-
تىيە گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن
كىشىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئىنكاس
قىلىش ھوقۇق-مەجبۇرىيىتى يېتەرلىكقۇ؟!
ھەقىقەتەن، جەمئىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئىج-
تىمائىي قۇرۇلما بولغاچقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە
ياكى مىللەتلەرئارا مۇناسىۋەتتە نىسبىي تەڭسىزلىك
ياكى قىسمەن كۆڭۈل ئازارلىقىدىن ساقلىنىش تەس.
لېكىن ھەقىقەت ھەردەم تىرىك؛ ھەردەم تۇغۇلۇپ
تۇرىدۇ، شۇنىڭغا ئىشەنگەندىلا كىشىدە جۈرئەت تۇغۇ-
لىدۇ. ئەكسىچە، كىشىلىك بۇرچىمىزنى ئۇنتۇپ،
سوغۇق تەسىراتقا يولۇققاندا كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىپ



ھەممىگە قېيىداپ يۈرسەك، كۆڭۈل ئازارلىقى ئىچىمۇ
ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. ھەر بىر شەخس ئۆزىنىڭ
قانۇنىي ھوقۇق-مەجبۇرىيىتىنى چوڭقۇر بىلىشى ۋە
ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن ئەمەل قىلىش زۆرۈر.
مېنىڭچە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدىكى ئا-
جىز ھالقىلارنىڭ بىرى ئەنە شۇ. "قانۇن ئالدىدا ھەم-
مە ئادەم باراۋەر" دېگەن بۇ ئاقىلانە ھۆكۈمنى بۇندىن
1000 يىللار ئىلگىرى مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ ئوتتۇرىغا قويغانغۇ؟ بىزدە "يولدىن چىقما، خاز-
دىن قورقما" دېگەن تەمسىل بار. خۇددى "قېيىدىغان
ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان" دېگەندەك، زىيان-زەخ-
مەت كۆرمەيلى دېسەك، قېيىداش ئېڭىنىڭ ئورنىغا
قانۇنچىلىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ھەممىدىن زۆرۈر-
دۇر.
"ئەينەك بولمىسا ئىنسان ئۆز چىرايىنى كۆرەل-
مەيدۇ. ئۇ باشقا بىر كىشىسىز ئۆزىنىمۇ بىلمەيدۇ.
چۈنكى جامائەت ئەزاسى ھېسابلىنىدىغان ئىنسان ئۆ-
زىنى باشقىلارنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن چۈشىنىدۇ.
ئەمما ئىنسان مېخانىك ئەينەك ئەمەس، ئۇ ئەكسىمۇ
ئەتتۇرىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ھەم يورۇتىدۇ، سۆيۈپ بېكىتمۇ
ئۆزى، ئوبيېكتمۇ ئۆزى" (جالالىددىن رۇمى). بىز
ئېڭىمىزنى پەلسەپە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەندىلا،
ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان تۈرلۈك-تۈمەن شەيئىلەر-



www.uyghurkitap.com

نى ۋە ئۇلاردىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى توغرا كۆزىتىش ۋە ئەقلىي جەھەتتىن خۇلاسىلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز. بىز ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشىمىز مۇمكىن؛ پەقەت بىرلا نەرسىنى — دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدۇق، نېمە ئۈچۈن ياشايمىز، شۇنى ئۇنتۇمىساق بولغىنى. ئۆزىدىكى ئازغىنە كەمتەردىن ھەقىقەتنى تاپالىغان كىشى ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنىمۇ تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

* * *

مېنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن تەسىراتىم «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ رەڭمۇرەڭ سەھىپىلىرىدىن بەھرە ئېلىش ئاساسىدا تۇغۇلدى، قەلبىمگە پۈككەن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللىي گۈللىنىش تەقەززاسىدىن تۇغۇلدى. مەن دەۋر قەدىمى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان، كىشىلەر قەلبىدە ماياك بولۇۋاتقان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆزىنىڭ توغرا تەشۋىقات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى مىللەتلەر گۈلىستانى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۆزنىكى بولۇشقا تىلەكداشمەن.

1996-يىل 10-ئۆكتەبىر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)



# بىز ”ھەممىدىن ياخشىسى“ — سىلەرنى — «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تاللىدۇق!

ھاراق سۈپىتىنى باھالايدىغان خەلقئارالىق ئورگانلاردىن ”ئالتۇن مېدال“، ”ئالاھىدە ئالتۇن مېدال“ دېگەنلەرنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولارمىش. كونىگە نەچچە قېتىم ماختىلىپ كىشىنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەيدىغان داڭلىق گىرىم-پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ بەزىلىرى گۈزەل قىزلارنىڭ ئايدەك رۇخسارىنى سەتلەشتۈرۈۋېتەرمىش؛ يالغان يامبۇ، يالغان چوكا ئالتۇن ساتقۇچىلارمۇ ساددا ئادەملەرنى ئالداپ، جانى ”جىڭ“ قىلىپ كۆرسىتىپ، ھەسرەت-نادامەتتە قويارمىش. بىز بۇنداق ماختاپ ئۇچۇرۇش، داڭلاپ دەرد-پىغاندا قويۇشلارنى خېلى كۆپ كىشىلەردىن ئاڭلىغان ياكى گېزىتلەرنىڭ ”ھەزەر ئەيلەڭ!“ ستونلىرى ئارقىلىق كۆرگەن.

ئۆزىدە يوق سۈپەت گۈلدەستىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇچرىغانلا بىرسىگە قاش ئېتىپ، كۆز قىسىپ، ئۆزىگە شېرىك، مېلىغا خېرىدار، سودىسىغا

بازار ئىزدەش ھەلەكچىلىكىدە جاھاننى رىقابەت جېڭى، ئېلان داۋرىڭىغا كۆمگەن. ئالامانىنىڭ قارىشىسىدىن چىقىپ، ساددا ئەمما چىن لەۋزى بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىش غۇرۇرىدا، مەردانە چاقىرىقتا جاكارلانغان مۇنۇ خىتاب 10 مىڭلىغان مۇشتەرى، 100 مىڭلىغان كىتابخانلارنى ئۆزىگە شەيدا قىلدى:

— بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز، ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن! . . .

شۇنداق، سىلەر ”ھەممىدىن ياخشىسى“نى تاللاپ بولالمايسىلەر، چۈنكى بىرىنچىدىن تاللاپ ئۈلگۈرەلمەيسىلەر، ئىككىنچىدىن، ”بىز ھەممىدىن ياخشى!“ دەپ داۋراڭ كۆتۈرۈش ياخشىلارنىڭ ئەخلاقىي سۈپىتى ئەمەس. يېپەك يۇرتىنىڭ كىشىلىرى شۇنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنكى، پىلە قۇرتى داۋراڭ سالمايدۇ، ئۇ ئۈن-تىنسىز مەشۇت بېرىدۇ. ماھىر ئۇستىلار ئۆز ھۈنىرىنىڭ كامالىتىنى توقۇپ چىققان ئېسىل شايى ئەتلەسلىرى ئارقىلىق جامائەتكە جىم-جىم نامايىش قىلىدۇ.

سىلەر شۇنداق ”جىم-جىم نامايىش“ قىلىش يولىغا مەزمۇت قەدەم تاشلىدىڭلار. سىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرىڭلارنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى



كومىتېتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىردىنبىر مەملىكەت دەرىجىلىك سىياسىي نەزەرىيىۋى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت گۈلزارلىقىمىزنى ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى، مول بىلىم بېرىش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق بېيىتىپ رېئاللىقنى ئەينەن، مىللىي ئالاھىدىلىكنى كۈچلۈك، مەزمۇن دائىرىسىنى كەڭ قىلىپ، جانلىق باشقۇرۇلۇپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئەتراپىغا كۆرمىڭلىغان ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلدى.

بىز بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىدىن پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىزچىللىشىش ۋە ئەمەلىيلىشىش جەريانىدىكى كونكرېت ئىشلارنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى، پەن مەدەنىيىتى ۋە ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش يولىدىكى ئىزدىنىشلەرنى، يېڭى-يېڭى ئىقتىسادىي ئۇچۇر، تەسەۋۋۇرلارنى، ئىقتىسادقا دائىر بىلىملەر، يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوقۇدۇق. بۇلا ئەمەس، بىز ژۇرنال سەھىپىلىرى ئارقىلىق دۇنيانى، ۋەتىنىمىزنى، ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى بىلىش-چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. قىسقى-

سى، بىرمۇنچە ”نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن؟“لەرگە ۋە
”قانداق قىلساق، قانداق ماڭساق بىزمۇ باشقىلار-
دەك . . . ؟“ دېگەن كونا چىگىش سوراقلارغا قىسمەن
جاۋاب تاپتۇق! ئۆزىگە ئالەمچە ھەجۋىي، كۈلكە خۇ-
رۇچلىرىنى جەم قىلغان قىزىقارلىق سوئال ھەم مۇنا-
سىپ جاۋابلار ستونىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ھاردۇقىد-
مىز چىقىپ، كۆڭلىمىز يايراپ قالدى. . .
جاھان كەڭ، بىز بىلمەيدىغان ئىشلار جىق، بىز
جاھان مۇئەممالىرى ئالدىدا گاڭگىراپ، ئۇنىڭ سىر-
لىق، كۈتۈلمىگەن جاۋابلىرىدىن ھەيران بولۇپ، ئۆت-
مۈشىمىزنىڭ شەۋكەتلىك ياستۇقىنى قۇچاقلاپ، ئە-
تىنىڭ تەننازلىق چاقىرىقلىرىدىن ئەيمىنىپ، ”تۈنۈ-
گۈن“گە تەۋە ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىگە تەۋە ”ئەتە“-
نىڭ ئارىسىدىكى مۇشۇ بۈگۈننى ”شۈكۈر-قانائەت“كە
كۆمۈپ يۈرگەن ئادەملەر.
بىز تۈنۈگۈنىمىزدىن شۆھرەتلىنىمىز، بۈگۈنى-
مىزدىن ۋايسىمايمىز، ئەتىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىمىزغا
سىغدۇرالمايمىز. شۇڭا دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئا-
جايىپ رەڭگارەڭ تۇرمۇشى، قىزىقارلىق ئۆرپ-ئادەت-
لىرى بىزنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرسا، ئالەمدە يۈز بېرى-
ۋاتقان ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا
چۆمىمىز؛ قايسىبىر ئىشلاردىن ھەيرەتكە چۈشۈپ
”توۋا. . .“ دەپ ياقىمىزنى چىشلىسەك، يەنە قايسى-



بىر ئىشلاردىن چۆچۈيمىز. نېمىشقا؟ چۈنكى، بىز
گەرچە ”ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا“دا ياشاۋاتقان بولساقمۇ،
تۈرلۈك تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر
تۈپەيلى ”ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا“ مىللەتلىرىدىن نۇر-
غۇن جەھەتلەردە كېيىن تۇرىمىز، شۇڭا بىز ئاڭ،
بىلىم، چۈشىنىش. . . تەرەپلىرىدىكى نۇرغۇن ئىش-
لاردا يەنىلا ئۇچۇرغا، يېتەكلەشكە موھتاج!
«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى بىزنىڭ بۇ
موھتاجىمىزدىن چىقىدىغان بىردىنبىر ئۇچۇر يەتكۈز-
گۈچى ئەلچى. يېتەكلىگۈچى! 50 مىڭ خېرىدارى
بولغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇشتەرىسى بولغانلىقىمىز، يە-
لىغا يەتتە يۈەن 80 پۇڭ تۆلەپ ئۇنىڭغا ېيزىلغانلىقى-
مىز دەل مۇشۇ موھتاجلىقىنىڭ ۋەجىدىن!
«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى
سۆيۈملۈك دوستلار، سىلەرنىڭ ”تەۋسىيە“ڭلار بىز-
گە ياقىدۇ. يەنە بىر قېتىم تەكرار ئېيتىمىزكى:
”بىز ھەممىدىن ياخشىسى“—سىلەرنى، سىلەرنىڭ
ئەجرىڭلارنىڭ مەھسۇلى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپا-
قى»نى تاللىدۇق! بىز ئەڭ ياخشىسى، نادىر ئەسەر-
لىرىمىزنى سىلەرنىڭ ژۇرنىلىڭلار، ياق، بىزنىڭ
ژۇرنىلىمىز بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» سەھىپى-
لىرى ئارقىلىق خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە تەقدىم
قىلىمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكلىكى
www.uyghurkitap.com

ھۆرمەت بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدىن:
روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇرېھىم زۇنۇن، نۇرمۇھەممەت توختى.



# «گۈلدەستە»گە بىر نەزەر

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى دۆلىتىمىزدە نەشىر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى بىردىن-بىر مەملىكەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، ناھايىتى ياخشى چىقىرىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىككى يىلنىڭ مابەينىدە بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر جەھەتتىكى سۈپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدىغانلار كۈنسايىن كۆپەيمەكتە.

كىشلەر بۇرۇن بۇ ژۇرنالنى نوقۇل سىياسىي خاراكتېرلىك ژۇرنال دەپ تونۇيتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ژۇرنالنى كۆرىدىغانلارنىڭ سانى ئاز ئىدى. ۋەھالەنكى ئۆتكەن يىلدىن بۇيان بۇ ژۇرنال «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «ھەجۋىي رەسىملەر»، «كۈلكە خۇرۇچلىرى»، «گۈلدەستە»... قاتارلىق يېڭى ھەم قىزىقارلىق سەھىپىلەرنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئوقۇرمەنلىرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى.

جۈملىدىن مەنمۇ بۇ ژۇرنالنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئاشنالاردىن بىرى بولۇپ قالدىم. يۇقىرىقى سەھىپىلەر ئىچىدە مېنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلغىنى «گۈلدەستە» گە بېرىلىۋاتقان ئۆزگىچە يېڭى پىكىرلىك شېئىرلار بولدى.

بۇ شېئىرلاردا جەمئىيەت ياكى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل ئارقىلىق قامچىلانغان. مەسىلەن: مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1993-يىللىق 5-سانىغا بېرىلگەن ھەجۋىي رەسىم بىلەن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شېئىرى مانا مۇشۇنداق يۇمۇرىستىك ھەجۋىي تىل ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ناچار قىلىق ۋە چىرىك ئىستىللار قامچىلانغان ياخشى شېئىردۇر. ھەجۋىي رەسىمدە گىدىيىۋالغان باشلىقنىڭ ئەمەلدارلىق كىبىرى مەسخىرە قىلىنغان بولسا، شۇ رەسىمگە بېغىشلانغان شېئىردىكى "قولىڭىز بار تەرەپكە ئۆزۈم بازاي، مۇبارەك قولىڭىزنى تۇتۇۋالاي، . . . تامغىڭىزنىڭ يۇقى بىزگە يۇقۇپ قالسۇن، خالايىق بۇ شەرەپنى ئۇقۇپ قالسۇن" دېگەن مىسرالاردا، ئۆز ئىقتىدارىغا، جاپالىق ئەمگىكىگە تايانماي، بەلكى باشقىلارنىڭ سايىسىدا جان باقىدىغان، باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان تەمەخور، خۇشامەتچىلەر مەسخىرە قىلىنغان بىر پارچە ھەجۋىي رەسىم بىلەن بىر نەچچە كۇبلېت شېئىر ئارقىلىق، خۇشامەتچىگە موھ-



تاج ئىقتىدارسىز باشلىق بىلەن مۇھاپىزەت كۆنلىكىگە موھتاج خۇشامەتچىدىن ئىبارەت قوشكېزەك رەزىللىك ناھايىتى ئەپچىل قامچىلانغان.

ئوقۇرمەنلەردە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ۋە بۇ ژۇرنالنى قولدىن-قولغا ئېلىپ، ئىزدەپ سوراپ تېپىپ كۆرۈشكە سەۋەبچى بولغىنى شائىر روزى سايىتنىڭ 1994-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ناملىق شېئىرى بولدى. بۇ شېئىرىدا شائىر ئۆتكۈر شائىرلىق كۆزى، پىشقان شائىرلىق ئىستىداتى، گۈزەل شېئىرىي تىلى ئارقىلىق مىللەتكە چوڭقۇر نەزەر سېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى ۋە مەرەزلىكلىرىنى قەلىمى بىلەن قېزىپ چىققان.

شېئىر بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان يەتتە پارچە غەزەلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى غەزەلدە:

نەسەبتە كۆللى ئالەمدە ئېتىراپلىق مىللىتىم باردۇر،
ئوغۇز پۇشتى-مۇقامى كاتتىلىقتا زىننىتىم باردۇر.
يۈسۈپ، مەھمۇد كىتابىغا يېزىلغان نى باھادىرلىق،
يەنە تاڭ قامۇسىدا قەيت ئەجىرلىك مېھنىتىم باردۇر.
يىپەك، قاشتاش، گىلەم، بۇغداي، بېدە، قەغەز. . . گە بىز ھەقدا،
(بۇنى جاڭ چيەنمۇ تەستىقلايدۇ تۆھپەم، قىمم-

مىتىم باردۇر.)
. . . . . .
دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شان-
ئۇتۇقلىرىنى تارىختىن ستات كەلتۈرۈش بىلەن تەس-
تىقلايدۇ. ئارقىدىنلا بۇ تۆھپىلەرنىڭ ھەممىسى تا-
رىخقا مەنسۇپ، بىز بۇ تۆھپىلىرىمىز بىلەن قانائەتلە-
نىپ، يەنە يېڭى تۆھپە ياراتماي توختاپ قالساق،
كەلگۈسىدە ئەۋلادلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ دېگەن
باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق دېمەكچى بولغان ئاساسىي
پىكىرگە ئۆتۈپ:
ئۆزىنىڭ مىللىتىنى يەرگە ئۇرماس ھېچ كىشى
زىنھار،
مېنىڭ بۇ "تىللىشىم" دا تەكتى ھۆرمەت، خىزمىتىم
باردۇر.
دېگەن مىسرالار ئارقىلىق تۆۋەندىكى بۆلەكلەرگە پى-
كىر يولى ئاچىدۇ.
ئىككىنچى غەزەلدىن باشلاپ "ئۇيغۇر" دېگەن بۇ
تارىخىي ئاتالغۇنىڭ "ئويغۇش، بىرلىشىش، ئىتتى-
پاقلىشىش. . ." دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولسى-
مۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا
بىر-بىرىنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، پىتنى-
خورلۇق ئىللەتلىرى خۇددى ئاشلىقتا چۈشكەن مىتى-
دەك يامراپ كەتكەنلىكى، باشقا مىللەتلەر تەرەققىي


قىلىپ نەگە باردى، بۇنىڭ بىلەن قىلچە ئېيتالاش-
ماي، باشقىلار بىلەن بىلىم، ئىقتىدار جەھەتتە بەس-
لەشمەي، ئەكسىچە زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ
يۈرىدىغان نادانلىقلىرىنى؛ ياشانغانلارنىڭ ئەتىدىن
كەچكىچە "نامازخانلىق" بىلەن، ياشلارنىڭ بولسا بى-
كار تەلەپلىك، ئويۇنخۇمارلىق، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەت-
لىنىش، سۆلەتۋازلىققا بېرىلىش، ھەممە ئىشتا باش-
قىلارنىڭ ئېغىزىغا ۋە قولىغا قاراش بىلەن "بىز دې-
گەن پالانى مىللەت، بىزنىڭ تارىختا ئۇنداق نېمىمىز
بولغان، مۇنداق نېمىمىز بولغان. . ." دەپ مىللەت-
نىڭ تارىختىكى تۆھپىلىرىدىن قانائەتلىنىپ يۈرىدى-
غان بىخۇدلىقلىرىنى؛ مىللىتىمىز ئارىسىدىكى بەزى
كىشىلەرنىڭ ئازراق پۇلغا تايىنىپ خوتۇن ئېلىپ،
خوتۇن قويۇپ بېرىپ يۈرىدىغان "خوتۇن بېدىكلە-
رى"گە ئايلىنىپ كەتكەنلىكلىرىنى، بەزىلەرنىڭ ھا-
راقكەش، بەزىلەرنىڭ يۈرتۋاز، بەزىلەرنىڭ ئىستىلدا
چىرىك، يەنە بەزىلەرنىڭ دوستلۇقنى قەدىرلىمەي گۇ-
رۇھ-مەزھەپ شەكىللەندۇرۇپ يۈرىدىغان "جېدەل
خۇمارلىق"لىرىنى، ئىلىم-پەن ئىگىلەيدىغان ئوبدان
پۇرسەتلەردە قىمار ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار
ئويۇنلىرىدا لاغايلاپ يۈرۈشلىرىنى؛ شۇنداقلا تارىختا
نۇرغۇن زەپەرلەر قۇچقان بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنكى يېڭى
دەۋرنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇش-


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىز قالدۇرۇپ، ئاغزى ئەمدى ئەمچەكتىن ئايرىلغان قىزلىرىنى تالالىق، ئوغۇللىرىنى مالچى ياكى كەتمەنچى قىلىپ، ”كۆزى ئوچۇق قارىغۇلار“دىن قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزىلەرنىڭ گۈلدەك چىرايى بار قىز-ئاياللىرىنى ”روپاچ“ بولۇشقا قىستاپ، ئۇلارنى جاھاننىڭ خۇۋلۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقان كونىلىقلىرىنى كۆيۈنگەن هالدا تەنقىدلەيدۇ.

خىيالىم شۇ: مېنىڭ بۇ مىللىتىمۇ نۇر قۇچاق-
لارمۇ؟
نادانلىق ئىللىتىنى ئىلمۇ-ئىرپاندا پىچاقلارمۇ؟...

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق شائىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن غەم يەيدۇ. قورساقنىڭ غېمىدە قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇرىدۇ ۋە ئەنسىرەيدۇ.

ئارقىدىنلا شائىر بىر سەكرەپ بۇ مىللەتمۇ بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىللەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ هالال ئەجرى ۋە ئەقىل-ئىدراكىغا تايىنىپ بېيىپ روناق تاپقان، مىللەتنى نادانلىق پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىغان كېرەم ئىمىن ۋە دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئالەمگە تونۇلغان ياش ناخشىچى دىلبەر يۇنۇسقا ئوخشاش كىشىلەرمۇ بىزدىن چىققان، چىقماقتا ۋە



چىققۇسى دېگەن ئۈمىدكە تولغان ئوپتىمىستىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ ئۆزىگە، شۇنداقلا مىللەتكە تەسەللى بېرىدۇ. ئارقىدىن بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نۇقتىسىنەزەرى بويىچە هامان ناچارلىق بار يەردە ياخشىلىق بولىدۇ، مەڭگۈ بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولمايدۇ، بىزگە بەخت-ئامەتمۇ قۇچاق ئاچىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزدىنىشكە، ئۆگىنىشكە، ئالغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەن يەكۈننى خۇلاسىلەيدۇ.

دېمەك، شائىر روزى سايىت «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق مىللىتىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنى ئېغىز ئالدۇرۇپ، كەڭ كىتابخانلار ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ”كىم ئىدۇق، كىم بولدۇق، يەنە كىم بولۇشىمىز كېرەك“ دېگەن زور بىر ئىجتىمائىي تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بىر پارچە بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالالىشى ياكى سالماسلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ناھايىتى زور ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە، ئېستېتىك ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە قىلىنغان.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ خوتەندىكى

20 مىڭدىن ئارتۇق مۇشتەرىسى ئىچىدە بۇ شېئىردىن تەسىرلەنمىگەن، سوقا-سۆھبەت قىلمىغانلىرى يوق دېيەرلىك.

ئۇقۇشىمىزچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولمىغانلار ئارماندا قېلىپ، بۇ ژۇرنالنى ئىزدەپ-سوراپ تېپىپ ئوقۇش قىزغىنلىقى تا ئۇرۇمچىدىن تارتىپ خوتەنگىچە تەڭ قوزغالغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سابىق خوتەن ۋالىيسى، ھازىرقى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا خوتەنگە كەلگەندە، ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ، روزى سايىت بىلەن كۆرۈشۈپ، ”روزاخۇن، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدا «ئاھ مېنىڭ مىللىتىم» دېگەن بىر شېئىرىڭلار ئېلان قىلىنىپتۇ، شۇ ژۇرنالنى ماڭا تېپىپ بېرىڭلار“ دەپ بۇيرۇپ تاپقۇزۇپ ئوقۇغان. دېمەك، بۇ شېئىر كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان، چوڭقۇر ئويلىنىشقا، ئالغا ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلغان ياخشى شېئىر.

ئاخىرىدا، بۇندىن كېيىن ژۇرنالنىڭ مانا مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى كەڭ ئامما بىلەن پات-پات يۈز كۆرۈشتۈرۈپ تۇرۇشىنى، مۇئەللىپىنىڭمۇ مۇشۇ



خىلدىكى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكۇمى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدۇ)



www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا
تەكلىپ قىلىنغان تەھرىر: ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىنىسا روزى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇسالام ئابدۇراخمان

# جەزبدار گۈلدەستىلەر

(«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىن تاللانمىلار)

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64228007-010)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1998-يىل 4-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 11.00 يۈەن

ISBN 7-105-03028-3
787105 030286 >

www.uyghurkitap.com




# 1988 — 1998

ISBN 7-105-03028-3/I. 739

民文(维 141) 定价: 11.00 元